

3

دۇ يىڭنەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

دۇ يىڭتەي

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

## (3)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب جىلىن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林人民出版社 1999 年 9 月第 1 版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: مەسئۇت خالىت
ئىلغارجان سادىق

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى (3)

ئاپتورى: دۇ يىڭتەي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.75
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4320 — X/I.2009
سانى: 1—2000
باھاسى: 9.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاساسىي مەزمۇنى

ئامېرىكا XX ئەسىردىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور دۆلەت، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى دۇنيادىكى داڭدار ئەربابلار، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن ھەممە كىشى خەۋەردار ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارلامېنت ئەزاسى، بەزىلىرى ئادۋوكات، بەزىلىرى قورۇق ئىگىسى، بەزىلىرى ئەركىن ماقالە يازغۇچى، بەزىلىرى كىتاب تارقىتىش سودىگىرى، يەنە بەزىلىرى قەلەندەر بولۇپ كېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئاددىي كىشىلەردەك ياشىغان.

تەختتىن چۈشكەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا ياشاش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ كەسكىن رىقابەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەسلىدىكى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى بۇزۇپ تاشلاندى، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئوقۇشلۇق بولۇپ كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە

**ئون توققۇزىنچى باب فرېمونت شەھىرىدىكى ساخاۋەتچى بوۋاي**

— ئون توققۇزىنچى زوڭتوڭ روتېرفورد بورچارد خېس ...................................... 1

**يىگىرمىنچى باب ئېبورىن دېڭىز ساھىلىدا ئۆزۈلگەن روھ**

— يىگىرمىنچى زوڭتوڭ جامېس ئابرام گارفېيلد ...... 34

**يىگىرمە بىرىنچى باب ئۇ يەنىلا ئادۋوكاتلىقنى تاللىدى**

— يىگىرمە بىرىنچى زوڭتوڭ چېستېر ئاللان ئارتۇر ...................................... 62

**يىگىرمە ئىككىنچى باب ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە يېزىقچىلىق قىلدى**

— يىگىرمە ئىككىنچى زوڭتوڭ گروۋېر كلېۋېلاند ...... 94

**يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى شان-شەرەپ**

— يىگىرمە ئۈچىنچى زوڭتوڭ بېنجامىن خارىسسون ...................................... 122

**يىگىرمە تۆتىنچى باب بۇففالو يەرمەنكىسىدىكى قەستكە ئۇچرىغۇچى**

— يىگىرمە تۆتىنچى زوڭتوڭ ۋېليام ماك كېنلىي ... 148

يىگىرمە بەشىنچى باب تەستە ئەمەلگە ئاشقان ئېكسپې-
دىتسىيە چۈشى
— يىگىرمە بەشىنچى زۇڭتۇڭ تېئودۇر روزېۋېلت ··· 180
يىگىرمە ئالتىنچى باب تافتنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى
قەبرە يادنامىسى: مەن بۇرۇن ئادۋوكات بولغىنىمنىلا
بىلىمەن
— يىگىرمە ئالتىنچى زۇڭتۇڭ ۋىليام خوۋارد تافت
217 ················································
يىگىرمە يەتتىنچى باب نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا
ئېرىشكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى
— يىگىرمە يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ۋۇئودروۋ ۋىلسون ··· 244

# ئون توققۇزىنچى باب

# فرېمونت شەھىرىدىكى ساخاۋەتچى بوۋاي

## —— ئون توققۇزىنچى زۇڭتۇڭ رۇتېرفورد بورچارد خېس



رۇتېرفورد بورچارد خېس
1822 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى
ئوخىئو شتاتىدىكى فرېمونت شەھىرى-
نىڭ سىپگېل كەنتىدە تۇغۇلغان.
ئەجدادى شوتلاندىيىلىك، بوۋىسى تۆ-
مۈرچى، دادىسى ھاراق ئېچىتىش بى-
لەن شۇغۇللانغان، خېس قورساقتىكى
ۋاقتىدىلا دادىسى كېسەل سەۋەبىدىن
ئۆلۈپ كەتكەن؛

تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئون ئالتە
ياشقىچە تەربىيىلەنگەن خېس 1838 -
يىلى ئوخىئو شتاتىدىكى كېنيون
ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1842 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ،
شۇ شتاتنىڭ گولۇمبوس شەھىرىدىكى سىپارروۋ ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش
ئورنىدا قانۇن ئۆگەنگەن؛

1843 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىغا
ئوقۇشقا كىرگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن قانۇن ئىلمى بويىچە ماگىستىر-
لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم شۇ يىلى فرېمونتتا ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش

ئورنى ئېچىپ، ئادۋوكاتلىق ھاياتىنى باشلىغان. 1849 ـ يىلى سىسىناتىغا يۆتكىلىپ، داۋاملىق ئادۋوكات بولغان؛

1852 ـ يىل 12 ـ ئايدا لۇتسيې ۋېبر ۋېب خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1861 ـ يىلى ئادۋوكاتلىقنى تاشلاپ ھەربىي بولغان، دەسلىپىدە مايورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئىككىنچى يىلى نامسۇندىكى ئورۇشتا پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛ شۇ يىلى ئورۇشتىكى باتۇرلۇقى بىلەن برىگادا گېنېراللىقىغا تەيىنلەنگەن؛ 1865 ـ يىلى گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1865 ـ يىلى پارلامېنت ئەزاسى بولغان؛

1867 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئوخىئو شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1872 ـ يىلى ئاۋام پالاتا ئەزالىقى سايلىمىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گرانت ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرى بولغان؛

1875 ـ يىل 10 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم ئوخىئو شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1877 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئون توققۇزىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان؛

1881 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەختتىن چۈشۈپ يۇرتىغا قايتقان؛

1893 ـ يىلى يەتمىش يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## قار ـ شىۋىرغاندا شەھەرگە ماڭغان بوۋاي

1892 ـ يىل 12 ـ ئاي، ئوخىئو شتاتىدا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. سوغۇق ئېقىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە قىش كىرگەندىن بۇيان توختىماي شىۋىرغان چىقىۋاتاتتى.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قاق سەھەردە، بىر كونا پىكاپ فرېمونت شەھىرىنىڭ سىپىل كەنتىدىن ئون ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى فرېمونت شەھەر مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. پىكاپتا بومبا ساقال قويۇۋالغان ياداڭغۇ بىر بوۋاي ئولتۇراتـ

تى. ئۇ — مۇشۇ سىپگېل كەنتىدە تۇغۇلغان، كېيىن ئۆسۈپ ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولغان خىس ئىدى!

ئون بىر يىل ئاۋۋالقى 3 - ئايدا، خىس ئۆزى تۆت يىل تۇرغان ئاقسارايدىن چىقىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلىۋاتقان ھۆرمەت توپلىرى ۋە «يۇلتۇزلۇق بايراق» ناملىق لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كېيىنكى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ گارفېيلدنىڭ جەنۇبىي چىملىقتا ئۆتكۈزگەن تەنتەنىلىك ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئاقسارايىنىڭ ئاۋۋالقى خوجايىنلىرىغا ئوخشاش رەپىقىسى لۇتسىي ۋېير ۋېب ۋە بالىلىرىنى باشلاپ، ھازىرقى مۇشۇ پىكاپقا ئولتۇرۇپ، ئۆزى چوڭقۇر رىشتە باغلىغان پايتەخت ۋاشىنگتوندىن ئايرىلغانىدى. ئۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوخىئو شتاتىدىكى يۇرتى سىپگېل كەنتىگە قايتىپ بېرىپ، جىمجىت تۇرمۇشنى باشلىغانىدى.

خىسنىڭ ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، كېيىنكى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان چاغدا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئۇمىدسىزلىك ئەكس ئەتمىگەن؛ ئاقسارايدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۆزى ئۇچۇن بۇرۇن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەنلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندىمۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتقانىدى. چۈنكى، 1877 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇ ئاقسارايغا كىرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى كەلگۈسىدە كىمنىڭ زۇڭتۇڭ بولىدىغانلىقىنى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئالاھىدە كومىتېت ئۇنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلغان كۈنى ئۇ كۆپچىلىككە: «مېنىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشقا ئالاھىدە ئىشتىياقىم يوق! ئالاھىدە كومىتېت مېنى سايلىغانىكەن، بوپتۇ، مەن بولاي! لېكىن مەن بىرلا نۆۋەت ئىشلەيمەن، يەنى تۆت يىللا ئىشلەيمەن. كېيىنكى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقنى باشقىلار ئۆتىسۇن!» دېگەنىدى.

خىس تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن شۇنداق دېگەچكە، تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان چاغدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورنىنى بوشاتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىشى بىھاجەت ئىدى، يەنە كېلىپ سايلامدا مەغلۇپ بولدۇم دەپ قايغۇرۇپمۇ ئولتۇرمايتتى!

خىس زۇڭتۇڭ بولۇشنى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر خىل مەجبۇرىيەت دەپ تونۇغاچقا، ئاقسارايدىكى دەبدەبىلىك زۇڭتۇڭلۇق ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، تىپتىنچ پۇقراچە تۇرمۇشقا قايتىپ كەلگەن چېغىدا ھېچقانچە ئازابلىنىپ كەتمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ بۇنىڭغا ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

مانا ئەمدى ئاتمىش توققۇز ياشقا كىرىپ قالغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ كونا پىكاپىدا ئولتۇرۇپ خىرە كۆزلىرى بىلەن ماشىنا سىرتىدىكى قارلىق يولنىڭ شىۋىرغانلىق مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى، نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ۋاشىنگتوندىن سىپگېل كەنتىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا رەپىقىسى لۇتسىي بىلەن ماشىنىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قىلىشقان مۇنۇ قىزىقارلىق دىئالوگلار ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ياڭرىماقتا ئىدى:

— خىس، سىز ئاقسارايدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن ئايرىلىپ سىپگېلغا قايتىۋاتقىنىڭىزدا بىر خىل ئازاب ۋە چۈشكۈنلۈك ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

خىس كۆك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى چايقىدى:

— ياق، مەن ھېچقانداق چۈشكۈنلۈك ھېس قىلمىدىم! مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى خۇددى كاتتا بىر زىياپەتكە كېتىۋاتقاندەك ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى.

— باشقىلارنىڭ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىڭىز ئېچىشمىدىمۇ؟

— نېمىگە ئېچىشىدۇ؟ تۇرمۇش دېگەن ئويۇن قويغاندەكلا

بىر ئىش، بىرى چۈشسە، يەنە بىرى چىقىدىغان گەپ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەھنىسىدە تەڭرى ئاتا قىلغان ھەر خىل روللارنى ئېلىپ چىقىدۇ! زۇڭتۇڭلارنىڭ رولىغا چىقىدىغانلارمۇ ئۇزلۇكسىز يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، بۇ دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتوننىڭ دەۋرىدىلا باشلانغان كونا قائىدە! ھازىر تەڭرى زۇڭتۇڭنىڭ رولىغا باشقا بىر ئارتىسنى چىقىرىپ، مېنى سىپ-گېلغا ئارام ئېلىشقا قايتۇرغان تۇرسا، نېمىگە ئىچىم ئېچىشاتتى؟

رەيىقىسى يەنە سورىدى:

— سىز نېمىدېگەن ئۇمىدۋار! قەدىرلىكىم خىس، سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىز بىلەن ھېچنېمىگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدى-غان ئېسىلزادىلەرچە سالاپىتىڭىز كىشىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. لېكىن، سىپگېلغا قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

خىس كۈلۈپ قويدى:

— ئۇ مەن ئۈچۈن دەم ئېلىش، مەن ئەمدى ياستۇقنى قىرلاپ قانغۇدەك ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم!

— سىز دەم ئالىمەن دەپلا ئويلاۋاتامسىز؟ توغرا، دەم ئالى-سىز، لېكىن ئۇ ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان دەم ئېلىش - دە! سىزنى شۇ تاپتا قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— قايناق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئادەم تۇساتتىنلا دەم ئېلىشقا چىقسا، بۇ تۇرمۇشنىڭ يۇكسەك پەللىسىدىن بىراقلا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىلەن باراۋەر. سىز ئەمدى كۈندە بىكار، بۇنداق جىمجىتلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش بەك تەس!

— ياق، ئاشۇنداق كۈنلەر ياخشى!

— ياخشى؟ نېمىسى ياخشى؟ ئەمدى سىزنى ئالدى - كەينى-ڭىزدىن قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچىلەر يوق، ھۆججەتلەرگە تەستىق سېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغان كاتىپلىرىڭىزمۇ يوق، زىياپەت

ۋە تانسا كىچىلىكى دىگەنلەرغۇ ئابايلا يوق! سىز…
شۇنىڭغا چىدىيالامسىز، يوق؟

خىس رەيپقىسى لۇتسىيې خىنىمنىڭ چىرايىدىكى ئازابلىنىش ئالامىتىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن كەسكىن هالدا بېشىنى چايقاپ، هېچنېمىگە ئېرەن قىلمىغان قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن چىدىيالايمەن. چۈنكى يېنىمدا هەمىشە ئادەملەر شاپاشلاپ يۈرىدىغان ئۇنداق تۇرمۇشتىن، ئايىغى چىقمايدىغان زىياپەت ۋە تانسا كىچىلىكلىرىدىن ئاللىبۇرۇن بىزار بولغان. مېنىڭ هازىر ئىنتىلىدىغىنىم دەل سىزگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتقان ئاشۇ جىمجىت تۇرمۇش! لۇتسىيې، هېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ئەركىن - ئازادە تۇرمۇشتىنمۇ ئارتۇق راهەت بارمۇ؟ بۇ كۈننى كۈتكىنىمگە ئۇزۇن بولدى!

شۇ چاغدا رەيپقىسى لۇتسىيېنىڭ قايتا سوئال سورىماي، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يېزا يولىدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان ماشىنىدا ئۇنىڭغا گاڭگىراش نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكىنى هېلىمۇ خىسنىڭ يادىدا ئىدى.

— لۇتسىيې، مەن بارغۇ! قورقماڭ! كۈنلىرىمىز ئاقسارايدىكى ۋاقتىمىزدىكىدەكلا بەختلىك هەم خۇشال ئۆتۈۋېرىدۇ، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدىغان ئادەم ئەمەس!

خىس شۇ چاغدا رەيپقىسى لۇتسىيېغا ئەنە شۇنداق دەپ تەسەللى بەرگەنىدى.

مانا، ئون بىر يىلمۇ هەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. خىس سېپى ئۆزىدىن ئادەتتىكى بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. ماڭلىيىدىكى چاچلار پۈتۈنلەي چۈشۈپ، پېشانىسى پارقىراق تۇسكە كىردى. ياداڭغۇ چىرايىنى چوڭقۇر هەم ئىنچىكە قورۇقلار قاپلىدى، بولۇپمۇ ئېڭىكىدىكى قوڭۇر رەڭلىك چىگىش بومبا ساقىلى ئۇنىڭ قىرانلىقتىن قېرىلىققا قەدەم قويغانلىقىنىڭ، هو-

قۇقنىڭ يۇكسەك پەللىسىدىن پۇقرالار ئارىسىغا قايتىپ كەلگەنلى-
كىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

خىس ھەقىقەتەنمۇ قىرىپ ماكچىيىپ كەتكەنىدى! ئۇنىڭ
ئەينى يىللىرى ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيى ئالدىدا
ساراي قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىل-
غان چېغىدىكى روھلۇق سالاپىتىدىن ھازىر ئەسەرمۇ يوق ئىدى.
ئون بىر يىللىق ئىسسىق - سوغۇق ۋە يېزىدىكى جىمجىت تۇر-
مۇش ئۇنى ئادەتتىكى بىر پۇقراغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. شۇن-
داقتىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئۇمىدۋارلىق ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك ئۆزگەر-
مىگەنىدى.

— دادا، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن دوختۇرخانىغا بارايلى!

ماشىنا ھەيدەۋاتقىنى خىسنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خېيىسى-
مان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدا پاخپايغان چاچلىرىنى پاختىلىق
چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئورىۋالغىنىچە تىترەپ ئولتۇرغان دادىسىغا
قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭمۇ بېشى تاقىر، كۆزلىرى
كىچىك، يۈزى ئورۇق بولۇپ، بىرلا يېرى ئۇنىڭ بومبا ساقىلى
يوق ئىدى.

— دوختۇرخانىغا نېمە قىلغىلى بارىمىز؟ — دەپ سورىدى
خىس قارلىق يولدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماشىنا ھەيدەۋاتقان
ئوغلىغا گاڭگىراش نەزىرىدە قىيا بېقىپ.

— نېمە قىلغىلى بارىمىز دەمسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ كېسىلىنى
بىلمەمسىز؟ ئىككى يىل بۇرۇنلا ئاپام سىزگە فرېمونتقا ئىش
بېجىرگىلى بارغاندا دوختۇرخانىغا بېرىپ سالامەتلىكىڭىزنى بىر
تەكشۈرتۈپ بېقىڭ دېمىگەنمىتى؟ — دادىسىغا قايتۇرۇپ سوئال
قويدى خېيىسىمان قېيىدىغان تەلەپپۇزدا.

خىس خىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بەش
يىل ئىلگىرىلا سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىشقا باشلىغانلىقى، يۈ-
رەك سوقۇشىنىڭ نېمىشقىدۇر تېزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ

ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. ئۇ بەزىدە ئۇخلاۋېتىپ، يۈرەك سوقۇشى-
نىڭ بىردىنلا تېزلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ
كېتەتتى، ئاندىن نەپسى قىسىلىپ، قاتتىق يۆتىلەتتى. ئەينى
يىلى ئۇ رەپىقىسى لۇتسيې بىلەن سىپگېل كەنتىگە قايتىپ كەل-
گەن چاغدا، دادىسى كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ
قويغان يىگىرمە بەش ئاكر يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان ھەمدە
راۋۇرۇس بىر قورۇق ئىگىسى بولۇشنى ئويلىغان، ئۆزىگە يار-
دەملىشىپ ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىشىپ بېرەلەيدىغان بىر
تۈركۈم يىللىقچىنى ياللىۋالغانىدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا، ئۇ ئاشۇ
يىللىقچىلار بىلەن بىللە ئېتىزغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەمخۇش توپا
ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئېتىزلىقتا ئوغۇت تۆكۈپ يەر ئاغدۇرغى-
نىغا، ئورۇق چاچقىنىغا قاراپ تۇراتتى. ياز پەسلىدە، ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ كەڭ قىرلىق چىغ قالپاقنى كىيىۋېلىپ، يىللىقچىلار
بىلەن بىللە يايپېشىل ئېكىنزارلىقتا ئوت - چۆپ ئوتايتتى.
كۈزنىڭ ھوسۇل يىغىدىغان مەزگىلىدە، يېشى خېلى بىر يەرگە
بارغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ھوسۇل يىغىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بىلەن قارايتتى، لىققىدە ئاشلىق بېسىلغان ھارۋىلار ئۇنىڭ سىپ-
گېل كەنتىدىكى قورۇقىغا يېتىپ كەلگەندە، خىسىنىڭ كۆزلىرىدە
خۇشاللىق نۇرى جىلۋىلىنەتتى. بەزىدە ئۇ ھەتتا قولىغا گۈرجەك
ئېلىپ، يىللىقچىلار بىلەن بىللە ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئاشلىق
ئۇساتتى!
ھالبۇكى، خىس يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يىللىق-
چىلار بىلەن بىللە ئىلگىرىكىدەك ئېتىزغا بارالمايدىغان بولۇپ
قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كەتكەن
بولۇپ، بەزىدە سەللا تېز مېڭىپ قويسا، نەپسى قىسىلىپ،
ئەزايىدىن سوغۇق تەر ئېقىپ كېتەتتى. لۇتسيې خېنىم تېنى
شۇنداق ئاجىز تۇرۇپمۇ يەنە ھاسىسىغا تايانغىنىچە يىللىقچىلار
بىلەن بىللە ئېتىزغا كېتىۋاتقان ئېرىنى كۆرگەندە قىلچە يۈز -

خاتىر قىلماستىن ئۇنى مەجبۇرىي توسۇۋالاتتى!
سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىپ كەتكىنى خىسنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. لېكىن، ئوغلى خېيىسمان ئۇنىڭغا فرېمونتتىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ سالامەتلىكىنى بىر تەكشۇرتۇپ بېقىشى كې-رەكلىكىنى ئەسكەرتكىنىدە، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقىدى:
— ياق، مەندە ھېچقانداق كېسەل يوق! كېسەل بولمىغاندى-كىن، دوختۇرخانىغا بېرىپ نېمە قىلىمەن؟
— ھەي، سىززە!
خېيىسمان ياشنىپ قالغان دادىسىنىڭ ئاغرىقىنى يوشۇرىدى-غان ئادىتىدىن جاق تويغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ جاھىل بوۋاي-نىڭ ئالدىدا نائىلاج بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇھسىنىپ قويۇپ:
— پەقەت چۈشەنمىدىم، سىز ھازىر ئاتمىش توققۇز ياشقا كىرىپ قالدىڭىز، يەنە كېلىپ ھازىر سىز زۇكتۇك ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق فرېمونتتىكى ھېلىقى دارىلئېتامغا شۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يەنە ھېلىقى ساناتو-رىيىمۇ بار. ئېكىنزارلىقتىن ھەر يىلى مىڭ بىر جاپادا تېپىۋاتقان پۇللىرىڭىزنى ئۇ يەرلەرگە سەرپ قىلسىڭىز سىزگە نېمە پايدا تېگىدۇ؟ — دېدى.
خىس ئوغلىغا قاراپمۇ قويماي، قورۇق يۆتىلىپ قويدى.
— سىزنىڭ ئەسلىدىنلا نۇرغۇن پۇلىڭىز بولغاندىكىن، بايا-شات تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز بولاتتى.
خېيىسمان ماشىنىنى شۇۋىرغان ئىچىدە فرېمونت شەھىرىگە ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا يېنىدا ئولتۇرغان دادىسىغا دوق قىلدى:
— كىيىۋالغان كىيىمىڭىزگە قاراپ بېقىڭچۇ؟ سەككىز — توققۇز يىلدىن بۇيان مۇشۇ كونا تېرە چاپاننى كە-يىپ يۈرىسىز!...

— مەن... مۇشۇنداق يۇرۇشنى ياقتۇرمەن! — خىس ئوغلى-
نىڭ مەردانە ئەيىبلەشلىرىنى ئەنە شۇ گەپ بىلەنلا ئۈزۈۋەتتى.

— تۇرمۇش ئىشىڭىزنىڭغۇ بولدى دېمەي تۇراي، لېكىن
سىزدە كېسەل بارلىقى ئېنىق تۇرسا، دوختۇرخانىغا بارىدىغانغا
ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ؟ فرېمونتتى-
كى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى ئەستايىدىل بىر تەكشۈرتۈپ
باقسىڭىز بولمامدۇ؟

خېيسمان بۈگۈن فرېمونت شەھىرىگە بارغاندا، ياشىنىپ
قالغان دادىسىنى زورلاپ بولسىمۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ راۋۇ-
رۇس بىر تەكشۈرتۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدى! شۇڭا ئۇنىڭ
ئاۋازى بۆلەكچىلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى. بىراق خىسقا ھېچنېمە
تەسىر قىلمىغاندەك تۇراتتى.

## ئۇ رەپىقىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ياش تۆكتى

— توختات! ماشىنىنى دەرھال توختات! — شۇۋىرغانلىق
يولدا ئوغلىغا ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىماي ئولتۇرغان خىس
نېمىشقىدۇر ۋارقىراپ كەتتى.

ئوغلى خېيسمان دەرھال ئالدى تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.
خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىق يولدا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق
ئىدى. لېكىن، خېيسمان دادىسىنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىز ماشى-
نىنى توختات دېگىنىنى چۈشەندى. ئەسلىدە، ئالدى تەرەپتىكى
يولنىڭ ئون نەچچە مېتىر نېرىسىدا بىر قەبرىستانلىق بار ئىدى.
ئۇلار ماشىنىدا قار ئۇچقۇنلىرى ئارىسىدىن يىراقتا تىككىدە قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان قەبرە تاشلىرىنى ئېنىق كۆردى!

— مەن چۈشىمەن!

ياشىنىپ قالغان خىس ئۆلۈپ كەتكەن رەپىقىسى لۇتسىيىنىڭ
قەبرىسىنى كۆرگەنىدى! ئۇ ھەر قېتىم سىپگېل كەنتىدىن فرې-

مونت شەھىرىگە دارىلئېتامدىكى ھېلىقى يېتىم بالىلارنى، ساناتورىيىدىكى قېرى - چۈرىلەرنى يوقلىغىلى بارغاندا، چۆلدەرەپ تۇرغان مۇشۇ قەبرىستانلىقتا دائىم توختاپ ئۆتەتتى. ئالەمدىن ئۆتكەن قەدىناس رەپىقىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا بىر ھازا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز سېغىنىشىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ خىسنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بىر ئادىتى بولۇپ قالغانىدى!

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، يەنە كېلىپ قاتتىق شىۋىرغان چىقىۋاتقان بولسىمۇ، بوۋاي توختىماي ئۆتۈپ كېتىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى رولنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ئوغلىنى ھەيران قالدۇردى.

— دادا، قار بەك كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز...؟

ئوغلى قېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن دادىسىنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق شىۋىرغاندا ماشىنىدىن چۈشۈشكە ماقۇل دېگۈسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭچە بولغاندا، ھاۋا سەل ياخشىلانغان چاغدا تاشيول ياقىسىدىكى بۇ قەبرىستانلىققا كېلىپ، مەرھۇم ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدىغان پۇرسەت ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن ياشانغان خىس ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، جاھىللىق ھەم كەسكىنلىك بىلەن بېشىنى چايقىدى:

— ياق، بولمايدۇ! مەن ئاپاڭنىڭ قەبرىسىنى بىر يوقلىماي قانداقمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمەن؟

ئوغلى دادىسىنىڭ بېشىغا پاختىلىق بۆكىنى كىيىپ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، نائىلاج ماشىنىنى توختاتتى. دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئاجىزلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان دادىسىنى ماشىنىدىن يۆلەپ چۈشۈردى. ئاتا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

قار بىلەن ئورالغان بىر تۈپ قېرى دەرەخنىڭ ئاستىدا يالغۇز

بىر قەبرە تۇراتتى. قەبرە تېشىغا مەرھۇمەنىڭ ئىسمى: «لۇتسىيې ۋېير ۋىب — مېنىڭ ۋاپادار رەپىقەم، ئەمىن تاپقايسىز!» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان، ئاستىغا بولسا خىس ۋە ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى بىلەن بىر قىزىنىڭ ئىسمى ئويۇلغانىدى!

شۇۋىرغان كۈچىيىشكە باشلىدى. قېرى دەرەخنىڭ شاخلىرى بوراندا ئىرغاڭشىپ، غەلىتە ئاۋاز چىقىراتتى. خىس مەرھۇم رەپىقىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۈكۈتكە چۆكۈپ ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان تاتىراڭغۇ چىرايىنى نادامەتلىك ھېسسىيات قاپلىغانىدى. قوڭۇر رەڭلىك بومبا ساقىلى بوراندا يەلپۈنەتتى، قەلبىدە بولسا بىر خىل ئەسەبىي ھېسسىيات كۆز ئالدىدا ھەر يان ئۈچۈپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشاش مەۋج ئۇرماقتا ئىدى. «لۇتسىيې، سىز كۆپ جاپا چەكتىڭىز! ئەينى چاغدا سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ھازىرغىچە ياشىيالمىغان بولاتتىم، ئەلۋەتتە، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىمۇ بولالمىغان بولاتتىم!» دەپ پىچىرلىدى خىس ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ ھەر قېتىم بۇ قەبرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئاللىبۇرۇن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بۇ رەپىقىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى يادىغا ئالاتتى. ئۆزىنىڭ جاپالىق ياشلىق دەۋرىنىمۇ ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالاتتى. ئوخىئو شتاتىدىكى ھاراق ئېچىتقۇچىنىڭ بۇ يېتىم ئوغلى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. تاغىسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان، كېنيون ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن خىس تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىللىق بالا بولسىمۇ، ھەمىشە پۇلدار ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. كېيىن، خىس ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، كېنيون ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرىدىغان چېغىدا سىياسىي ساھەگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان يولنى: ئادۋوكات بولۇشنى تاللىۋالغانىدى! شۇۋىرغاندا لۇتسىيېنىڭ: «خىس، سىزنىڭ ئادۋوكات بولغۇدەك تالانتىڭىز

بار! ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ؟ بارلىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى ئەڭ دەسلەپتە ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاللىۋالغان! مېنىڭچە، سىزمۇ كەلگۈسىدە زۇڭتۇڭ بولالايسىز!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. گەرچە بۇ ئاۋاز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قەدەم قويغان خىسقا نىسبەتەن ناھايىتى يىراقتا قالغان، ھەتتا ناتونۇش ئاۋازغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا ئۇنىڭ قەلبىدە يېقىملىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولاتتى.

مەرھۇم لۇتسىيې بىلەن دەل مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق بىر كۈندە تونۇشقىنى ھېلىمۇ خىسنىڭ يادىدا ئىدى. ئۇ 1849 - يىلىدىكى بىر قىش پەسلى بولۇپ، قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن خىس ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيەلەيدىغان بىر يېڭى مۇھىتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزى ياش ۋاقتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان فرېمونت شەھىرىدىن ئايرىلىپ، ناتونۇش شەھەر سىنسىناتىغا كەلگەنىدى. چۈنكى، فرېمونت شەھىرى ھەرقانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمەي قالاتتى. خىس سىنسىناتىدا ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سېرىق چاچلىق، زەڭگەر كۆزلۈك بىر ساھىبجامال قىز ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىردى.

بۇ قىز — ۋېسلىيان قىزلار ئىنستىتۇتىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى، ئاقسۆڭەك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان لۇتسىيې ئىدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى تەنھا خىسنىڭ يېنىدا ئىللىققىنە باھار شامىلى چىققاندەكلا بىر ئىش بولدى.

ئەينى چاغدا ئەمدىلا ئىش باشلىغان خىس بىر قاچقۇن قۇلنى ئاقلايدىغان دېلونى قوبۇل قىلغان، بۇ دېلو كىچىككىنە سىنسىناتى شەھىرىدە كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇ چاغدا قۇللۇق تۈزۈمى مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى كەسكىن تالىشىۋاتقان نازۇك مەسىلە بولغاچقا، قۇللۇق

تۈزۈمنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىغان بىر قۇلنى ئاقلاشقا ھېچكىم ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ دېلونى قوبۇل قىلغان ئادۋوكاتتا چوقۇم دەرىجىدىن تاشقىرى جاسارەت بولۇشى كېرەك ئىدى! غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان خىس بۇ دېلونى ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلدى!

سىسىنناتى شەھىرى لەرزىگە كەلدى!

كۆپچىلىك ياش ئادۋوكات خىس توغرۇلۇق بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، لۇتسىي ئادۋوكاتلىق ئورنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— خىس، بۇ سىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئاقلىغۇچى بولۇشىڭىز ئىكەن، يەنە كېلىپ بۇ قاچقۇن قۇلنىڭ دېلوسىغا ھەممە ئادەم دىققەت قىلىشىۋاتىدۇ. مۇبادا سىز دەۋادا راستتىنلا يېڭىپ چىقسىڭىز، چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىسىز! — دېدى لۇتسىي خىسقا ئىلھام بېرىپ.

خىس ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى:

— بۇ گېپىڭىزنى چوقۇم ئۇنتۇمايمەن، دەۋادا چوقۇم يېڭىپ چىقىمەن!

سوت ئېچىلغان كۈنى سوت مەيدانى ئادەم بىلەن لىق تولدى. سىسىنناتى سوت مەھكىمىسىدە، خىس ئۆزىنىڭ ناتىقلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىملىق مۇنازىرىدە رەقىبىنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. ئۇ بىر قۇلغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغاچقا، بۇ دېلودا ئۇنىڭ يېڭىپ چىقىشى ھەقىقەتەنمۇ زور داغدۇغا قوزغىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتى كۈنسايىن ئاشتى. يېقىن ئەتراپتا سەللا تەسكە توختىغان دەۋا ئىشلىرى بولسا، كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. لۇتسىي ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ئىزچىل مەدەتكار بولۇپ كەلگەچكە، خىس سىسىنناتى شەھىرىدىكى داڭلىق ئادۋوكاتقا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى تېزلا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ غول-

لۇق ئەزاسى بولۇپ قالدى. 1858 - يىلى خىس سىنناتى
شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىشلىرى ئەمەلدارى بولۇپ سايلان-
دى ھەم شۇ يىلى ئۇ بۇ كىچىككىنە شەھەردە ئاق كۆڭۈل لۇتسىيې
بىلەن قىزغىن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولۇپ، تېزلا توي
قىلدى. كېيىن، گۈزەل ھەم ئەقىللىق لۇتسىيې ئۇنىڭغا كەينى-
كەينىدىن يەتتە ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغۇپ بەردى. مۇشۇنداق بىر
كۆڭۈللۈك ئائىلە سىياسىي ساھەدە يېڭى بىر يۇلتۇزنىڭ كۆتۈرۈ-
لۈپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. سۆيۈملۈك رەپىقىسى لۇتسىيېنىڭ
قوللىشى بولغاچقا، خىس جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى باشلانغان
چاغدا ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. خىسنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى
ھەربىيلىك ھاياتى ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ سىيا-
سىي ساھەسىدە داڭلىق بىر سىياسەتچى بولۇپ قېلىشىغا پۇختا
ئاساس سالدى. ئۇ ئىلگىرى پەقەتلا بىر ئادۋوكات ئىدى. لېكىن
ئۇرۇش داۋامىدا مايورلۇقتىن ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان گېنې-
رال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى.

«لۇتسىيې، سىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئەگەر سىز بولمى-
غان بولسىڭىز، مېنىڭ بۈگۈنۈم بولاتتىمۇ؟» دېدى خىس پىچىر-
لاپ ئۆز - ئۆزىگە. خىس ئاق كۆڭۈل ھەم ھېسسىياتقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مەرھۇم رەپىقى-
سىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ
ئاقسارايغا خوجايىن بولغان ئاشۇ سەلتەنەتلىك كۈنلىرىنى رەپىقى-
سى لۇتسىيې بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ
قارايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئال-
دىنقى سەپكە كەتكەن چاغلىرىدا باللىرى تېخى كىچىك بولۇپ،
سىنناتىدىكى ئۆيىدە ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى لۇتسىيې ئۆ-
زى يالغۇز ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇڭا، خىس كېيىن دۆلەت
ئىچىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق مەشھۇر گېنېرالغا ئايلانغاندا رەپى-
قىسى لۇتسىيېدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغانىدى!

قار ئۇچقۇنلىرى ئارىسىدا، خىس خىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، غۇۋا ئاسمان گۈمبىزىگە نەزەر سالدى. گويا مېھرىبان، ئەمما كەسكىن لۇتسىيې خېنىم بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك قاراپ كەتتى.

«لۇتسىيې، ماڭا ئەگىشىپ نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىڭىز، سىز زۇڭتۇڭنىڭ خانىمى بولغان بولسىڭىزمۇ، ئاقسارايدىكى ئاشۇ تۆت يىلدا ھەتتا بىر-رەر رومكا ھاراقمۇ ئىچىپ باقمىدىڭىز!» ئاق كۆڭۈل بوۋاي رەپىقىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى. ئۇ مەرھۇم رەپىقىسى لۇتسىيېنى بەكلا جاپا تارتقان دەپ ئويلاتتى. ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئايرىلىش مەزگىللىرىنىغۇ دېمەي تۇرايلى، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، خىس كېيىن پارلامېنت ئەزاسى ۋە ئوخئىو شتاتىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدىمۇ، لۇتسىيې ئېرىنىڭ ھوقۇق - مەرتىۋىسىگە تايىنىپ ئۆز-ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان ئىشنى قەتئىي قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى تەمكىن ھەم جەزبىدار، لاتاپەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خىسنىڭ نەزىرىدە ئۇ مەڭگۈ بىر گۈزەللىك ئىلاھى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ جۇغلانمىسى ئىدى! لۇتسىيېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە چېچەنلىكى ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەربىر ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن گېنېراللىققا ئۆسكەن ھەمدە ئوخئىو شتاتىدىكى چوڭ ھوقۇقدارغا ئايلانغان، كۈندە دېگۈدەك ھەر خىل زىياپەتلەر بولۇپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەقىللىق لۇتسىيې خېنىم باشتىن - ئاخىر ھاراق ئىچىش بىلەن تانسا ئويناشنى ئۆگەنمىگەنىدى. يالت - يۇلت قىلىپ تۇرغان چىراغ نۇرى ئاستىدا ئالىچىپار كىيىنگەن ئەر - ئاياللار لەرزان تانسىغا چۈشكەن چاغلاردا، لۇتسىيې بىر چەتتە جىمجىت قاراپ ئولتۇراتتى، سورۇندىكىلەرنىڭ خۇشاللى-

قىدىن مەست بولۇپ كەتمەيتتى؛ باشقىلار بەس - بەس بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرغاندا، ھەتتا تەملىك ھاراقلارنى ئىچىشىپ خۇش كەيپكە چۆمگەن چاغلاردىمۇ زۇكتوڭنىڭ بۇ گۈزەل خانىمى ھاراق رومكىسىغا كۆز قىرىنى سالماي، ئېغىر - بېسىق ھالەتتە ئولتۇراتتى.

«لۇتسيې، سىز باشقا خانىملارغا ئوخشاشمايسىز جۇمۇ! بۇنداق سورۇنلارغا ئارىلىشىشنىمۇ ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىپ قويۇڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ زۇكتوڭنىڭ خانىمى چوقۇم ئۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك!»

خىسنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئاقسارايدىكى يالتىراپ تۇرغان دۆلەت زىياپىتى زالىدا كاتتا سورۇن تەييارلاپ، زىيارەتكە كەلگەن گوللاندىيە ئايال پادىشاھىنى كۈتۈۋالغانىدى. مۇشۇنداق تەنتەنىلىك سورۇندا، زۇكتوڭنىڭ خانىمى بولغان لۇتسيې ئايال پادىشاھ بىلەن بىرەر رومكىدىن ئىچىشىپ قويمىسا، بەكلا قاملاشمىغان ئىش بولاتتى! شۇڭا خىس جاھىل رەپىقىسىگە يۇقىرىقىدەك جىددىي يوسۇندا نەسىھەت قىلغانىدى.

— ماقۇل، قائىدىنى بۇزاي!

لۇتسيې ئېرىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرى ئۇيۇشتۇرغان بۇ كاتتا زىياپەتكە ئۆزگىچە تۇس قوشۇشقا بەل باغلىدى.

ئەپسۇسكى، لۇتسيې ھاراق ئىچىشكە يەنىلا ئۇنىمىدى. بەلكى ھاراق رومكىسىغا لىمون شەربىتىنى قۇيۇپ، سالاپەتلىك گوللاندىيە ئايال پادىشاھى بىلەن قائىدە يۈزىسىدىنلا رومكا سوقۇشتۇرۇپ قويدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، زىيارەتكە كەلگەن ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ مۇخبىرلىرى زۇكتوڭنىڭ خانىمى لۇتسيېنى «لىمون شەربىتى لۇتسيې!» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى.

«قەدىرلىكىم لۇتسيې، روھىڭىز ئەمىن تاپقاي!» خىس

قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان شامىلىدا يېرىم سائەت سۈكۈتتە تۇر-
دى، پۈتۈن بەدىنى توڭلاپ تىترەشكە باشلىغاندا، ئاندىن سۈكۈتنى
بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. خىس شىۋىرغان
ئىچىدە مەرھۇم رەپىقىسىنىڭ قەبرىسىگە ئاخىرقى قېتىم بىر
قارىۋەتتى - دە، ئوغلى خېيسمانىنىڭ يۆلىشى بىلەن قەبرىنىڭ
يېنىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىدى، ئۈستۋېشىدىكى قارلارنى قې-
قىۋېتىپ، «فورد» ماركىلىق ھېلىقى كونا پىكاپىغا چىقتى.
ئوغلى ماتورنى قايتىدىن ئوت ئالدۇرۇپ، فرېمونت شەھىرىگە
قاراپ ئۇدۇل يۈرۈپ كەتتى.

## خىسنىڭ ئىككى ئۆمىدى — دارىلئېتام ۋە ساناتورىيە

فرېمونت شەھىرىنى قار توزانى قاپلىغانىدى.
يېشى بىر يەرگە بارغان سابىق زۇڭتۇڭ خىس ماشىنا ئەيند-
كىدىن قىشنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇرۇپ تۇرغان بۇ كونا شەھەرگە
نەزەر تاشلىدى. ئىلگىرى ساندۇسكى دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر
خېلى يىللاردىن بېرى سىياسىي دەتالاشلاردىن نېرى تۇرۇپ،
سەھرادا تىپتىنچ ياشاپ كەلگەن خىسقا ئىنتايىن تونۇش ئىدى.
تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقىللىق ھەم مېھرىبان خىس دادىسىدىن يېتىم
قالغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ شەھەرگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ناتىقلىقى
ۋە بىلىمىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغان، لېكىن تولد-
مۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ قولىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
دىپلومى، ئوخىئو شتاتىنىڭ سىپارروۋ ئادۋوكاتلار ئىش بېجد-
رىش ئورنىدا قانۇن ئۆگەنگەنلىك ئىسپاتى تۇرۇپمۇ، بۇ شەھەر
ئۇنى قارشى ئالمىغانىدى.

«ھەي، فرېمونت شەھىرى ماڭا بەك شەپقەتسىزلىك قىلد-
غان، شۇنداقتىمۇ مەن بۇ شەھەرگە ئامراق!» خىس ئوغلىنىڭ

ئەبجەق ماشىنىنى قارلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن كىچىك كوچىغا ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خىرە كۆزلىرىنى سەل - پەل يۇمغىنىچە ئادەم ئىنتايىن شالاڭ كوچىغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلىدى. خىس بۇ دۇنيانىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى كۆپ كۆرگەن، ھەر خىل ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەقىللىق بوۋاي ئىدى. فرېمونت شەھىرى ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا شەپقەتسىز-لىك قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئەزەلدىن غۇم ساقلىمايدىغان خىس بۇ كىچىك بازارنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقىقىغا تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل ھېسسىيات بىلەن قارايتتى.

خىسنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، 1845 - يىلى ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن چېغىدا ھازىرقى مۇشۇ ۋەيرانە كوچىدا ۋىۋىسكا ئېسىپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات يەلكىنىنى تۇرغۇزۇشقا تەرەددۇت قىلغاندى. بىراق، شەپقەتسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بۇ شەھەردە قەد كۆتۈرۈش ئىستىكىنى ناھايىتى تېزلا بەربات قىلىۋەتتى. ئېھتىمال، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ بەختسىز بىر يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى، تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە بىر قوللۇق تەربىيىلەنگەن بۇ بالىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دەۋادا يېڭىپ چىقالىشىغا ئىشەنمەگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئاچقان ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ھېچكىم كەلمەي، بوسۇغىسىنى توپا بېسىپ ياتتى.

خىس بۇ شەھەردە نەچچە يىل ئاشۇنداق بىكار ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاچچىقىدا ئۆزى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان سىسىنناتىغا كەتتى. دەرۋەقە، ئۇ يەردە تېزلا نام چىقاردى!

ئەسلىدە، خىس ئۆزىدىن بۇرۇنقى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزى ئەينى چاغلاردا تونۇلۇشقا باشلىغان شەھەرگە قايتىپ خىزمەت تاپسىمۇ ياكى شۇ يەردە مۆتىۋەر بولۇپ ياشىسىمۇ تامامەن بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ ئاق

كۆڭۈل ھەم خۇشخۇي بوۋاي فرېمونت شەھىرىنىڭ ئەينى يىللار-دىكى شەپقەتسىزلىكىنى كۆڭلىدە ساقلىماي، يەنە شۇنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى! ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى. يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنە «ئۆز ئۇۋۇرىنى تاپتى»!

— دادا، كەلدۇق!

ماشىنا كوچا بويىدىكى بىر كىچىك دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خىسنىڭ خىياللىرىنى بالىلارنىڭ خۇشال ۋارقىرىغان ئاۋازى ئۈزۈپ تاشلىدى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، بومبا ساقال قويۇۋالغان خىس ھېلىقى ھويلىدىن يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى بىر توپ قىز - ئوغۇللارنىڭ يۈگۈرۈپ چىققىنىنى كۆردى. گەرچە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ھەم شۇۋىرغان چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بالىلارنىڭ چىرايىدىن يەنىلا ئاجايىپ سەبىيلىك يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار خىسنىڭ ماشىنىدىن دەلدەڭلەپ چۈشۈۋاتـ-قىنىنى كۆرۈپ، گويا قاپقاراڭغۇ كېچىدە يورۇقلۇقنى تاسادىپىي بايقاپ قالغاندەك چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى يېقىن تۇغقىنىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغان بالىلارغىلا ئوخشايتتى!

— بوۋا، بوۋا، خىس بوۋا!

— بىزنى ئەجەبمۇ تەلمۈرتتىڭىز!

— بوۋا، بىزنى كۆرگۈڭىز كەلگەندۇر - ھە!...

بالىلارنىڭ چۈچۈك ئاۋازى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى! ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا خىسنى ئورىۋې-لىشتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ كىيىمىگە ئېسىلىپ، قولىدىن تارتسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىۋالدى، بەزىلىرى بولسا ئېتىلىپ بېرىپ بوۋاينىڭ بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. خىس نېمە قىلىـ-شىنى بىلەلمەي قالدى. بالىلارنىڭ سەبىي شوخلۇقلىرى ئارىسىدا بوۋاينىڭ چىرايىغا شادىيانە كۈلكە يامرىدى.

بۇلار بىر توپ ئىگە - چاقىسىز نارەسىدە يېتىم باللار ئىدى!

1881 - يىل 3 - ئايدا، خېس ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايدىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەپىقىسى لۇتسىي بىلەن بىللە قىلماقچى بولغان تۇنجى ئىش فرېمونت شەھىرىدە ئۆزى تېجىگەن پۇللار بىلەن بىر دارىلئېيتام قۇرۇش بولدى.

«لۇتسىي، قانداقلا بولمىسۇن بىز بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەككۇ! بولۇپمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك!»

خېس سىپكېل كەنتىدىكى كونا تۇرالغۇسىغا كېلىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا نېمە ئىش قىلىشى توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندى.

لۇتسىي ئويلانمايلا مۇنداق دېدى:

— كەنتىمىزدە يىگىرمە بەش ئاكر يېرىمىز بارغۇ؟ قىلىدىغان باشقا ئىشىمىز بولمىغاندىكىن، ئادەم ياللاپ، شۇ يەرنى ئېكىنزارلىققا ئۆزگەرتسەك بولمىدىمۇ؟

خېس باشتا بۇ پىكىرگە قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتتىيۇ، ئارقىدىنلا يەنە بېشىنى چايقىدى:

— تېرىقچىلىق قىلىشنىغۇ قىلىمىز، لېكىن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتمەن قورۇق خوجايىنى بولۇۋالغۇم يوق. قەدىرلىكىم لۇتسىي، قەلبىمنى چۈشىنىڭ، مەن ئاقسارايدىكى ۋاقتىمىزدا تېجەپ قالغان پۇللىرىمىز بىلەن يۇرتىمىزدا بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلسام ئىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ئوبدانراق بىر ئۆي سېلىۋالساق بولىدۇغۇ!

— ياق، هازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيىمىزمۇ خېلى ئوبدانغۇ؟ لۇتسىي، سىزمۇ ئۇنداق هەشەمەتلىك ئۆيلەرگە ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كەتمەيسىز.

— ئۇنداقتا كونا ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا بىر سۇ ئۈزۈش كۆلى

ياساتمامدۇق؟ سىز سۇ چۆمۈلۈشكە ئامراق، بۇرۇن دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى دەپ ئۇنىڭغا دېگەندەك ۋاقىت چىقىرالمىغانتىڭىز، ئەمدى بولسىمۇ قانغۇدەك چۆمۈلۈۋالماسسىز؟

— سۇ ئۈزۈش كۆلى ياساتساقمۇ ئاقسارايدا تېجىگەن پۇلىمىز يەنىلا ئېشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتىمىزنىڭ ئالدىدىلا بىر ئۆستەڭ بار، قاچان سۇغا چۆمۈلگۈم كېلىپ قالسا شۇ يەرگە بارساملا بولىدۇ ئەمەسمۇ.

لۇتسىي چېكە چاچلىرى ئاقارغان ئېرىگە گاڭگىرىغان ھالدا قاراپ قالدى. خىسىنىڭ زادى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۇ دەماللىققا پەرەز قىلىپ بولالمىغانىدى.

— مەن فرېمونتتىن بىر قورۇ - جاي سېتىۋالايمىكىن دەيمەن.

— نېمە قىلغىلى؟

— دارىلئېتام ئاچساق قانداق دەيسىز؟

— تولا خام خىيال سۈرمىسىڭىزچۇ؟

— ياق، مەن خېلى ئۇزاق ئويلىنىپ مۇشۇ قارارغا كەلدىم. لۇتسىي، تۈنۈگۈن مەن فرېمونتتىكى كوچىدا ئىگە - چاقىسىز بىرنەچچە بالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاتا - ئانىسى تاشلىۋەتكەتكەن، يەنە بەزىلىرى تۇغۇلغاندىلا يېتىم بولۇپ قالغانىكەن. ئەگەر بىز ئېشىنغان پۇلىمىزنى ساخاۋەتلىك ئىشقا سەرپ قىلىپ، ئاشۇ ئىگە - چاقىسىز بىچارە بالىلارغا تاماق يېگۈدەك ھەم ئۇخلىغۇدەك ئورۇن ھازىرلاپ بەرسەك، ياخشى ئەمەسمۇ؟

لۇتسىي خىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ھەم ئۇنى قوللىدى! ئۇلار ناھايىتى تېزلا فرېمونتنىڭ مەلۇم كوچىسىدىكى بىر خىرىستىئان دىنى چېركاۋىنى سېتىۋالدى. ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ چېركاۋ دەرھال بىر دارىلئېتام قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. خىس فرېمونتتىكى گېزىتتە يېتىم

باللارنى قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق ئېلان چىقاردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلگىرى تىپتىنچ تۇرغان بۇ قورۇ باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن قىزىپ كەتتى.

خىس پۇل چىقىرىپ قېرى قىزدىن ئىككىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى باللارنىڭ ياتاق ۋە تامىقىغا مەسئۇل قىلدى. ھەر ئايلىق ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرگىمۇ خىس ئۆزىنىڭ يېنىدىكى پۇلنى چىقىم قىلدى. ھازىر، بۇ دارىلئېتامىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئون يىل بولۇپ قالغانىدى. نۇرغۇن يېتىم بالا مۇشۇ قورۇدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئاندىن يەنە خىسنىڭ ياردىمىدە مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەملەرگە ئايلانغانىدى.

بۇگۈن خىسنىڭ ئەتراپىدا چۇرقىرىشىپ تۇرغان بۇ باللارنىڭ تەڭدىن تولىسى يېقىنقى بىر يىل مابەينىدە بۇ قورۇغا كىرگەن يېتىم باللار ئىدى. خىس ئامراقلىقى كەلگەن ھالدا ئاستا ئېڭىشىپ، بۇ بىچارە باللارنىڭ مەڭزلىرىگە بىر ـ بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى. مۇشۇ باللارنىڭ بۇگۈنكى ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ جاپا ئىچىدە ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرى يادىغا كېلەمدۇ، قانداق ئىشقىلىپ، ئۇ ھەر قېتىم بۇ دارىلئېتامغا پۇل ـ مال ئەكېلىپ بەرگىلى ياكى باللارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باققىلى كەلگەن چېغىدا، خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كۆرۈشەتتى، پاراڭلىشاتتى ياكى بولمىسا چۇشلۇك تاماقنى بىللە يەيتتى.

ئاشۇ قاتتىق شىۋىرغاندا، خىس يەنە فرېمونت شەھىرىنىڭ كانتېل كوچىسىغا جايلاشقان بىر ساناتورىيىگە كەلدى. بۇ، 1887 ـ يىلى خىسنىڭ ئېتىزدىكى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ تاپقان پۇلىغا يۇرتى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن يەنە بىر ساخاۋەتلىك ئىشى ئىدى.

شۇ يىلى، خىسنىڭ جان كۆيەر ھەمراھى لۇتسيې خېنىم

سىپگېل كەنتىدە كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى.

ئۇ ئەمدى بىرنەچچە يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش خىس بىلەن بىللە فرېمونتقا بېرىپ، خىس يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلغان دارىلئېتامنىڭ ئىشلىرىغا قارىشالمايتتى. خىس ھەر يىلى ئۆزىنىڭ ئېكىنزارلىقىدىن كىرگەن كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى لۈتسىيېنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا سەرپ قىلغاندىن سىرت، قالغان قىسمىغا فرېمونت شەھىرىدىن يەنە بىر قورۇ - جاي سېتىۋېلىپ، ئۇنى ساناتورىيىگە ئۆزگەرتتى. شۇ تاپتا بۇ ياشانغانلار ساناتورىيىسى خىسنىڭ سىپگېل كەنتىدىكى كونا ئۆيىدىنمۇ كۆركەم ۋە رەتلىك كۆرۈنەتتى. يوغان قورۇلۇق، چوڭ ئۈچ كورپۇس ئۆي جايلاشقان بۇ ساناتورىيىدە بېقىلىۋاتقان ئوتتۇزدىن ئارتۇق بوۋاي - مومايىنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بالىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان چېغىدا، ئاق كۆڭۈل خىس مۇشۇ ساناتورىيىگە ئەكېلىۋالغانىدى.

— خىس ئەپەندى، مۇشۇنداق شىۋىرغاندا سىزنى كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمىز.

— قەدىرلىك ئىنىم خىس، سىز بىزگە بەك كۆيۈنىسىز جۇمۇ!

— بىز بۇ يەردە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز!

— سىزنى قىيناپ قويۇپتۇق، مۇشۇنداق سوغۇقتىمۇ بىزگە پۇل ئەكېلىپ بەرگىلى كېلىپسىز!...

ئۇستىۋېشى قار، پۇتلىرى ماغدۇرسىز خىس ئوغلىنىڭ يۈلىشى بىلەن بوۋاي - مومايلار تۇرۇۋاتقان ئىللىق ئۆيلەرگە بىرمۇ بىر كىرىپ چىقتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ تونۇش چىرايلارنى كۆرگىنىدە، ئۇلار ئۇنىڭدىن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ كېتەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، بۇ قىشتىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇڭلار!

دۈمچىيىپ قالغان خىس ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، ياغاچ كارىۋاتتا ئولتۇرغان مويسىپىتلارغا سەممىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئەينى يىللىرى ئاقسارايدىكى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، سىرتقا قارىتا جاھىللىق بىلەن ھەربىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، دېڭىز ئارمىيىسىگە توختىماي ھەر خىل بۇيرۇقلارنى چۈشۈرگەن دۆلەت باشلىقى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان، ئۈچىسىغا كونا كالتە جۇۋا كىيىۋالغان، ئۆزلىرىگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ تۇرغان بۇ بوۋاينىڭ ئەينى يىللىرى ۋاشىنگتوندىكى پارلامېنت تېغىدا كۆپچىلىكنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قورۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنى ساموئا تاقىم ئاراللىرىغا ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈشكە ئەۋەتىشتە چىڭ تۇرغان باش جىنايەتكار ئىكەنلىكىنى ئۇلار تېخىمۇ بىلمەيتتى! ساموئا تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلىش پىلانى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇ چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىچارە بوۋاي ئاقسارايدا پارلامېنتقا كېڭەيمىچىلىكنى مەقسەت قىلغان «ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سودا ئىشلىرى نىزامى» نى دەرھال ماقۇللاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى! خىس ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە بۇ نىزام ماقۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇشۇ نىزامنى دەستەك قىلىپ، ھەر خىل سودا ۋاستىسى ئارقىلىق ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتاتتى، ساموئا تاقىم ئارىلىدىن كۆمۈر ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ھەدەپ بۇلاپ كېلىۋاتاتتى!

سىياسىي ساھەدىكىلەر تەرىپىدىن «كۆڭۈلچەك ئەپەندى»

دەپ ئاتالغان بۇ سىياسىي رەھبەر ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۆت يىل داۋامىدا مانا مۇشۇنداق خۇشخۇي قىياپىتى بىلەن ئىچكى سىياسەت ۋە سىرتقا قارىتىلغان دىپلوماتىيىدە قاتتىق قول سىياسەتچىلەر رېژىسسورلۇق قىلالايدىغان ئەنە شۇنداق بىر قاتار رەزىل ئويۇنلارنى ئويناپ چىققانىدى!

ئەمدىلىكتە خىس قېرىدى! ھازىر ئۇنىڭدا ئىلگىرى ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدىكى تەكەببۇرلۇق ۋە جاسارەتتىن ئەسەر يوق بولۇپ، قورۇق باسقان يۈزىدىكى تەبەسسۇم بۇرۇنقىدىن سەممىمىي، تېخىمۇ ئىللىق تەبەسسۇمغا ئۆزگەرگەنىدى. يۇرۇش - تۇرۇشتىن قىيىنىلىدىغان بۇ مويسىپىتلار ئۇنىڭ بۇرۇنقى تارىخىدىن خەۋەر تاپقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىران مەزگىللىرىدىكى ئارتۇقچە تەكەببۇرلۇقى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقىنى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. سەۋەبى، كىشىلەر ئاق كۆڭۈل خىسنىڭ تەقدىر - پېشانە تۈپەيلى زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان چېغىدا، شۇنىڭغا مۇناسىپراق ئىش قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق رەھىمسىز بولۇپ قالغانلىقىنى تامامەن چۈشىنىپ يېتەلەيتتى. بولمىسا، ئۇ ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا تۆت يىل ئولتۇرالايتتىمۇ؟!

— ھەرقايسىڭىزلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە بەخت تىلەيمەن!

خىس بۇ باشپاناھسىز بوۋاي - مومايلار بىلەن چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېدى. گەرچە تاماقنىڭ تۈرلىرى ئانچە مول بولمىسىمۇ، خىس ئۆزى كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ساناتورىيىنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالايىتەن فرانسىيىنىڭ «مارتېل» ماركىلىق داڭلىق ھارىقىدىن بىر بوتۇلكا ئەكېلىپ بەردى. خىس كەيپى خۇش ھالدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قەدىناس بولۇپ قالغان بۇ مويسىپىتلار بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلاشتى:

— قەھرىتان سوغۇق تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئويلاپ بېقىڭ-

لار، قش ئۆتۈپ كەتسىلا باھار كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

«مارتېل» ھارىقى ئىچىۋالغان خىس ساناتورىيىنىڭ دەرۋا-زىسىدىن چىقىپ، ماشىنىغا ئولتۇراي دېيىشىگە يۈرىكى ئاغقاند-دەك بولۇپ قالدى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بەدىنىد-دىكى يۈرۈشمەيۋاتقان قانلار بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. يۈرەك سوقۇشى ئۈشتۇمتۇت تېزلىشىپ كەتكەچكە، خىسنىڭ بېشى قاي-غاندەك بولدى! دەسلىپىدە ئۇ بۇنى كونا كېسىلىمغۇ دەپ ئويلى-دى. دېمىسىمۇ، نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ سىپگېل كەتتىدىكى چېغىدا بۇنداق ئەھۋال نەچچە قېتىم يۈز بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. كىم ئويلىسۇن، ئۇ دەلدەڭلىگەن پېتى ماشىنىغا ئەمدىلا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، قارغا گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى.

## ھاراق يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنى قوزغاپ قويدى

دوختۇرلار خىسنىڭ كېسىلىگە ناھايىتى تېزلا ئېنىق دىئاگ-نوز قويدى، ئۇ ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى!

بەختكە يارىشا، ئوغلى خېيسىمان دادىسىنى ناھايىتى تەس-لىكتە ساناتورىيىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر دوختۇرخانىغا ئې-لىپ باردى. ئەگەر ئۇ سەللا كېچىككەن بولسا، خىس نەچچە يىل ئىلگىرى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن رەپىقىسى روسىىغا ئوخشاشلا تۇيۇقسىز ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالغان بولاتتى!

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالغان خىس ئۆلۈم گىردابىدىن يەنە قايتىپ كەلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ھەم ئوغلى خېيسىمانغا مۇنداق دېدى:

— بۇ ناھايىتى ئېغىر كېسەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك

كېسىلىنىڭ بۇ قېتىم هاراق ئىچىش سەۋەبىدىن قوزغالغانلىق ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ كېسەل خېلى بۇرۇنلا پەيدا بوپتىكەن. بىراق، سىلەر ۋاقتىدا بايقىماپسىلەر، ۋاقتىدا داۋالاتماپسىلەر. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، هامان بىر كۈنى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان خېيىسمانىنىڭ قورققىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىتىپ كەتتى.

بىراق، خىستا هېچقانداق قورقۇش ئالامىتى كۆرۈنمىدى، ئۇ يەنىلا ئېغىر - بېسىق هالەتتە ئۆزىگە ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەزرائىلنى كۈتمەكتە ئىدى.

«هېچ ۋەقەسى يوق! چوڭ چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى مېنىڭ يۈرىكىم ئەزەلدىن ساق تۇرسا!» دەپ تەسەللى بەردى ئۇ ئۆزىگە. ئۇ جېنىم چىڭ دەپ ئويلايتتى، چۈنكى 1861 - يىلىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدا ئۇ نۇرغۇن خەتەرلەردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇرۇن ئادۋوكاتلىقلا قىلىپ، قورال دېگەن نەرسىنى تۇتۇپ باقمىغان خىس ئاشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئاجايىپ خەتەرلەردىن ئامان - ئېسەن چىققان، قىلىچ - نەيزىلەر يالتىراپ تۇرغان شىددەتلىك جەڭلەردىمۇ هېچنېمە بولمىغانىدى. بولۇپمۇ مارىلاندتىكى ئۇرۇشتا ئۇ كۆكرىكىگە ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن، قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، ئۆپكىسىنىڭ سول تەرىپى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن، كېسەل كارىۋىتىدا نەچچە كۈن بىهوش ياتقان، كېيىن خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، دەل ئاشۇ شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، پودپولكوۋنىكلىقتىن بىرىگادا گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى!

هازىرقى بۇنچىلىك كېسەلگە ئۇ ئۆلۈپ قالاتتىمۇ!

خىس هېلىقى ئەنگلىيە دوختۇرخانىسىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ يەردە يېتىپ داۋالىنىشى دېگەن سەممىي تەكلىپىنى رەت قىلىپ،

سىپگېل كەنتىدىكى كونا تۇرالغۇسىغا قايتىپ ئارام ئېلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ بىرمۇنچە پۇلنى ئىسراپ قىلغاندىن كۆرە تېپتىنچ ئۆيۈمگە قايتىپ دەم ئالاي دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى قۇرغان هېلىقى دارىلئېتام بىلەن ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە پۇل يېتىش-مەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

1893 - يىلىنىڭ يېڭى يىلىمۇ يېتىپ كەلدى.

سىپگېل كەنتى بۇ كۈنى كەچتە تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. قار يەنە لەپىلدەپ ياغماقتا ئىدى. تۈن پەردىسى يېيىلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، سىپگېل كەنتىدىكى كىچىككىنە دەرەخزارلىققا جايلاش-قان بىر ياغاچ بىنا — سابىق زۇڭتۇڭ خىس ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن، كېيىن بارلىق سىياسىي هوقۇقىدىن ئايرىلىپ، رەپىقىسى لۇتسىيە ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە تۇرغان بۇ كونا تۇرالغۇ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانىدى.

بىنادىكى بىرنەچچە ئېغىز ئۆينىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى. پىلدىرلاپ تۇرغان شام نۇرى ئىسىنىڭ دەستىدىن قارىداپ كەتكەن تاملارنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئېغىر كېسەلدىن جېنى ئامان قالغان خىس بۇ كۈندىن باشلاپ يەتمىش ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي بولۇپ قالغانىدى. يەتتە ئوغلى بىلەن بىر قىزى ئاشخانا ئۆيدىكى چوڭ يۇمىلاق تاماق شىرەسىدە خىسنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى، خىس ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئالاهىدە زىياپەت راسلاپ، يەنە بىر يېڭى يىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلى-كىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. گەرچە هازىر زۇڭتۇڭ چېغىدىكىدەك ئالا-هىدە شان - شۆھرىتى بولمىسىمۇ، ئاقسارايىنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى-دىكى دۆلەت زىياپىتى زالىدا ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك تەنتەنىلىك هاراق زىياپىتى ئۆتكۈزەلمىسىمۇ، سىپگېل كەنتىدىكى بۇ ئۆزگى-چە يېڭى يىل كېچىسى قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن خىسقا يەنىلا خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى.

«ھا، ھا... ھا! مەن سىلەرگە ھېچقانداق كېسىلىم يوق دېمىگەنمىدىم! »

خىس مەڭگۈ شۇنداق ئوچۇق ـ يورۇق ھەم ئۈمىدۋار ئىدى. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بۇ ئادەم ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ جاپالىق مەزگىللەرنىمۇ مۇشۇنداق كۈلكە ـ چاقچاق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى.

پىلدىرلاپ تۇرغان شام يورۇقىغا قاراپ، خىس ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ پارلاق مەزگىللەرنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى. ئۇ 1877 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە دەپ قارايتتى. چۈنكى، دەل شۇ كۈنى زۇڭتۇڭ خىس رەپىقىسى لۇتسىي ۋە بالىلىرىنى باشلاپ، ئاقسارايغا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە كەچۈرمىشلىرى باشلانغانىدى!

«مەن بۇرۇنلا ئاقسارايغا كىرىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە نېگىرلارنىڭ ھوقۇقى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. مەن تەدبىرلىك، سەمىمىي، ئۆزئارا تىنچ بولغان ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دېگەنىدىم! جەنۇبتىن قوشۇن چېكىندۈرۈش — مېنىڭ تىنچلىق سىياسىتىمنىڭ ئەڭ جانلىق گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ! »

خىس بالىلىرى تەييارلىغان نازۇنېمەتلەر بىلەن قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى چىملىقتا قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئىختىيارسىز ياڭراپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغىنىغا ئون ئىككى يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەينى يىلى ئۆزى قەسەم قىلغان ئىشلارنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا، ئۇنىڭ ياغاق چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلىنەتتى.

— ياق، كېسىلىم ساقايدى، مېنى ھاراقتىن توسماڭلار!
خىس بۈگۈن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ فرېمونتتا قارغا يىقىلىپ جان ئۈزگىلى تاس قالغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاق ھاراقتىن ئىچىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن بالىلىرى قىلچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشىنى توسىدى. خىس تېرىكىپ قالدى:
— بالىلىرىم، مېنى ھاراقتىن توساڭلار بولمايدۇ. چۈنكى مەن ھاراقتىن ئايرىلالمايمەن!
ئۇ بالىلىرىنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈشىگىمۇ قۇلاق سالماي، ئىككى قولىنى سوزۇپ ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى.
— دادا، سىزنى ئىچكىلى قويمىغىنىمىز ئەمەس، سىزنىڭ كېسىلىڭىز بار تۇرسا! يەنە كېلىپ خەتەرلىك يۈرەك كېسىلى تۇرسا!
بالىلار ئۇنىڭغا ئازراقمۇ يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— ياق، يالغان گەپ! مەندە نەدىمۇ خەتەرلىك كېسەل بولسۇن؟ يۈرىكىم ئەزەلدىن ياخشى تۇرمامدۇ!
خىس ھاراق خۇمارى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. فرېمونتتىكى ساناتورىيىنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ چۈشكىنى ئۇنىڭ يادىدا بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ئويلىغانسېرى ئۆزىگە بەكلا كۈلكىلىك ئىشتەك تۇيۇلغانىدى. ئۇ بالىلىرىغا:
— ئەگەر راستتىنلا يۈرەك كېسىلىم بولسا، بۈگۈنگىچە تىرىك ئولتۇرالامتىم؟ شۇڭا مېنى توسماڭلار! — دېدى.
بالىلار ئامالسىز قالدى.
خىس ھاراقتىن يۇتۇم - يۇتۇملاپ ئىچتى.
شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ روھلۇق ھېس قىلدى، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇنىڭ ياداڭغۇ، سارغۇچ چىرايىنى قىزىللىق قاپلىدى، بىر جۈپ مۇلايىم كۆزىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى

چاقناپ تۇراتتى، ئۇ مەست بولغانىدى!

تۇن يېرىم بولغاندا، ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقان خىسنىڭ
يۇرىكى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ كەتتى. خىس توختىماي ئىڭراشقا
باشلىدى. ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيگەچكە، تۆۋەنكى قەۋەتتە
ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى ئويغىتىۋەتتى.

ئۇلار ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ھۇجرىغا يىغىلغاندا، خىس ئاغ-
رىق دەستىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ، جان تالىشىپ ياتقانىدى.

سەھەردە، فرېمونتتىن چاقىرىپ كېلىنگەن دوختۇر يېتىپ كەل-
ۋاتقان قارىغا قارىماي، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا ئون ئىككى
چاقىرىم كېلىدىغان سىپگېل كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر تال
ئوكۇل سالغاندىن كېيىن، خىسنىڭ يۈرەك ئاغرىقى ناھايىتى
تېزلا پەسىيىپ قالدى. بىراق، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئادەتتە
خېلى تېتىك يۈرگەن بۇ بوۋاي دوختۇر ۋە بالىلىرىنىڭ قاتتىق
چەكلىشى بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن قالدى. ئۇ ناھايىتى ياۋاش-
لىق بىلەن كارىۋىتىدىن چۈشمەي ئولتۇراتتى. ئۆيدىن سىرتقا
چىقىشقۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چوڭ ـ كىچىك تەرەتنىمۇ
دوختۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە ئۆي ئىچىدىلا قىلاتتى.

— ماقۇل، بالىلىرىم، گېپىڭلارنى ئاڭلاي، ئەمدى قالايمى-
قان مىدىرلىمايمەن!

خىس ئەزەلدىن ئەركىن ـ ئازادە، ئۇمىدۋار ئادەم بولسىمۇ،
يېڭى يىل ئاخشىمى يۈرەك ئاغرىقى قوزغالغاندا ئىنتايىن قىيىن-
لىپ كەتكەچكە، بولۇپمۇ فرېمونتتىن كەلگەن دوختۇر ئۇنىڭغا
جىددىي تەرزدە چۈشەندۈرگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن راس-
تىنلا قورقۇپ قالغانىدى.

يېرىم ئايچە ۋاقىت ئەنە شۇنداق تىنچ ئۆتتى.

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، خىس چوڭ
تەرەت قىلىۋېتىپ، بەكرەك كۈچەپ سالغاچقا، يۈرەك ئاغرىقى
شۇ ھامان قوزغالدى. بالىلىرى ئۇنى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ

قويدى. كەچ سائەت ئالتە بولغاندا، خېيىسمان فرېمونتتىكى دوختۇرنى سىپگېل كەنتىگە چاقىرىپ كەلگەن چاغدا، قېرىپ ماجالىدىن كەتكەن خىس يۇرەك مۇسكۇلى زور كۆلەمدە تىقىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن ئاللىبۇرۇن جان ئۈزگەنىدى!

ۋاپات بولغان سابىق زۇڭتۇڭ خىس ئۇچۇن ئوخئيو شتاتىنىڭ فرېمونت شەھىرىدە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

پۈتۈن شەھەر ئاپئاق گۈللەر بىلەن تولغان، شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. خىسنىڭ تاۋۇتى سېلىنغان ماشىنا فرېمونت شەھىرىدىكى ئاساسلىق كوچىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭغاندا، بۇرۇن خىسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن يېتىم بالىلار مەيدىلىرىگە ئاق گۈل تاقاپ، يوپۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇلار بۇ ساخاۋەتچى بوۋاينى ئەڭ داغدۇغىلىق مىللىيچە مۇراسىم بىلەن ئۇزىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى يىغلىماقتا ئىدى. خىسنىڭ تاۋۇتى ھەربىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە قاردەك ئاپئاق گۈللەر چېچىلاتتى. مېيىت ئۇزىتىش ئەترىتى قەبرىستانلىققا ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلگەندە، خىسنىڭ تاۋۇتى ئاپئاق گۈللەرگە پۈركىنىپ كەتكەنىدى!

خىس ئالەمدىن ئۆتۈپ ئون يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ فرېمونت شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان سىپگېل كەنتىدىكى كونا تۇرالغۇسى كېيىنكىلەر زىيارەت قىلىدىغان خاتىرە سارىيىغا ئايلاندى، ئۇ يەردە ھازىرمۇ خىسنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يادىكارلىقلىرى ساقلانماقتا!

# يىگىرمىنچى باب

# ئېبورىن دېڭىز ساھىلىدا ئۈزۈلگەن روھ

## —— يىگىرمىنچى زۇڭتۇڭ جامېس ئابرام گارفېيلد



جامېس ئابرام گارفېيلد 1831 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئوخىئو شتاتىدىكى ئورىنچقا يېقىن بىر ياغاچ كەپىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات بولغاچقا، داڭق چىقارغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «ئامېرىكىدىكى ياغاچ كەپىدە تۇغۇلغان ئاخىرقى زۇڭتۇڭ» دەپ ئاتىغان. دادىسى كېمە خىزمەتچىسى بولۇپ، گارفېيلد تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن؛

1849 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئوخىئو شتاتىدىكى گىئوگا تېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، خىرام ئىنستىتۇتىدا ۋە ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ۋىلىيامس ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان؛

1858 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوخىئو شتاتىدىكى ئانا مەكتىپى خىرام ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كېلىپ، لاتىن تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان؛

1858 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لۇكرېتىيە رودولف خېنىم بىلەن توي قىلغان؛

1861 ـ يىلى قەلەمنى تاشلاپ ئەلەم بىلەن شۇغۇللانغان، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە-سىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك پولك كوماندىرى، پولكوۋنىك دەرىجە-لىك بىرىگادا كوماندىرى، پىيادىلار قوشۇنىنىڭ بىرىگادا گېنېرالى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن؛

1863 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلى-قى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن؛

1863 ـ يىل قىشتا ھەربىيلىكتىن چېكىنگەندىن كېيىن، فېدېراتى-سىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەربىي ساھەدىن سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان. ئۇدا ئون سەككىز يىل ئاۋام پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان؛

1880 ـ يىل 1 ـ ئايدا پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1880 ـ يىل قىشتىكى سايلامدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1881 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قەستكە ئۇچرىغان، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قىرىق توققۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ۋوگزال سۈپىسىدا تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ياڭرىدى

1881 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان قۇياش سۈپسۈزۈك ئاسماندىن ئاستا ـ ئاستا غەربكە پېتىۋاتقان چاغدا، ۋاشىنگتوننىڭ سىرتىغا جايلاشقان بالتىمور ـ پوتوماك ۋوگزالىغا تۇيۇقسىزلا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر يېغىپ كەتتى.

مۇھاپىزەتچىلەر ناھايىتى تېزلا ۋوگزال سۈپىسىدا سەپ ھا-سىل قىلدى، ئۇلارنىڭ قوراللىرى ۋوگزال ئىچىگە تۇتىشىدىغان ھەربىر كىرىش ئېغىزىغا توغرىلانغانىدى. بۇنداق جىددىي ھالەت ئادەتتە كۆپ كۆرۈلمەيتتى، ئۇ مۇھاپىزەتچىلەر تەرىپىدىن پويىز كۈتۈش زالىغا ۋاقتىنچە كىرگۈزۈۋېتىلگەن يولۇچىلارغا ناھايىتى مۇھىم بىر ئادەمنىڭ ھازىرلا بۇ ۋوگزالغا كېلىدىغانلىقىدىن بېشا-رەت بېرىپ تۇراتتى.

كەيپىيات بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەسكەر ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن پويىز كۈتۈش زالىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئەر ـ ئايال يولۇچىلار قىزىقىش تۈپەيلىدىن دېرىزە ئالدىغا قىستىلىپ بېرىپ، ۋوگزال سۇپىسىغا بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، كىشىلەر بەستلىك بىر ئەمەلدارنىڭ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنگلىيە پاسونىدا ياسالغان بىر پىكاپتىن چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى پەرەز قىلالمىغان بولسىمۇ، قاۋۇل، شۇنداقلا ئىلىم ئەھلىگە خاس سالاپەتلىك تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملىۋالدى.

ئۇنىڭ ئىسمى گارفېيلد ئىدى. ئەينى چاغدا تېلېۋىزورغا ئوخشاش ئاخبارات ۋاستىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پۇقرالار يېڭىدىن سايلانغان زۇڭتۇڭنىڭ ئىسمىنىڭ گارفېيلد ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. ھالبۇكى، بۇ زۇڭتۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان شۇ دەقىقىدە، ھېچكىم ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمىدى.

بۇگۈن گارفېيلدنىڭ رەڭگىرويى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەمدىلا قىرىق توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ زۇڭتۇڭ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ناھايىتى روھلۇق ھەم ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈنەتتى. بىر يىل ئاۋۋالقى يازدا، چىكاگودا ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتىنى سايلاش يىغىنىدا، كۆرسىتىلگەن نامزات ئىچىدە بۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ ياش، ستاژىمۇ تۆۋەن بولغاچقا، پەستە ئولتۇرۇپ ئاۋاز بېرىشكىلا قاتناشقان، زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى زور بولغان سابىق زۇڭتۇڭ گرانت بىلەن ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى بلايىن كۆپ قېتىم تالىشىپ نەتىجىسى بولمىغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ سىياسىي ساھەدە ئانچە كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئۆزىنى خۇددى ئويناشقاندەكلا سەھنىگە ئىتتىرىپ

چىقىرىپ قويۇشى گارفىيلدنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، شۇنداقلا گارفىيلدنىڭ ئۆزىنىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ ئوتتۇز ئالتىنچى قېتىملىق ئاۋاز بېرىشتە يەتتە يۈزئەللىك بەش ئاۋاز بىلەن نامزاتلىققا سايلاندى! بۇ ھەقىقەتەنمۇ چۆچەكلەردىكىدەكلا ئىش بولدى! ھالبۇكى، چۆچەكلەردىكىگىلا ئوخشايدىغان بۇ ئىش رېئاللىقتا ھەقىقەتەن يۈز بەرگەنىدى.

گارفىيلد پىژغىرىم ياز كۈنىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ يىلى قىشتىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئامېرىكىنىڭ يىگىرمىنچى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى!

ھازىر، گارفىيلدنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغىنىغا تۆت ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سىياسىي سەھنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ كىشىلەر تېخى بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن ئالاھىدە رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، كونا ناچار سىياسەتلەرنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلدى، ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى يېڭىلاپ، يېڭى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى يۈرەكلىك ھالدا ۋەزىپىگە قويدى، ئۇنىڭ بۇ بىر قاتار كەسكىن تەدبىرلىرى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. گارفىيلد بۈيۈك پىلانلارنى تۈزۈپ، ھاكىمىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇ ئاشۇنداق ئالدىراش يۈرگەن ۋاقتىدا توساتتىن ماسساچۇسېتس شتاتىدىن كەلگەن بىر پارچە تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەسلىدە، گارفىيلد ياش ۋاقتىدا ئوقۇغان ۋېلىيامس ئىنستىتۇتى بۇ يېڭى زۇڭتۇڭغا تەكلىپنامە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتى چىققاندا ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپىگە كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.

گارفىيلدنىڭ ئانا مەكتىپىگە چوڭقۇر رىشتى بولغاچقا، بۇ

قىزغىن تەكلىپىنى رەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ جىددىي بىر ئىشنى بېجىرىپ بولۇپلا، دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، گۈگۈمنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ئانا مەكتىپى ۋېلىيامس ئىنستىتۇتىغا بېرىپ كەلمەكچى بولدى. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇ ماسساچۇسېتس شتاتىدا ئاران بىر ئاخشاملا تۇرۇپ، ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى ۋېلىيامس ئىنستىتۇتىغا بارماقچى ھەم نۇتۇق سۆزلىمەكچى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە شۇ كۈنكى پويىزغا ئولتۇرۇپ، ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلمەكچىدى.

گارفېيلد ۋوگزال سۇپىسىدا تىككىدە تۇراتتى. كۆزلىرى يىراقلارغا تۇتىشىدىغان بىر جۈپ پارقىراق رېلىسقا تىكىلگەن بولۇپ، كۆڭلىدە بىر ئىشلارنى ئويلىغاچ پويىزنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

گارفېيلدنىڭ بۇنداق كەيپى چاغ بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بەك سېغىناتتى. ئەينى چاغدا، ئۇ تۆت بالىنىڭ كەنجىسى بولۇپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ دادىسى بىلەن دەرياغا بېلىق تۇتقىلى باراتتى، يەر تېرىيتتى، ئوتۇن كېسەتتى، ئاپىسى باشقىلارنىڭ كىيىمىنى يۇيۇپ بېرىپ تاپقان پۇلىغا تايىنىپ گارفېيلدنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى قامدايتتى. ئۇ ئۆزى تىرىشچان بولغاچقىلا، ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ۋېلىيامس ئىنستىتۇتىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى بولالىغانىدى. ئەينى چاغدا، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا مەكتىپىگە نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە، يەنە كېلىپ زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنارمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن گارفېيلد ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى!

— زۇڭتۇڭ ئالىيلىرى، پويىز ۋوگزالغا كىردى!

بىر مۇھاپىزەتچى ئىتتىك قەدەملەر بىلەن گارفېيلدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى-دە، زۇڭتۇڭنىڭ كۆرسەتمە بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— ياخشى! مەن ئانا مەكتىپىمگە قايتىپ بارىدىغان بولدۇم، بۇنى مەن پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدىم!

گارفېيلد ۋوگزالغا كىرىپ كېلىۋاتقان پويىزغا قارىدى. ئۇ شۇ تاپتا مۇشۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ، ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ئانا مەكتىپىگە بارىدىغىنىنى ئويلاپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇش بولۇۋاتاتتى.

گارفېيلد چەكسىز ھاياجان بىلەن پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرىپ توختىشىنى كۈتۈپ تۇرغان شۇ پەيتتە، ۋوگزال سۇپىسىدىن: «گارفېيلد، ساڭا ئوخشاش غەرەز چۈشەنمەيدىغان تايىنى يوق سىياسەتۋازنىڭمۇ بۈگۈنكىدەك كۈنى بولىدىكەن-ھە!» دېگەن قوپال ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

گارفېيلد ئاقسارايغا خوجايىن بولغاندىن بۇيان، يۇقىرى قاتلامدىكى ئەربابلارنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىنىلا ئاڭلاپ كەلگەن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بۇنداق يولسىزلارچە تىل تەگكۈزۈپ باقمىغانىدى.

بۇ كىمدۇر؟ شۇنداق رەسۋالارچە ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلغان زادى كىمدۇر؟ گارفېيلد غەزەپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى.

ئۇ ئىسسىقتا قىسقا يەڭلىك ئاق كۆڭلەك كىيىپ قاپقارا ساقال قويۇۋالغان، ئورۇق، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى كۈچلۈك ئاق ھاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوڭ قولىدا كۆك رەڭلىك بىر كاستۇمنى كۆتۈرۈۋالغىنىچە سەل-پەل دەلدەڭلەپ كېلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئىسمى-زاتى نامەلۇم بولغان بۇ ناتونۇش يىگىت ۋوگزال سۇپىسىنىڭ سول تەرىپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، پويىزغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان بۇ زۇڭتۇڭغا يېقىنلاپلا قالدى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئاقساراي مۇھاپىزەتچىلەرىنىڭ ھەممىسى داڭقېتىپ قالدى!

— سىز… كىم بولىسىز؟

گارفېيلد ئەتراپتىكى مۇھاپىزەتچىلەرگە كۆتۈلمىگەن بۇ مېھماننى دەرھال تۇسۇۋېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. چۈنكى، سىياسىي ساھەدە ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەۋاتقان گارفېيلد قورقۇنچلۇق بىر خەتەرنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىگە شىپقاپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ يىگىتنى تېخى بايىلا ھاراق ئىچىپ، ۋوگزالغا شالدىغىلى كەلگەن چېغى دەپ ئويلىدى. بۇنداق ئەھۋاللار ئادەتتە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى دەپ قارىلاتتى. زوڭتۇڭ بولغان ئادەم ئۇ يەردە «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ يۈرسە، كىشىلەرگە قورقۇنچاق ھەم يەڭگىلتەك كۆرۈنۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، گارفېيلد تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى.

— گارفېيلد، سەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان ئەجەب ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كەتتىڭغا! ئالاھىدە ھوقۇقلارنى نېمىشقا ئۆز يېقىنلىرىڭغا تۇتقۇزۇپ قويىسەن؟ قېنى دەپ باقە، نېمىشقا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەرلا ھوقۇق تۇتىدۇ؟

ئۇ ئادەم توختاپ قالماقتا يوق، ئەكسىچە گارفېيلدقا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. تېخى بايىلا ئۇنى ۋوگزالغا شالدىغىلى كەلگەن بىر ھاراقكەشمىكىن دەپ ئويلىغان گارفېيلد ئېسىنى شۇ چاغدىلا يىغدى. ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئوچقۇنى ۋە قوپال ئەيىبلەشلىرىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى سەگەك ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە يامان نىيەتتە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى تېزلا ھېس قىلغانىدى.

— توختا! جايىڭدا دەرھال توختا!

ۋوگزال سوپىسىنى قورشاپ تۇرغان ئاقسارايى مۇھاپىزەتچىدە-لىرى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بىر سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىنى، يوچۇن بىر ئادەمنىڭ ۋوگزال سوپىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر چاتقاللىقتىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان زوڭتوڭ گارفېيلدقا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغدىلا سەزدى ھەمدە ئۇنىڭغا دەرھال ۋارقىرىدى.
«پاڭ!»
ئەپسۇس، ئۇلار كېچىككەنىدى. مۇھاپىزەتچىلەر مەست قە-ياپىتىگە كىرىۋالغان ھېلىقى يىگىتنىڭ زوڭتوڭغا يېقىنلىشىشى-نى توساي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ قولىدىكى كىيىمنى چۆرۈپ تاش-لاپ، يېنىدىن شارتتىدە بىر تاپانچىنى چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭ قاپقارا ئاغزىنى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گارفېيلدقا توغرىلاپ ۋەھشىيلەرچە ئوق ئۈزدى.
گارفېيلد نېمىلا دېگەنبىلەن بىر پىشقان گېنېرال بولۇپ، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇن خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ كاستۇمغا يوشۇ-رۇۋالغان تاپانچىنى ئۆزىگە توغرىلىغانلىقىنى كۆرۈپلا ئوقنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغان ھەمدە ئىختى-يارسىزلا قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئوق ئۇدۇل كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تەگدى!
— قاتىلنى تۇتۇڭلار! قاتىلنى تېز تۇتۇڭلار!
ۋوگزال سوپىسىدىكى بارلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا تەرەپ ـ تەرەپتىن قاتىلغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلار قاتىلنى تېزلا تۇتۇۋالدى. كىم بىلسۇن، قاتىل تۇتۇلۇش ئالدىدا ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىدىن يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلىپ كەتتى!
«ئاھ!...»
گارفېيلدقا كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلار تەقدىر ـ پېشانىدەكلا تۇيۇلدى. بايا قولىغا ئوق تەگكەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال كەينىگە

ئۆرۈلۈپ، ۋوگزال سۇپىسىنىڭ يان تەرىپىگە بېرىپ يەرگە يېتىـ ۋالماقچى، شۇ ئارقىلىق چوڭ بالا ـ قازادىن ساقلانماقچى بولغاـ نىدى. بىراق كىم ئويلىغان، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلگەن شۇ دەقىقىدە يەنە بىر تال ئوق ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى.

ئۇنىڭ كېيىمى شۇ هامان قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. گارفېيلد يەرگە دۈم يىقىلدى.

## ئاقسارايدىكى جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى

بەدىنىگە ئىككى تال ئوق تەگكەن گارفېيلد مۇهاپىزەتچىلەر تەرىپىدىن ناهايىتى تېزلا ئاقسارايغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

شۇ كۈنى كەچتە، ۋاشىنگتوندا كېچىدە يورۇش مەنئى قىلىندى. زور بىر تۈركۈم قوشۇن بۇيرۇققا بىنائەن شىمالدىكى هەرقايسى شتاتلاردىن دەرهال ۋاشىنگتونغا كېلىپ يىغىلدى. ئادەتتە ناهايىتى تىنچ كۆرۈنىدىغان ۋاشىنگتوننى تۇيۇقسىز جىددىي كەيپىيات قاپلاپ كەتتى. هەر ئون قەدەمدە بىر كۆزەتچى، هەر بەش قەدەمدە بىر قاراۋۇل تۇرغۇزۇلدى. ئەسكەرلەر كوچىلارنى كېچە ـ كۈندۈز چارلاپ تۇراتتى. هەممە ئەتراپ قاتتىق مۇهاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، زۇڭتۇڭ لىنكولن قەستكە ئۇچرىغان چاغدىمۇ، ۋاشىنگتوندا بۇنداق ئەهۋال كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

بىراق، بۇ خىل جىددىي هالەت ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى زۇڭتۇڭ گارفېيلدنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئاخبارات ۋاستىلىرىگە زۇڭتۇڭنىڭ قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى سالامەتلىك ئەهۋالىنى ئېلان قىلغان چاغدا مۇنداق دېدى:

«زۇڭتۇڭ يېنىك يارىلاندى، هاياتىغا خەۋپ يەتمەيدۇ. ئاقسارايدا قىلىنىدىغان ئادەتتىكى ئوپېراتسىيىدىن كېيىنلا ساقىـ

يىپ كېتىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، زۇڭتۇڭ مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئا-
خىرلىرى نورمال خىزمەتكە چۈشەلەيدىكەن...»

فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان بۇ
باياناتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاشىنگتونغا كىرىپ ئورۇن-
لاشقان ھەرقايسى قىسىملار ئۆز جايىغا چېكىندى. ۋاشىنگتوندا
بۇرۇنقى خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلدى. ئاقسارايدىكى دۆلەت
رەھبىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر
7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى ۋەقەنى بىر ئورۇنسىز ساراسىمىچى-
لىك ئىكەن، گارفېيلد ھەرگىزمۇ لىنكولنغا ئوخشاشمايدۇ، قا-
تىلمۇ بىر قارا قورساق تەلۋە ئىكەن، ئۇ ئاتقان ئوق زۇڭتۇڭنىڭ
قولى بىلەن دۈمبىسىگە تەگكەن بولسىمۇ، گارفېيلدقا ئۆلۈم
خەۋپى ئەكېلەلمىگەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن،
پۈتۈن مەملىكەتتىكى جىددىيچىلىك تىنچىپ قالدى!

ھالبۇكى، تومۇزئىسسىقتا ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى-
نىڭ شەرق تەرىپىدىكى ھۇجرىدا ياتقان گارفېيلدنىڭ ئەھۋالى
ئاقساراي باياناتچىسىنىڭ ئېيتقىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئى-
دى! ئاقسارايدىكى بارلىق داۋالاش خادىملىرى ئىككى گۇرۇپپىغا
بۆلۈنۈپ، چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن گارفېيلدنىڭ يېنى-
دىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى. قاتىلنىڭ ئىككى پاي ئوقى زۇڭ-
تۇڭنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەن، لېكىن ئۇلارنى تىت -
تىت قىلغىنى، زۇڭتۇڭنىڭ ئوق تەگكەن قولى ياللۇغلىنىپ،
توختىماي يىرىڭلاپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئەينى چاغلاردىكى باك-
تېرىيىگە قارشى دورىلار بۇنداق ياللۇغنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە
تەلتۆكۈس يوقىتالمايتتى. گارفېيلد قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق
بەرمىسە بولمايتتى؛ ئاقسارايدىكى داۋالاش خادىملىرىنى ھەممى-
دىن بەك قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقىنى گارفېيلدنىڭ دۈمبىسىگە
كىرىپ كەتكەن ھېلىقى بىر تال ئوق ئىدى. ئەينى چاغدا رېنتگېن
نۇرى دېگەنگە ئوخشاش ئىلغار تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى تېخى كە-

شىپ قىلىنمىغان بولغاچقا، گارفىېلد قەستكە ئۇچراپ بىر ئايدىن كېيىنمۇ، ئۇلار ئۇ ئوقنىڭ نەق جايىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا مۇكەممەل بولمىغان ئۇ دەۋرلەردە، زور خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، گارفىېلدنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان چوڭ ئوپېراتسىيىنى قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى.

گارفىېلدنىڭ ھەر ھالدا ئەس - ھوشى جايىدا بولۇپ، ھاياتىغا ھازىرچە ئېغىر خەۋپ يەتمىگەنىدى، لېكىن نېمىشقىكىن، ئوق تەگكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سول پۇتى تۇرۇپلا مىدىرلىماس بولۇپ قالغانىدى.

ئاقسارايدىكى داۋالاش خادىملىرى ھەيران قالدى، ئەينى چاغدا ئوق زۇڭتۇڭنىڭ پۇتىغا ئەمەس، بەلكى دۈمبىسىگە تەگكەن تۇرسا، سول پۇتى نېمىشقا مىدىرلىماس بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭغا ئەڭ تەجرىبىلىك دوختۇرلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ بوككىنگخام سارىيىدىكى مەشھۇر دوختۇر تومنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە مەجبۇر بولدى.

توم كەلگەندىن كېيىن، كارىۋاتتا يېرىم بىھوش ھالەتتە ياتقان گارفىېلدنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ سول پۇتىنىڭ مىدىرلىماس بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى ئاخىر تېپىپ چىقتى. ئەسلىدە، قاتىل ئاتقان ئىككىنچى پاي ئوق گارفىېلدنىڭ دەل بېلىدىكى ئومۇرتقا سۆڭىكىگە تەگكەن بولۇپ، ئۇ يەر ئادەمنىڭ نېرۋا مەركىزى بولغاچقا، ئوق گارفىېلدنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، شۇڭا ئۇنىڭ سول پۇتى مىدىرلىماس بولۇپ قالغانىدى!

— بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك جاراھەت ئىكەن، بۇنداق ئومۇرتقا سۆڭەك ئوپېراتسىيىسىنى ئېلىپ بېرىش بەكمۇ تەس. چۈنكى، ئوپېراتسىيە ياخشى ئېلىپ بېرىلماي قالسىلا، زۇڭتۇڭنىڭ ھېلى-

غۇ سول پۇتىكەن، ھەتتا ئۇلىڭ پۇتىمۇ پۇتۇنلەي پالەچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!

تومنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاقسارايدىكى بارلىق داۋا-لاش خادىملىرى داڭقېتىپ قالدى.

— «ئۇنداقتا، مەن كۇندە مۇشۇ كارىۋاتتا ئۆلۈمۈمنى كۇ-تۇپ ياتامدىمەن؟»

گارفېيلد بۇنداق رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئۇ بۇرۇن ھەربىي بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى يىللاردا ئىزچىل ھالدا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ كەل-گەن، 1880 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇدا توققۇز قېتىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغان بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭدا باش-قىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدار بارلىقىدىن شۇنداق بولغان دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچلۈك ئىرادە بار بولغاچقا شۇنداق بولغان دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەينى يىلى ئۇ پارلامېنت مۇنبىرىگە چىققان چاغدا، بەزىلەر «ئۇ بۇرۇن ھەربىي بولغان، شۇڭا سىياسىي ساھەدە ئۇزۇنغىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دەپ قارىغانىدى. لېكىن، گارفېيلد ئۇنداق بولمى-دى. ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېزىقچىلىق قابىلىيىتى-نى يېتىلدۈردى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن يازغان ماقالىلىرى ۋە پارلامېنت مۇنبىرىدىكى نۇتۇقلىرى بىلەن مۇنازى-رىچى رەقىبلىرىنى يېڭىپ، سىياسىي ساھەدىكى كۆزنى چاقنىتى-دىغان چولپانغا ئايلاندى!

«نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ھېلىقى رەزىل قاتىل مېنى بىر پاي ئوق بىلەنلا جايلىۋەتكەن بولسىمۇ بۇنچىلىك ئازابتا قالمايتى-تىم. بىراق ئۇ مېنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى!»

كارىۋاتتا قىينىلىپ ياتقان گارفېيلدنىڭ كاللىسىدىن كەچ-مىگەن خىياللار قالمىدى. رەپىقىسى لۇكرېتىيەنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىدىن سول پۇتىنىڭ پۇتۇنلەي كاردىن چىققانلىقىنى

ئوقۇغان چېغىدا ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتىنىپ، كۆزىدىن تۇنجى قېتىم ئازابلىق ياش تۆكۈلدى. بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق قىي-نالغاندىن كېيىن، ئۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىغا مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆرە تۇرۇپ ياشاشقا رازىمەنكى، كارىۋاتتا يېتىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى خالىمايمەن. سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قانچىلىك بەدەل كەتسە كەتسۇن، دۇمبەمدىكى هېلىقى نەس باس-قان ئوقنى چىقىرىۋېتىڭلار.

— لېكىن، ئۇ ئوقنى ئېلىۋەتسىلا، ئوڭ پۇتىڭىزمۇ پالەچ بولۇپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر مەيۇسانە هالدا.

— پالەچ بولۇپ قالساممۇ مەيلى، ئۇ ئوقنى ئېلىۋېتىڭلار!

— ياق، ئۇنى ئېلىۋەتسەك بولمايدۇ! بولمىسا تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن!

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى هەم باشقا داۋا-لاش خادىملىرىنىڭ گېپى ئۆتمىگەندىن كېيىن، ئايالى لۇكرېتىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن گارفېيلد نائىلاج تىنچىپ قالدى.

ئاقسارايىنىڭ ئىچى ناهايىتى كۆركەم ۋە هەيۋەتلىك، شۇنداق-لا ئادەتتىن تاشقىرى تىنچىق ئىدى. گارفېيلد ياتقان كارىۋات دەل ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مەشهۇر زۇڭتۇڭ لىنكولن هايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن كارىۋات ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز لىن-كولننىڭ ئۆلۈمىنى ئەسلەپ قالدى! «مەن ئىككىنچى لىنكولن بولۇپ قالامدىم، نېمە؟» ئۇ چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئۆزىگە شۇن-داق سوئال قوياتتى.

بەدەنىنىڭ ئىچىدىكى ئوق كەلتۈرگەن ئازابنى قانداقلا بولمى-سۇن دورا ئارقىلىق تىزگىنلىگىلى بولسىمۇ، ئاۋغۇستنىڭ ئوت-تەك قىزىق هاۋاسى كارىۋاتتا مىدىرلىيالماي ياتقان گارفېيلدنى

ھەدىسىلا يامغۇردەك تەرگە چۆمدۈرۈپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە
ئارامسىزلاندۇراتتى.
— بىز زۇڭتۇڭغا ھاۋا تەڭشەپ بېرىدىغان ئەسۋابتىن بىرنى
دەرھال كەشىپ قىلمىساق بولمىدى. بۇنداق بولۇۋەرسە، زۇڭ-
تۇڭ ئاخىرقى قېتىن ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەي قالىدۇ! — دېدى مۇئا-
ۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر.
گارفېيلدنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا بەخت-
كە قارشى سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىدىن ئۇ كۆڭلىدە خېلى خۇش
ئىدى. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ قانۇنى بويىچە، ئۇ ئانچە ئۇزاق
ئۆتمەيلا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا زۇڭتۇڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى. بىراق، مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتا تۇرۇۋاتقان ئارتۇر
ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىپ ياتقان زۇڭتۇڭغا ھەممىدىن بەك كۆ-
ڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھەل قىلىش
مۇمكىن بولمايدىغان تەكلىپنى — يارىلانغان زۇڭتۇڭغا ھاۋا تەڭ-
شەش ئۈسكۈنىسى ياساپ بېرىش تەكلىپىنى شۇ بىرىنچى بولۇپ
ئوتتۇرىغا قويدى.
ئارتۇرنىڭ بۇ تەكلىپى ئەينى چاغدىكى ئەمەلىيەتتىن بەكلا
ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇنۇپ كۆرۈشكە ھەممەيلەن قوشۇل-
دى. ئالېكساندىر گراخام بېل بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسارايغا يۆتكەپ
كېلىندى. ئارتۇر تېخى يېقىندىلا ئىنسانلارغا تېلېفوننى كەشىپ
قىلىپ بەرگەن بۇ مەشھۇر ئالىمغا ئەڭ تېز سۈرئەت ئىچىدە
زۇڭتۇڭ ئۈچۈن «تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىتىش ئەسۋابى» ئىجاد قى-
لىپ بېرىشنى ئېيتتى. بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ ئىنتايىن زور سىيا-
سىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بېل ئوبدان چۈشىنەتتى.
شۇڭا، ئۇ ئىندۇكسىيىنىڭ تەڭپۇڭلۇق پرىنسىپىدىن پايدىلى-
نىپ، ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن خېلىلا
ئىلغار ھېسابلىنىدىغان تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىتىش ئەسۋابىنى ياساپ
چىقتى. بېلنىڭ بۇ كەشپىياتى دەرۋەقە زۇڭتۇڭ ياتقان ئۆينىڭ

تېمپېراتۇرىسىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى سالقىن هالەتكە كەلتۈردى. ئەپسۇسكى، گارفېيلدنىڭ ئەھۋالىدا قىلچە ياخشىلىنىش بولمايۋاتاتتى!

## قاتىلنىڭ مەقسىتى نېمە؟

گارفېيلد ئاقسارايدا دەممۇ دەم هوشىدىن كېتىپ، ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ياتقاندا، ئاقسارايغا پەقەت ئىككى ئىنگلىز مىل يىراقلىقتىكى بىر يەر ئاستى ئۆيدە ئەدلىيە مىنىستىرى باشچىلىقىدىكى توققۇز كىشىلىك بىر سوراق قىلىش گۇرۇپپىسى ھېلىقى تەلۋە قاتىلنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ سوراق قىلىۋاتاتتى.

سوتچى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

قاتىل:

— چارلس گۇتتېئاۋ.

سوتچى:

— كەسپىڭ نېمە؟

قاتىل:

— مەن چىكاگولۇق ئادۋوكات!

سوتچى:

— نېمىشقا ۋوگزالغا تۇيۇقسىز ئۇسۇپ كىرىپ زۇڭتۇڭنى قەستلىدىڭ؟

دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىملىق سوراقتا قاتىل چارلس گۇتتېئاۋ، «مەن باشتا هاراق ئىچكەنىدىم، كېيىن ۋوگزالغا مەقسەتسىزلا كىرىپ قېلىپ، ماسساچۇسېتس شتاتىغا نۇتۇق سۆزلىگىلى بارماقچى بولۇپ تۇرغان زۇڭتۇڭ گارفېيلدنى كۆردۈم. كاللام تازا جايىدا بولمىغاچقا يەڭگىلتەكلىك قىلىپ ئۇنى يارىلاندۇرۇپ قويۇپتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

گۋتتېئاۋ ئۆزىنىڭ مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا قاتىللىق قىلغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى. ھەربىي سوت ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق سوئاللىرى ئالدىدىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

سوتچى:

— زۇڭتۇڭنى بۇرۇن تونۇمتىڭ؟

قاتىل:

— مەن زۇڭتۇڭنى ئەزەلدىن تونۇمايمەن.

سوتچى:

— تونۇمىساڭ، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئوق چىقىرىسەن؟ ئەگەر كاللاڭ جايىدا بولماي قالايمىقان ئوق چىقىرىپ سالغان بولساڭ، ئوق ئەجەب ۋوگزال سۈپىسىدىكى شۇنچىۋالا مۇھاپىزەتچىگە تەگمەي قاپتۇغۇ؟ دېمەك، سېنىڭ زۇڭتۇڭغا دەل توغرىلاپ تۇرۇپ ئوق چىقىرىشىڭ ئۇنىڭ ئالدىن پىلانلانغان سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ!

گۋتتېئاۋ سوتچىنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب قايتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. سوتچى ئۇنىڭ قورالدىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىغاندا، ئۇ ئۇنى چىكاگودىكى بىر ۋاكالەتتىن سېتىش دۇكىنىدىن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ گېپى كېيىن ھەربىي سوت ئەمەلدارىنىڭ ئۇنىڭ روھىي مۇداپىئەسىنى بىتچىت قىلىپ، ھەممىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىيالىشىدىكى ئەجەللىك بىر يوچۇق بولۇپ قالدى.

چۈنكى، ھەربىي سوت ئەمەلدارلىرى چىكاگودىكى ئۇ دۇكاننى ناھايىتى تېزلا تېپىۋالدى. بىراق، دۇكان خوجايىنى ئىلگىرى گۋتتېئاۋنىڭ بۇ دۇكانغا كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. دېمەك، ئۇ گۋتتېئاۋغا قورال سېتىپ بەرگەنلىكىنىمۇ ئەسلا ئېتىراپ قىلمىدى.

ھەربىي سوت ئەمەلدارى چىكاگودىكى دۇكان خوجايىنىنى

ۋاشىنگتونغا چاقىرتىپ كېلىپ، قاماقتىكى قاتىل گۋىتتېئاۋ بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ بېقىشنى قارار قىلدى.

دۆكان خوجايىنى بىلەن يۈزلىشىش جەريانىدا، ئادۋوكات گۋىتتېئاۋنىڭ تىلى گاچىلىشىپ، ئەسلىي قىياپىتى تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. ھەربىي سوت ئەمەلدارىنىڭ كەسكىن ھۇجۇمى ئاستىدا، ھاراقكەش قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ قاتىلنىڭ كۆرەڭلىكى نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، پۈتۈن بەدىنى بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى.

گۋىتتېئاۋ ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭ گارفېيلدنى قەستلەشتىكى مەقسىتىنى ئاخىر ئىقرار قىلدى:

چارلىس گۋىتتېئاۋ ئىسىملىك بۇ ئادۋوكات ئەسلىي پارتىيە - گۇرۇھسىز، ئىش ئورنىنىڭ تازا تايىنى يوق ئادەم بولۇپ، ئوبدانراق بىر خىزمەت تېپىپ، ئۆزىنىڭ چىكاگودىكى نامرات ئادۋوكاتلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەيتىنى تاپالماي يۈرگەنىدى. 1881 - يىلى 3 - ئايدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن گارفېيلد ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىگە چىقىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان چېغىدا «دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك» سىياسىتىنى، شۇنداقلا نېگىر قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرگە سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بېرىشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى. بۇ چاغدا ئۇزۇندىن بۇيان يامان نىيەتتە يۈرگەن گۋىتتېئاۋ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا «مېنىڭ باش كۆتۈرىدىغان ھەم جەمئىيەتتىكى ئورنۇمنى ئۆزگەرتىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كېلىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

گارفېيلد تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گۋىتتېئاۋ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدە بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، گارفېيلدنىڭ ئىچكى كابېنت

ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى ئېلان قىلىنغاندا، گۋىتتېئاۋنىڭ ئەمەل-
دار بولۇش شېرىن چۈشى پۇتۇنلەي كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ ئۆزد-
نىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ
توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىپمۇ باقمىدى. ئەكسىچە يەنىلا ند-
يىتىدىن يانماي، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇش-
لۇق ئەلچىسى بولۇشتەك شېرىن خىيالنى سۈرۈپ يۈردى!

ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك ئىدى. چد-
كاگودىكى بۇ نامى چىقمىغان ئادەتتىكى بىر ئادۋوكاتنىڭ فېدېرات-
سىيە ھۆكۈمىتىدە بىرەر ئەمەلگە ئېرىشمەن دەپ ئويلىشى پەقەتلا
ئەقىلگە سىغمايتتى. زۇڭتۇڭ راستىنىلا گۋىتتېئاۋنى بايقاپ قال-
غان ھەم ئۇنى بىرەر ۋەزىپىگە تەيىنلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا
قويغان تەقدىردىمۇ، ئامېرىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي
مۇھىتىدا، پارتىيە - گۇرۇھسىز بۇنداق بىر ئادۋوكاتنىڭ زۇڭ-
تۇڭ مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچىلەر قاتارىغا كىرەلىشى ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كىشىنى ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى،
گۋىتتېئاۋنىڭ بۇ بىمەنە خىيالى كۆپۈككە ئايلانغاندىن كېيىن،
ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مەغلۇبىيىتىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى «دې-
موكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن زۇڭتۇڭ
گارفېيلدقىلا ئارتىپ قويدى!

مانا بۇ — قاتىل گۋىتتېئاۋنىڭ گارفېيلدنى قەستلەش نىيد-
تىگە كېلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا قورال كۆتۈرۈشىدىكى سەۋەب
ئىدى.

ئامېرىكا جامائەتچىلىكى قاتىلنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتتىن خادىملارنى ئىشلەتكەندە «پارتىيە - گۇ-
رۇھلار» غىلا ئېسىلىۋالىدىغان ناچار خاھىشنى ئۆزگەرتىشنى
تەلەپ قىلدى.

جامائەتچىلىكنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن ئەيىبلىشى ئاستىدا،

1881 ـ يىلى ۋاشىنگتوندىن ئىبارەت بۇ كۆڭۈلسىز شەھەر قىش پەسلىگــە كىــرەي دەپ تــۇرغان مەزگىلدە، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھەربىي سوت قاتىل چارلس گۇتتىيئاۋغا ئاشكارا ھالدا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى!

## ياز كېچىسىدىكى بىر قېتىملىق مەخپىي يۆتكىلىش

قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن لىق تولغان بىر مەخسۇس پويىز يازنىڭ تىپتىنچ بىر كېچىسى پايتەخت ۋاشىنگتوندىن يولغا چىقىپ، تۈن پەردىسى ئاستىدا يىراقتىكى يېڭى جېرسېي شتاتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ بىر قېتىملىق ئىنتايىن مەخپىي ھەرىكەت ئىدى. ھەردە. كەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئاقساراي خەۋەر تارقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق يوچۇقلارنى قاتتىق قامال قىلغان، سەۋەب، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر باشچىلىقىدىكى «زۇڭتۇڭنى داۋالاش گۇرۇپپىسى» دىكىلەر سۈيىقەستكە ئۇچرىغان زۇڭتۇڭ گارفىيلدنىڭ ئاقسارايدىكى دىمىقچىلىققا پەقەت چىدىيالمايۋاتـ قانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ۋاشىنگتوندىن يىراق بىر جايدىكى دېڭىز بويىغا مەخپىي يۆتكەش نىيىتىگە كەلگەن، گارفىيلدنىڭ رەپىقىـ سى لۇكرېتىيە ھاۋاسى سالقىن ئېبورىن دېڭىز ساھىلىنى ئېرىنى داۋالايدىغان ھەم ئارام ئالدۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىغانىدى.

گارفىيلدنى يېڭى جېرسېي شتاتىغا ئانچە يىراق بولمىغان ئېبورىن دېڭىز ساھىلىغا يۆتكەش جەريانىدا يەنە كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئارتۇر باشچىلىقىدىكى ئاقسارايىنىڭ ۋاقىتلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپى تەييارلىقنى ئىنتايىن پۇختا قىلدى. داۋالاش گۇرۇپپىسى مۇئاـ ۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇرنىڭ پىكرى بويىچە ئالدىنقى قېتىم زۇڭتۇڭ

گارفېيلدنىڭ پوتوماك ۋوگزالىدا قاتىلنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان-
لىقىدەك ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قېتىمقى مەخپىي يۆتكەش
ھەرىكىتىنى يېرىم كېچىدە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئېبو-
رىن دېڭىز ساھىلىغا بارىدىغان خادىملارنىڭ ئىچىدە ئاقسارايىنىڭ
بىر تۈركۈم خىللانغان مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ۋاشىنگتون ساقچىلى-
رىدىن باشقا يەنە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بار
ئىدى. لۇكرېتىيە خانىم بىلەن باللىرىمۇ زۇڭتۇڭغا ھەمراھ
بولۇپ يېڭى جېرسېي شتاتىغا قاراپ يول ئالدى.

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر ئاقسارايدا قېلىپ، فېدېراتسىيە
ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان
بولدى. دىپلوماتىيە جەھەتتىكى بارلىق تالاش - تارتىشلارنى ھەل
قىلىشقا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى مەسئۇل بولدى. شۇنداق
قىلىپ، زۇڭتۇڭ گارفېيلد ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇ-
قىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

گارفېيلد ئالاھىدە سەپلەنگەن بىر ۋاگوندا ئۇخلىغان بىلەن
ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا ياتاتتى. تونۇردەك قىزىپ كەتكەن ۋا-
شىنگتوندىن ئايرىلىپ، ھاۋاسى ساپ دېڭىز بويىغا بېرىپ داۋالى-
نىش دەل ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. چۈنكى، بەدەن ئېغىرلىقى بىر
يۈز يىگىرمە كىلوگرامدىن ئاشىدىغان گارفېيلد ۋوگزالدا سۇيى-
قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىككى پۇتى ھەرىكەت ئىقتىدارى-
دىن قالغان، دۇمبىسىدىكى ئوق تېخىچە ئېلىۋېتىلمىگەچكە، يە-
لىك بوشلۇقىغا كىرىپ كەتكەن ئوق ئۇنىڭ نېرۋىسىغا ھەر ۋاقىت
تەسىر قىلىپ، گارفېيلدنى چىدىغۇسىز ئازابقا دۇچار قىلىۋاتات-
تى، يارا ئېغىزى ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى
ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ يېنىك تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان
ۋاگوندا يېرىم بىھوش ھالەتتە ئىڭراپ ياتاتتى.

— جامېس، سىز ئۆلـۈۋېلىشـنى ئويلاۋەرمەڭ، سىزنىڭ
تېنىڭىز ئەزەلدىن ياخشى، چىشىڭىزنى چىشلەپ، بىر مەزگىل

بەرداشلىق بېرىلىڭ. تومۇز ياز ئۆتۈپ كەتسىلا، سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى لۇكرېتىيە ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئېرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ. ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، گارفېيلد ئاقسارايدا نەچچە قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق بۇ ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغانىدى. ئۇ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم، شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بۇنداق كېسەل ئازابىنى تارتىپ باقمىغانىدى. ئوقنىڭ ئازابىغا چىدىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، پىژغىرىم ئىسسىقتا مىدىرلىماي يېتىپ، تۈن بويى ئۇخلىيالماسلىقتەك ئازابقا ئۇ قەتئىي چىدىيالمىغانىدى.

«بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپلا تۈگەشكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ!» گارفېيلد ئەسلىدە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە جاسارەت بىلەن پارلاق كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ئادەم ئىدى. 1880 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى چوڭ سايلامدا، ئۇ بىر «قارا تۇلپار» دەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان ھالدا ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىگە بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ يۇقىرى ئابرۇيلۇق ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى بلايىن بىلەن شېرمان دەسلەپتىلا يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئەھۋالدا كېيىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئانچە تونۇلمىغان گارفېيلدنىڭ تۇيۇقسىز ئامىتى كەلدى ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىراقلا غەلىبە قىلدى. گارفېيلدنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇنىڭ تەلىيى، تەڭرى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئامەت ئىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتمەيلا، قاتىل گۇۋىتېئاۋ ئاتقان ئىككى پاي ئوق ئۇنىڭ بۇ ئامىتىنى بىراقلا يوق قىلدى! ئەزەلدىنلا خۇداغا ئىشىنىدىغان گارفېيلد ئۆزىنىڭ تەلىيىنىڭ كاجلىقىدىن ئاھ ئۇرۇش بىلەن بىللە كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈپ، بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەپ ياتاتتى.

«تەگرى مېنى مۇشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغان تۇرسا، يەنە ياشىشىمنىڭ نېمە هاجىتى؟» ئۇ بىر قېتىم كارىۋىتى يېنىدىكى دوختۇرنىڭ دىققەت قىلمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالىلىبۇ-رۇن ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان تاپانچىسىنى ئاستا سۇ-غۇرۇۋالدى.

— جامېس، نېمە قىلاي دەيسىز؟ بۇنداق قىلماڭ!

بەلكىم گارفېيلدقا ئۆلۈش پۇرستى تېخى كەلمىگەن بولسا كېرەك، ئۇ تاپانچىنى ئېلىپ، چېكىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ تەپكى-نى ئەمدى باساي دەپ تۇرۇشىغا، لۇكرېتىيە خانىم ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن گارفېيلدنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئاقسارايىنىڭ داۋالاش خادىملىرى، سېسترا ۋە مۇهاپىزەتچىلەر هوشيارلىقنى تېخىمۇ ئۆستۈردى، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈ-چۈن، ئۇلار زۇڭتۇڭ هۇجرىسىدا كېچە-كۈندۈز نۆۋەتچىلىك قىلدى.

بىراق، قەيسەر گارفېيلد ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەل-مىدى. ئۇ بۇ ئازابتىن، ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەن ئۆلۈم ۋەهىمى-سىدىن بالدۇرراق خالاس بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى. دىمىق هاۋا، چىدىغۇسىز ئاغرىق ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى ئۇنى ئىچ-ئىچىدىن قىينىماقتا ئىدى. گەرچە ئۇ شۇ تاپتا مەخسۇس پويىز بىلەن هاۋاسى سالقىن جايغا قاراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆلۈۋې-لىش خىيالى ئۇنىڭ كاللىسىدىن تېخى نېرى كەتمىگەنىدى!

«دېموكراتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقى مائارىپتا؟! هىم، قانداق دې-موكراتىيە، قانداق مائارىپ ئىكەن ئۇ؟ ئەگەر مەن دەسلەپتە دېموكراتىيىنى شۇنچە كۆچەپ تەشەببۇس قىلمىغان بولسام، ماڭا ئوق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى!»

گارفېيلد ۋاگوندا ئاستا ئۆيقۇغا كەتتى. ئۇ ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ، قەلبىدە شۇنداق غەزەپلىك ئاچچىق ئىدا قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق غەزەپلىنىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ سىياسىي سەھنىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىققاندىن كېيىنلا، خەلق ئۈچۈن بىر قاتار ياخشى سىياسەتلەرنى يولغا قويغان. «جەنۇبنى قايتا قۇرۇپ»، ئۇرۇشتىن قېپقالغان جاراھەتلەرنى ساقايتىش ھەم بىچارە نېگىر قۇللارنى تەلتۆكۈس ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن دېموكراتىيە بىلەن مائارىپنى چىڭ تۇتقانىدى. ئۇ لىنكولىن دەۋرىدىكى ئۇرۇش ھۆكۈمەت خەلققە بەرگەن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن پارتلىغان دەپ قارىغاچقا، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىدا مەملىكەت خاراكتېرلىك دېموكراتىيە ۋە مائارىپنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، «دې-موكراتىينى كۈچەيتىپ، مائارىپنى ئىلگىرى سۈرسەملا، دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق سىياسىي تالاش ـ تارتىشلار تۈگەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئۇ سۈيىقەستكە ئۇچرىدى! ... شۇڭا، گارفېيلد قاتىلنى ئىچىدە غەزەپ بىلەن تىللاۋاتاتتى.

ئۇ شۇنداق تىللاپ يېتىپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

## ئۇ قان زەھەرلىنىشتىن ئۆلدى

مەخسۇس پويىز ئاۋغۇست ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تاڭ سەھەردە يېڭى جېرسېي شتاتىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەرگىمۇ ئاقسارايدىن ئالدىن مەخپىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىۋې-تىلگەنىدى. جىمجىت ۋوگزالدا تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئەس-كەر ۋە ساقچىلار تىككىدە تۇراتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ، سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە، ۋاشىنگتوندىن كەلگەن مەخسۇس پويىز ۋوگزالغا كىردى.

شتات باشلىقى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار زۇڭتۇڭنىڭ يارد-
لىنىش سەۋەبىدىن بۇ يەرگە داۋالانغىلى كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە،
بۇ يەردىمۇ بىرەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ۋوگزالنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قاتتىق
مۇھاپىزەت ئاستىغا ئالغانىدى.

يېڭى جېرسېي شتاتى ۋوگزالىدىن ئېبورىن دېڭىز ساھىلىغا
بېرىشتا ئون نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى.
زۇڭتۇڭنى ئامان - ئېسەن ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن، يەرلىك
ئەمەلدارلار يول بويلىرىغا قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك تەدبىر-
لىرىنىمۇ قوللانغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئادەملەر كېچىلىك ئۇيقۇلد-
رىدىن تېخى ئويغانمىغان تاڭ سەھەر پەيتىدىن پايدىلىنىپ، زۇڭ-
تۇڭنىڭ ئالاھىدە ئەترىتىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئېبورىن دېڭىز ساھىلى ۋاشىنگتونغا ئوخشاشمايتتى. دول-
قۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز، دېڭىزدىن ئۇرۇلۇ-
ۋاتقان نەمخۇش ھاۋا دېڭىز بويىدىكى داچىغا جايلاشتۇرۇلغان
گارفېيلدنى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بۆلەكچىلا
سالقىن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى بىزارلىق كەيپىياتىمۇ ئاستا - ئاستا
پەسلەپ قالدى. ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايىنىڭ دىمىق ھاۋاسى گار-
فېيلدنى جاق تويدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئادەم ئۆزىنى ئوتنىڭ
ئىچىدە تۇرغاندەك سېزەتتى، ئېبورىن دېڭىز ساھىلى بولسا باش-
قىچە بىر دۇنيا ئىدى. زۇڭتۇڭ گارفېيلد ياتقان داچا قاتمۇ قات
مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، دولقۇن ياساپ قىرغاققا
ئۇرۇلۇۋاتقان دېڭىزدىن سالقىن شامال توختاۋسىز ئۇرۇلۇپ
تۇراتتى.

دېڭىز ساھىلىغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، گارفېيلدنىڭ
كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ، بۇ يەرگە
نېمىشقا بۇرۇنراق كەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنگەنىدى. چۈنكى، ئۇ-

نىڭ ياز كۈنىدە دېڭىز بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. بىراق، بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى، 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، يەنى گارفېيلد بۇ كۆپكۆك دېڭىز بويىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى، ئۇنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالدى!

«ئاھ... ئاھ... ئاھ...!»

تىمتاس كېچىدە، داچىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىن گارفېيلد-نىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەڭ دەسلەپ چۆچۈپ ئويغانغىنى زۇڭتۇڭنىڭ رەپىقىسى لۇكرېتىيە خانىم بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۇخلاۋېتىپ بۇنداق ئاۋازدا ئىڭرىغىنىنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇ قەۋەتتە تۇرۇۋاتقان نۆۋەتچى دوختۇر ـ سېسترا ۋە مۇھاپىزەتچىلەرمۇ دەرھال ئۆز ئۆيلىرىدىن چىقىپ، جىددىيلەشكەن ھالدا زۇڭتۇڭنىڭ ھۇجرى-سى ئالدىدىكى قاراڭغۇ كارىدورغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، گارفېيلدقا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچقايسىسى ئۇقمايتتى.

ھۇجرىدىكى چوڭ چىراغلار تەڭلا يورۇتۇلدى. بىرنەچچە دوختۇر بىھوش ھالەتتە ئاچچىق ئىڭراپ ياتقان زۇڭتۇڭنىڭ كارى-ۋىتى ئالدىغا كېلىپ، جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى.

گارفېيلدنىڭ پۈتۈن بەدىنى تۇيۇقسىزلا ئوتتەك قىزىپ كەت-كەنىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق زۇكام ئالامىتى بولمىسا، بۇنچىۋالا قىزىپ كېتىشكە يەنە نېمە سەۋەب بولغاندۇر؟

داۋالاش خادىملىرى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم جىددىي ئامال قوللاندى. ئاندىن، زۇڭتۇڭنىڭ قان ئەۋ-رىشكىسىنى ۋاشېنگتونغا خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا ئەۋەتتى. قانى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىسىلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پەرەزلىرىنى ئىلمىي ھالدا يەكۈنلەپ چىقا-لايتتى.

خىمىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ساقلىغان شۇ بىر كۈندە، زۆكتۆكغا ھەمراھ بولۇپ ئېبورىن دېڭىز ساھىلىغا كەلگەن بارلىق خىزمەتچى خادىملار ھەمدە زۆكتۆكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل جىددىيچىلىك ئەسىر قىلىۋالدى. گارفېيلدنىڭ رەڭگىرويى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئاقسارايدىكى دىمىقچىلىقتا قېينىلىپ، ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ ياتقاندىمۇ ئۇنىڭ رەڭگىرويى بۇنچىلىك ئوساللىشىپ كەتمىگەنىدى. يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى سالقىن دېڭىز ساھىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ، بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

گارفېيلد شۇ تاپتا چەكسىز چۈش دۇنياسىغا غەرق بولغاندەك ياتاتتى. ئۇ ئاشۇ بىھوشلۇق ئىچىدە ئۆزىگە تونۇش بولغان ياغاچ كەپىنى كۆردى. ئۇ گارفېيلد تۇغۇلغان جاي، ئوخىيو شتاتىنىڭ ئورىنج رايونىدىكى ئەتراپى تىككىدە تاغلار بىلەن ئورالغان كىچىك بىر كەنت ئىدى. گارفېيلد ئاشۇ كونا ياغاچ كەپىدە تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، قانالدا كېمە خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادىسى ئابرام ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن، گارفېيلد ئاپىسى ئېلىزا بىلەن ئۇ ياغاچ كەپىدىن چىقىپ، مىڭ بىر جاپادا كۇياخوگا ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى ھەمدە ئۇ يەردە ياشىنىپ قالغان ئاپىسى بىلەن تەڭ تەرلەپ - پىشىپ تېرىقچىلىق قىلدى.

«ياغاچ كەپە··· ياغاچ كەپە، مەن ئۇ يەرگە كېتىمەن! ···»

چەكسىز چۈش قوينىغا غەرق بولغان گارفېيلد ئەنە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئۇ چۈش قوينىدا ئۆزىنى گويا بالىلىق دەۋرىگە قايتىپ كەتكەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئىككى قولى ئاپئاق ئەدىيالنىڭ ئۈستىدە توختىماي تىترەيتتى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاق سەھەردە، ۋاشىنگتوندىن ئەكېلىنگەن خىمىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى دېڭىز ساھىلىدىكى داچىدا تۇرۇۋاتقان دوختۇرلارنىڭ قولىغا تەگدى. بۇ دوكلات ئۇلارنىڭ پەرىزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، زۇڭتۇڭ گارفېيلدنىڭ قېنىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان زەھەرلىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەنىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوختۇر، سېسترالارنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن ئۇ ئىلمىي ھالدا چىقىرىلغان رەھىمسىز يەكۈن ئىدى.

گارفېيلدنىڭ قېنىدىكى زەھەر باكتېرىيىسى قاتىل گۋىتتېئاۋ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئېتىپ كىرگۈزۈۋەتكەن ئوقتىن تارقالغانىدى. ئوقتا زەھەر بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ گارفېيلدنىڭ تېنىدىن تا ھازىرغىچە ئېلىۋېتىلمىگەچكە، قاننى پۈتۈنلەي زەھەرلەپ بولغانىدى. بۇ ئاقسارايدىن كەلگەن داۋالاش خادىملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خۇلاسىسى بىلەن ئوپمۇئوخشاش چىقتى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېچىسى، بىھوش ياتقىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان گارفېيلد تۇيۇقسىز شوك بولۇپ قالدى. نەپىسى جىددىيلىشىپ، قىزىتمىسى ھەددىدىن زىيادە ئۆرلەپ كەتتى. يۈرەك سوقۇشى دەممۇ دەم توختاپ قالاتتى. ئۇنىڭ كېسىلى ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى!

داۋالاش گۇرۇپپىسى ئاقسارايغا جىددىي ئۇقتۇرۇش يوللاشقا مەجبۇر بولدى! بۇ زۇڭتۇڭنىڭ كېسىلىنىڭ تۇيۇقسىز يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى!

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتە، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئارتۇر بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدىكى بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنى باشلاپ، چاقماق تېزلىكىدە نيۇجېرسىي شتاتىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېبورىن دېڭىز ساھىلىدىكى داچىدا بىھوش ياتقان زۇڭتۇڭنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋالماقچى بولغانىدى. لېكىن گار-

فېيلد ئاللىقاچان تىلدىن قالغانىدى!

گارفېيلدنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈندە، داۋالاش خادىملىرى زۇڭتۇڭنىڭ سېپتىسېمىيە كېسەللىكى سەۋەبىدىن داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى دەلىللىدى.

1881 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، گارفېيلد قان زەھەرلىنىش ۋە ئىچكى ئەزالىرى قاناش سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى!

ئىككى كۈندىن كېيىن، گارفېيلدنىڭ جەسىتى ئېبورىن دېڭىز ساھىلىدىكى داچىدىن ۋاشىنگتونغا پويىز بىلەن يۆتكەلدى. پارلامېنت تېغىدا ئەمدىلا قىرىق توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ زۇڭتۇڭ ئۈچۈن ھەيۋەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا زۇڭتۇڭ بولغان ئاللان ئارتۇر دەپنە مۇراسىمىدا ياشلا ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ زۇڭتۇڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى بىر مەشھۇر سىياسەتچى، مائارىپچى ۋە ھەربىي ئالىم دەپ ئاتىدى!

گارفېيلد قۇللۇق تۈزۈمگە قەتئىي قارشى تۇرغۇچى مەشھۇر رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختا مەڭگۈلۈك نام قالدۇردى!

# يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئۇ يەنىلا ئادۋوكاتلىقنى تاللىدى

## — يىگىرمە بىرىنچى زۇڭتۇڭ چېستېر ئاللان ئارتۇر



چېستېر ئاللان ئارتۇر 1830 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋېرمونت شتاتىدىكى فائېرفوردتا تۇغۇلغان. دادىسى شۇ جايدىكى بىلىمى بار ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئارتۇر بالىلارنىڭ بەشىنچىسى ئىدى، كىچىكىدىنلا چېۋەر، ئەقىللىق ئارتۇر توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە نيۇيوركقا يېقىن جايدىكى گرېنۋىچ كەنتىگە كۆچۈپ بارغان؛

1844 ـ يىلى سكېنېكتادى بازىرىدىكى لىيسېئۇم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان؛ 1848 ـ يىلى بىرلەشمە ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛

1849 ـ يىلى ۋېرمونت شتاتىنىڭ پوۋنال شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ھەمدە ئۆزلۈكىدىن قانۇن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 1853 ـ يىلى شىمالىي پوۋنال ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1857 ـ يىلى ھەربىي سوت ئەمەلدارى بولغان؛

1860 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولغان؛

1861 ـ يىلى نيۇيورك شتاتى ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛

1863 ـ يىلى بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، قايتىدىن ئادۋو-كاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1871 ـ يىلى نيۇيوركنىڭ تاموژنا تەپتىشى بولغان؛

1880 ـ يىل 11 ـ ئايدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1881 ـ يىل 9 ـ ئايدا زۇڭتۇڭ بولغان؛

1884 ـ يىلى داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن سايلامغا قاتناشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن نيۇ يوركقا قايتىپ، داۋاملىق ئادۋوكات بولغان؛

1886 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نيۇيوركنىڭ خىلۋەت كوچىسىدىكى چۈشكۈن ئادەم

تۈن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خودسۇن دەريا ئېغىزىغا يېقىن يەرگە جايلاشقان ئاۋات شەھەر نيۇيورك ئۆزگە خاس ئاۋات قىياپىتىنى يەنە نامايان قىلدى. رەڭگارەڭ چىراغلار ئېگىز بىنالاردا كەينى ـ كەينىدىن يورۇپ، مانختتون رايونىنى گويا رىۋايەتلەر-دىكىدەك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. بۇ — 1885 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى ئىدى.

يول بويىغا توختىتىلغان پىكاپتىن ئالاھىدە رەتلىك كىيىن-گەن ئوتتۇرا بويلۇق مۆتىۋەر بىر ئادەم چۈشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئارتۇر ئىدى! ئەگەر يېرىم يىلدىن ئىلگىرىكى چاغ بولسا، نيۇ-يوركنىڭ كەچلىك بازىرىدا ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايت-تى. چۈنكى، شۇ يىلى 3 ـ ئايدىن بۇرۇن، ئارتۇر ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى زۇڭتۇڭى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پۇقراچە كىيىنىۋالغان نۇرغۇن مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى. ئۇ بىرلا

ئىشارە قىلسا، پۈتكۈل كوچا شۇ ھامان جىددىي ھالەتكە ئۆتەتتى. پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھازىر ئارتۇر ئاقسارايىنىڭ بۇرۇنقى خوجايىنلىرىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئۈچ يېرىم يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە تەختتىن چۈشكەنىدى.

ئارتۇرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇش بولغان خۋال كوچىسى ئىدى. مانخاتتون ئارىلىنىڭ جەنۇبىي مەركىزىدىكى بۇ كوچا ئارتۇر ئەينى يىلى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ساھەسىگە قەدەم قويغان جاي ئىدى. 1853 - يىلى ئۇ شىمالىي پوۋنال ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، نيۇيوركقا كەلگەن چېغىدا، خۇددى بۈگۈن كەچتىكىدەك ئۆزى تەنھا ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر - بىرىدىن ئېگىز بىنالارنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىنى پايانى يوق بىر جىلغىغا كىرىپ قالغان يېتىم بالىدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئارتۇر ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ ئىگە - چاقىسىز تەنھا ۋاقىتلىرىدا نيۇيورك بىلەن تونۇشقان، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئۇ ئۆزى يالغۇز نيۇيوركقا كەلگەن چېغىدا، خۋال كوچىسىدىكى پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئالتە بانكىنىڭ بىرەرىدە ئىشلەپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە مالىيە ماگناتلىرى ۋېرمونت شتاتىنىڭ فائىرفورد رايونىدىن كەلگەن، بىرلەشمە ئىنستىتۇتتا ئەدەبىيات كەسپى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بۇ ئىقتىدارلىق ياش ئوقۇتقۇچىغا چىرايىنى ئېچىپمۇ قويمىدى.

شۇ يىلى ئارتۇر دەل مۇشۇ كوچىدا خىزمەت ئىزدەپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەنىدى. ئۇ مانخاتتون رايونىدىكى بارلىق كوچا - كويلارنى چۆرگىلەپ، ئارال رايونىنى تۇتاشتۇ-

رۇپ تۇرغان ئون سەككىز چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكنى پىيادە
ئايلىنىپ چىقتى، ئاندىن خۋال كوچىسىغا يېقىن بىر خالتا كو-
چىدىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى
تارتىدىغان بىر ۋىۋىسكىنى — «چېستېر ئادۋوكاتلىق ئورنى»
دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىنى ئاستى.
ئارتۇر پۇللار ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ يۈرگەن خۋال كوچىسى-
دا باي بولغۇدەك بىرەر خىزمەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى پەملى-
گەچكە، نائىلاج ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئاد-
ۋوكاتلىق ئىجازەتنامىسىنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ، پۇقرالار ئۇ-
چۇن ئەرز ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىدىغان ئادۋوكاتلىق يولىنى
تاللىۋالغاندى.
ئارتۇر ئۆزىنىڭ دەل مۇشۇ يەردىن تەرەققىي قىلىپ، ئامې-
رىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىسىگە چىقىدىغانلىقىنى
ئويلاپمۇ باقمىغاندى. نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. قىزغىن
كەيپىياتقا تولغان ئۇ دەۋرلەر خۇددى بىر تۇتەككە ئوخشاش كىچى-
كىدىن نامراتلىقتا چوڭ بولغان، بىراق قەلبىگە يۈكسەك
ئارزۇ - ئارمانلارنى پۈككەن بۇ سىياسەتچىنىڭ يېنىدىن جىمجىت-
قىنا ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ھوقۇقنىڭ يۇقىرى
پەللىسىدىن تۇيۇقسىز چۈشۈپ، خۇددى ئېزىپ قالغاندەكلا ئۆز
ھاياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ كەلگەن-
دى. ئارتۇر تۇن يورۇقىدا «گولبۇ» دەپ ئاتىلىدىغان خالتا
كوچىغا كېلىپ، ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقان
كونا ئۆينى ئىزدىدى.
ئارتۇر خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە خېلى بىر
ھازا ئىزدىگەندىن كېيىن، ئۆزى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان ھېلىقى
ئۆينى ئاخىر تاپتى. ھالبۇكى، نەچچە ئون يىللىق بوران -
چاپقۇندا ئۇ ئۆي پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئىشىك - دېرىزى-
لىرى چىرىپ، تاملىرى ئالىچىپار بولۇپ كەتكەن. قىسقىسى،

بۇ كونا ئۆي ھازىر ئاددىي بىر تۇرالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئارتۇر ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر ستولبىنىڭ ئاستىدا ئۆزۈنغىچە تۇردى. كەچ كۇزنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىدە ئۇنىڭ كۆڭلى سەل بىئارام بولغاندەك قىلاتتى.

«دۇنيانىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن تەڭسىز ـ ھە!» ئارتۇر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا ئۆزىنى ئامال بار سەزدۇرمەسلىك ئۈچۈن ستولبىنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇققا بېرىپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ گارفىيلد سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلگەننىڭ ئەتىسى ئۇ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىققان مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاقسارايدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق داڭلىق گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئۇنىڭ چوڭ سۈرىتى كەينى ـ كەينىدىن بېسىلغانىدى. شۇڭا كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى تونۇپ قېلىشى، «مۇشۇنداق كاتتا بىر ئەرباب بۈگۈن ئەجەب بۇ يەردە شۈمشىيىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ؟» دەپ توۋلاپ سېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. مۇبادا راستىنلا شۇنداق ئىش يۈز بەرسە، ئۆزىنى ناھايىتى غېرىب ھېس قىلىۋاتقان ئارتۇرغا تېخىمۇ ئېغىر كېلەتتى!

«مەن يەنە قايتا ۋەزىپىگە ئولتۇرالايتتىم، بىراق بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولارمەن دەپ ئويلىماپتىمەن!»

ئارتۇرنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. بۇ — سىياسىي ساھەدە ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئادەملەردىلا پەيدا بولىدىغان ياش ئىدى.

— كۆپچىلىك، مەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىمەن! دېمەكچىمەنكى، مەن گارفىيلد ئەپەندىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسىي نەتىجىلەرنى ياراتتىم!

ئارتۇر تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرە ھەمىشە ئۇنىڭ خىيالىدا ئەگىپ يۈردى. 1884- يىل يازدا، چىكاگودىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىلغان چوڭ بىر زالدا ئۇ ئۆزىگە تىكىلگەن سان - ساناقسىز كۆزلەرگە قاراپ تۇرۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ يەنىلا زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ چىكاگودا ئېچىلغان مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا ئۇ ئادەتتىكى بىر پارتىيە ئەزاسى ھېسابلىناتتى. ئۇ ئاقسارايدا داۋاملىق دۆلەت باشلىقى بولۇپ تۇرىمەن دەيدىكەن، ئەينى يىلى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق سايلىمىغا قاتناشقان ۋاقتىدىكىدەك ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلىدىكى بارلىق سىياسىي نەتىجىلىرىنى پارتىيە ۋەكىللىرىگە سەممىيلىك بىلەن دوكلات قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ئاۋازنى قولغا كەلتۈرۈشى زۆرۈر ئىدى.

— مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق زۇڭتۇڭلار ئىچىدىكى ستاژى ئەڭ قىسقا زۇڭتۇڭ ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن قابىلىيىتىمنىڭ ھەرقانداق زۇڭتۇڭنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمەن! — دېدى ئۇ نۇتۇق مۇنبىرىدە ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى ئاشكارىلاپ، — مەن قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي نەتىجىلەر ئىنتايىن كۆپ. شۇنداقتىمۇ ئەڭ مۇھىمى ئىككى. بىرىنچىسى، مەن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە پارلامېنتقا «پېندېرتون مۇلكىي ئەمەلدارلار قانۇنى»نى ماقۇللاتقۇزدۇم. بۇ قانۇن مېنىڭ تۆھپەم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇشۇ قانۇن يولغا قويۇلغاچقىلا، ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلار تەختكە چىققاندىن كېيىن يولغا قويۇپ كەلگەن «ئولجىنى بۆلۈشۈش تۈزۈمى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گارفىيلدنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى خەلقنىڭ بىر پارتىيىلا ھوقۇق يۈرگۈزۈش تۈزۈمىگە، زۇڭتۇڭنىڭ ھۆكۈمەت

ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئالدىغىلا تەيىنلەش خاھىشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندى. مەن تارىختىن قېپقالغان كونا تۈزۈملەرنى ئۈزۈل - كېسىل يېڭىلاپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ گۇرۇھۋازلىق قىلىشتەك رەزىل ۋاستە بىلەن زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش ئۈچۈن ئۇ قانۇننى ماقۇللاتقۇزدۇم. مانا بۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان سىياسىي نەتىجىسى!

سەھنىنىڭ تۆۋىنىدە ئانچە - مۇنچە چاۋاك ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالغاندىن باشقا ھېچقانداق قىزغىن ئىنكاس بولمىدى. ئارتۇر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى سۇسلۇققا قارىماي، ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدا داۋاملىق سۆزلەۋەردى:

— بۇ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭنىڭ ئىككىنچى تۆھپىسى شۇكى، ئۇ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ھەممىڭلارغا مەلۇم، مېنىڭ ئالدىمدا ئۆتكەن بىرنەچچە زۇڭتۇڭ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق نەتىجىلەرنى ياراتتى، لېكىن ئۇلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇشقا بىردەك سەل قارىدى. مەن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە دېڭىز ئارمىيىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىزدەك بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئاران يىگىرمە تۆت دانە ئۇرۇش پاراخوتى بار ئىكەنلىكىنى چۆچۈگەن ھالدا بايقىغانىدىم! بۇ پەقەتلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىگە يەتمەيدۇ دېگەننى كىم تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان؟ دېڭىز ئارمىيىسى ئاشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدە دۇنيانى سورىشىغا كىم ئىشىنەلەيدۇ؟ شۇڭا، مەن زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ھېچنېمىگە قارىماي پارلامېنتقا نۇرغۇن پۇل تەستىقلاتقۇزدۇم! ھازىر پەخىرلىنىپ

تۇرۇپ شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ! بۇمۇ مېنىڭ تۆھپەم!…

ئاڭلىغۇچىلار ئارتۇرنىڭ دوكلاتىغا يەنىلا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتتى، پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرلا ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرىتىپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاۋاز بېرىش باشلاندى. ئۇنىڭ رەقىبى بلايىن سىياسىي ساھەدە ۋاي دېگۈدەك ھېچقانداق نەتىجە قازىنال-مىغاندى، لېكىن ئۇ نۇتۇق سۆزلىگەندە ئادەتتىن تاشقىرى قىز-غىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئاۋاز بەرگەن چاغدا، يەنە شۇ بلايىن ئۇستۇن ئورۇننى ئىگىلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىككى يۈز يەتتە ئاۋازغا قارشى بەش يۈز قىرىق بىر ئاۋاز بىلەن ئارتۇرنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغان نامزاتلىق ھوقۇقىغا ئېرىشتى!

«بەكلا ئادالەتسىزلىك بولدى! نېمىدېگەن چاكىنىلىق بۇ، ھېچ چۈشەنمىدىم، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ماڭا نېمىشقا بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىدىغاندۇر!» ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇش ئارزۇسى يوققا چىققاندىن كېيىن، ئارتۇر ئاقسارايغا بېكىنىۋې-لىپ، نەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قوللىمىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولغانىدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋەتكە قېلىشىغا زادى نې-مىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئارتۇر پەقەتلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ بىرنەچچە كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈپ، بۇ پاسسىپ ۋەزى-يەتنى قانداق ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندى. بىراق ئۇ كېچىككەنىدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئەزالىرى ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە توغرا باھا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئىنتا-يىن سوغۇق مۇئامىلە تۇتتى.

«مەن گەرچە ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بول-

غان بولسامۇ، نىمىشقا مەغلۇپ بولغانلىقىمنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمەن! » 1885 ـ يىلى يېڭى يىل يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئارتۇر ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى تولىمۇ ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

ئارتۇر تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىگە بىر ئويلىنىش پۇرستى قالدۇرۇش ئۈچۈن، كۈندە دېگۈدەك پارلامېنتتىكى كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن مەخپىي پاراڭلاشتى. ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكى بۇ ئەربابلار جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى دەتالاشلار ۋە ئادىل بولمىغان سايلام توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنە شۇ چاغدىلا ھوقۇقىنىڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇرغان ئارتۇر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە كۆپرەك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئويلىمىغان يەردىن باشقىلارنى رەنجىتىپ قويغانىدى.

«ئەستا، مەن نېمىدېگەن دۆت! »

ئارتۇر ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزىگە نۇرغۇن ياخشىلىق قىلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نيۇيورك شتاتىدىكى كاتتىۋېشى كونكلىننىڭ ئۆزى تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپلا پەردە ئارقىسىدا ئۆزىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى پىلانلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ھالدا بايقىدى.

ئارتۇر ئەينى ۋاقىتتا تەختكە چىققاندا، ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقىشىغا ياردەم قىلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نيۇيورك شتاتىدىكى كاتتىۋېشى كونكلىنغا بىرەر مىنىستىرلىك ئورنىنى بېرىپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. بىراق، ئارتۇر ئەينى چاغدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ گارفېيلدنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىق ساۋىقىنى بەكلا چوڭقۇر قوبۇل قىلىۋالغاچقا، يەنە كېلىپ، زۇڭتۇڭلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇ-

قىنى چەكلەيدىغان «پېندېرتون مۇلكىي ئەمەلدارلار قانۇنى» نى تۈزۈش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن باشلىماقچى بولغان، شۇڭا كونكلىننى بىرەر ۋەزىپىگە قويۇش خىيالىدىن ۋاز كەچكەن، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاك ئوبرازىنى تىكلىمەكچى بولغانىدى. بىراق، بۇ قىلمىشىنىڭ جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ پاك ئوبرازىنى تىكلىشىگە قىلچە ياردىمى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كونا بۇرادىرى كونكلىننى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!

«ھەي، مەن نېمە ئويۇن ئويناۋاتىمەن؟»

ئارتۇر خۇۋال كوچىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان ھېلىقى خىلۋەت كوچىدا تۇراتتى، كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى سەل - پەل تىترىگەندەك بولدى.

## ئۇ يەنە ئادۋوكاتلىقنى تاللىدى

ئارتۇرنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى يەنە تىجارەت باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنى نەچچە ئون يىل ئاۋۋالقى ھېلىقى «چېستېر ئادۋوكاتلىق ئورنى» دىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى پەقەت بىر كوچىلا ئايرىپ تۇراتتى!

ئارتۇر بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقى «چېستېر ئادۋوكاتلىق ئورنى» دېگەن كونا نامنى قوللانغاچقا، يەنە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ ئارتۇر نيۇيوركتا داۋاملىق ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى تىجارەت باشلىغان كۈندىن باشلاپلا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتتى: بۇ يەرگە دەرد - ھالىنى ئېيتقىلى كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

«ئارتۇر ئەپەندى، بىز ئۇچۇن ھەقىقەتنى ياقلاپ بەرسىڭىز!»

«سىز بۇرۇن زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم، شۇڭا سىزدە چوقۇم بىزنىڭ ئەرزىمىزنى باشقا ئاچقالىغۇدەك ئالاھىدە ئىقتىدار بار!»

«ئەگەر بىزنىڭ بۇ دەۋادا يېڭىپ چىقالىشىمىزغا ياردەم قىلسىڭىز، قانچە پۇل كەتسە بىز رازى!»

......

ئارتۇر ئادۋوكاتلىق كەسپىنى قايتا باشلىغان ئاشۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ قېشىغا ئادەملەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئۈمىدكە تولغان ئاشۇ خۇشخۇي چىرايلار تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن سوغۇق مۇئامىلىگە يەتكۈچە ئۇچرىغان ئارتۇرنىڭ قەلبىنى يېڭىدىن ئىللىقلىققا چۆمدۈردى. ئۇ سىياسىي ساھەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئۆزىنىڭ كېرىكى قالمىغىنى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېتىقادىنىڭ يەنىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«كۆپچىلىك، خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنىڭ ئەرزىڭلار ئامېرىكىنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن بولسىلا، سىلەرگە راستتىنلا ئۇۋال قىلىنغان بولسىلا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سىلەر ئۈچۈن ھەققانىيەتنى ياقلايمەن!»

ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن دەرد ـ ھالىنى ئېيتىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە قاراپ، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق خىتاب قىلدى، ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىغا تولغانىدى.

سىياسىي ساھەنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدىن تۇيۇقسىزلا خەلق ئارىسىغا چۈشۈپ قالغان ئارتۇر بۇ مۇھىتقا بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدى. بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاشۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ نەزىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارىغان چېغىدا، سىياسىي ساھەدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېلىپ چىققان بىنورمال روھىي ھالىتى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى.

ئارتۇر تىجارەت باشلىغان دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە، ئىشخانىسىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قاينام - تاشقىنلىقتا تولۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا بۇرۇنقى غەم - ئەندىشىسىز پۇقرالىق تۇرمۇشىنى ئەسلىتىپ قويدى. 1856 - يىلى ئارتۇر نيۇيوركتا تۇنجى قېتىم خۇسۇسىي ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئاچقان ۋاقتىدا، ئۇنى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىشنى ھېچكىم خالىمىغانىدى. كېيىن، قىلغىلى ئىش يوق، بوسۇغىسىنى توپا بېسىپ ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خېلى داڭلىق ئادۋوكاتلارمۇ قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىغان بىر قاچقۇن قۇلنىڭ دېلوسىنى قوبۇل قىلدى.

ئويلىمىغان يەردىن، ئادەتتىكى كىشىلەر چېغىدا سوراپ قويۇشنى خالىمايدىغان ئاشۇ كىچىككىنە بىر دېلو بىلەنلا ئارتۇرنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى! چۈنكى، ئۇ چاغ دەل قۇللۇق تۈزۈمى يوقىتىلىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىل بولۇپ، قاچقۇن قۇلنىڭ بۇ دېلوسىغا جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكىلەر بىردەك دىققەت قىلىۋاتاتتى. بۇ ھال ئارتۇرنىڭ داڭق چىقىرىشىغا بىر ياخشى پۇرسەت بولدى.

ئارتۇرنىڭ مول قانۇن بىلىمى بىلەن ئالاھىدە نۇتۇق قابىلىيىتى بىردەمدىلا ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنى قىزىقتۇرغان نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ئارتۇر نېگىر قۇللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئارقىلىق خەلققە تونۇلغاچقا، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ جەبىر - زۇلۇمىنى يەتكۈچە تارتقان نېگىرلار ئۇنىڭ پاساھەتلىك نۇتقىغا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى ھەمدە توپلىشىپ نامايىش قىلىپ: «ياشىسۇن ئارتۇر!» دەپ توۋلاشتى.

ئارتۇر ئاشۇ نېگىر قۇلنىڭ دەۋاسىدا بىراقلا داڭلىق شەخس بولۇپ قالدى!

ئۇ ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە يېڭىلا باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، نۇرغۇن قىزلارنىڭ سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۆزىگە كەينى - كەينىدىن مۇھەببەت ئىزھار قىلى-

ۋاتقان قىزلارغا قاراپ، ياش ئادۋوكات ئارتۇر نېمە قىلارىنى
بىلمەي قالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئاللىبۇن خېرىندون ئىسىملىك چىد-
رايلىق بىر قىزغا كۆزى چۈشتى، ئىككىسى تېزلا مۇھەببەت
قايىنىمىغا غەرق بولدى. ئارتۇر ئاللېن بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەر -
خوتۇن بولغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى ئادۋوكاتلىقتىن ناھايىتى
تېزلا سىياسىي ساھەدىكى بىر يارقىن يۇلتۇزغا ئايلاندى.

ئارتۇرنى ئەڭ پەخىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئۇ جۇمھۇرىيەت-
چىلەر پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆت-
مەيلا نيۇيورك شتاتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولدى! نيۇيورك شتا-
تىنىڭ باشلىقى ئەقىللىق ھەم قابىلىيەتلىك ئارتۇرنى ئۆزىنىڭ
ئەڭ يارامىلىق ئىز باسارى دەپ قاراپ، ئۇنى ئادۋوكاتلىقنى تاشلاپ
سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئارتۇر
تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇپ،
ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان شتاتلىق ھۆكۈ-
مەت ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى!

بۈگۈن، ئۈچ يېرىم يىل زۇڭتۇڭ بولغان ئارتۇر ھوقۇقىنىڭ
ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن يەنە خەلق ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ
ئادۋوكاتلىق كەسپىنى قايتىدىن باشلىغاندىن كېيىن، خەلق ئارى-
سىدا ياشاشنىڭ قانچىلىك ھۇزۇرلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدى. ئاقسارايدىكى تۇرمۇش ھەرقانچە ئېسىل بولغىنى بىلەن،
ھوقۇقنىڭ پەللىسىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن ئادەم خەلقنىڭ ھەقى-
قىي ئىشەنچىسى ۋە قېرىنداشلارچە مېھىر - مۇھەببىتىگە ھەرگىز-
مۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئارتۇر ئۆزىنى تۇيۇقسىزلا ياشىرىپ قالغان-
دەك ھېس قىلدى!

ئەپسۇسكى، ئارتۇر نيۇيوركتىكى ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئۆزى-
نىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، ئويلىمى-
غان بىر بەختسىزلىك ئۇنىڭغا سايە تاشلىدى. ئارتۇر داۋالاش
ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر خىل كېسەللىككە گىرىپتار
بولغانىدى.

# قورقۇنچلۇق بۆرەك كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى

1886 ـ يىلى ئەتىيازدىلا، ئارتۇر ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.

باشتا ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، يەنە كېلىپ ئېغىر دەرىجىدە ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. رەپىقىسى ئاللېن «ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەن پىشۇرغان يېمەكلىكلەر ئېرىمگە تېتىماس بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئارتۇر ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن تاماق تىزىملىكى تەييارلىدى ھەمدە ئېرىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش ئۈچۈن، فرانسىيىچە قورۇما قورۇش تېخنىكىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى. بىراق، ئۇ تېزلا ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى، ئارتۇرنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى تاماقمۇ خالىماس بولۇپ قالدى. ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىپ، قورسىقى كۆپۈپ كېتىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرىدىغان ياكى تۇيۇقسىز ئىچى سۈرۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئالېننى ئەنسىرىتىپ قويدى. بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغان مەزگىلدە، نيۇيوركنىڭ مانخاتتون رايونىدىكى كاتتا ئۆيدە تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ ئارتۇر ئۇشتۇمتۇتلا ياداپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تولا ئېلىشىدىغان، نېمىلا يېسە ياندۇرىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

— ئارتۇر، سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىغاندىكىن، ئەمدى ئىشقا بارماڭ!

ئېلون خانىم ئارتۇر بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ياشىغان، ئاقسارايدىكى ۋاقتىدا شان ـ شەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغان بولغاچقا، ئارتۇر سىياسىي ساھەدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق كۆيۈنۈش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

چۈنكى، ئۇ شۇنداق قىلغاندىلا ئېرىنى خۇش قىلالايتتى. ئۇ ئېرىدىن ئۆتۈندى:

— ئەمدى دېلو قوبۇل قىلماڭ، ئەمدى ئارام ئېلىشىڭىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈشىڭىز كېرەك.

— ياق! بولمايدۇ.

لېكىن، ئارتۇر ھەر كۈنى ئاللېن خانىم بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلاشقاندىن كېيىن، خۇال كوچىسىغا يېقىنلا يەردىكى ئىشخانىسىغا بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇ ئاللېن خانىمغا مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان ئاشۇ ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، دېلو ئەھۋالى توغرۇلۇق پاراڭلاشسام ئۆزۈمنى راھەت ھېس قىلىمەن. ماڭا نىسبەتەن ھازىر ئاشۇ كەمبەغەللەر ئۇچۇن ئەرز - شىكايەت ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق. چۈنكى، مەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى ئاستىدا ياشاۋاتىمەن، ئەگەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋالسام ئىچىم پۇشۇپ كېتىدۇ. بىكارچىلىقتىن ئارتۇق ئازاب يوق. مەن بىكارچىلىققا ھەرگىز چىدىيالمايمەن!

ئاللېن خانىم نائىلاج چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتقىنىچە، ياشىنىپ قالغان ئارتۇرنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاچقا، ئارتۇرنىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن سابىق زۇڭتۇڭ بولغان بولغاچقا، ئۇ قوبۇل قىلغان دەۋالار سوتقا چىقسىلا، دەۋاگەر تەرەپ ئاساسىي جەھەتتىن يېڭىپ چىقاتتى. شۇڭا، نيۇيوركنىڭ ئەدلىيە ساھەسىدە يەنە بىر قېتىم «ئارتۇر قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى!

— مەن يەنە يېڭىچە بىر خىل تۇرمۇشقا ئېرىشتىم! ئاللېن، ئۇلار مېنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىمىغان بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن ئادۋوكاتلىق كەسپىم بىلەن يەنە قەددىمنى تىك تۇتۇپ يۈرۈۋېرىمەن!

ئارتۇر ئۆزىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى مەغلۇبىيىتىنى ئەمدىلىكتە ئانچىكى بىر ئىش دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. 1863 - يىلى ئۇ نيۇيورك شتاتىدىكى ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدا ناھايىتى خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتقان چېغىدا، كۈتۈلمىگەن بىر زەربىگە ئۇچرىدى. ئارتۇرنىڭ يۆلەنچۈكى ھېسابلىنىدىغان شتات باشلىقى مورگان تەختتىن چۈشتى. يېڭى شتات باشلىقى سېيموۋر تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە ياتلارنى چەتكە قاققاچقا، ئارتۇرنىمۇ ۋەزىپىسىدىن دەرھال ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئارتۇر سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى. ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىغا قايتىپ كەلدى ھەمدە خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

— ئاللېن، بۈگۈنكى تاماق بەك ئوخشاپتۇ جۇمۇ!

ئارتۇرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، رەپىقىسى ئۆزى ئۈچۈن تەييارلىغان رۇسچە تاماقنى ماختاپ كەتتى. ئۇ تاماقنى ناھايىتى ھوزۇرلىنىپ يېدى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يېقىندىن بۇيان تاماقنى تۇنجى قېتىم ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ يېيىشى ئىدى. ئۇ يەنە ئازراق شامپانمۇ ئىچتى.

— مەن بۈگۈن كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر دەۋادا يەنە ئۇتۇپ چىقتىم. مەن مەڭگۈ مۇشۇنداق ئىشلىسەم، خەلقنىڭ دەردىنى يېنىكلەتسەم، ئاندىن ئۆز قىممىتىمنى ھېس قىلالىغۇدەكمەن. ھەتتا ھازىر ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ قارغىش تەگكۈر زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا يەنە بىر نۆۋەت ئولتۇرۇش ئۈچۈن نېمانچە كۈچەپ كەتكەندىمەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلىمەن...

مۇشۇ قېتىمقى زەربىدىن كېيىن، ئارتۇرنىڭ سىياسىيدىن پۈتۈنلەي رايى يېنىپ كەتتى. 1871 - يىلى ئۇ نيۇيوركتىكى

ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئىشلىرىنى بىر ئوبدان يۈرۈشتۈرۈپ مېڭىۋا-
تاتتى. بىراق، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نيۇيوركتىكى
كاتتا يەرلىك داھىيسى كونكلىنىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن،
يېڭىدىن تەختكە چىققان زۇڭتۇڭ گرانت ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن
نيۇيورك تاموژنىسىنىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ
قالدى! بۇ مۇھىم ئورۇندا ئارتۇر سىياسىي ساھەدىكىلەرگە خاس
شان - شەرەپتىن يەنە بىر قېتىم يەتكۈچە بەھرىمەن بولدى.
ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە شان - شەرەپكە بولغان كۈچلۈك ھەۋىسىمۇ
قانائەت تاپتى. بىراق ئاق كۆڭۈل ئارتۇر پارىخور ئەمەلدار بولۇپ
قالماسلىقتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. ئۇ تاموژنىنىڭ باش
تەپتىشلىكىدىن ئىبارەت چوڭ ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن،
ئۇستازى كونكلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جۇمھۇرىيەتچىلەر پار-
تىيىسىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئەزاسىنى تاموژنىدىكى مۇھىم ئو-
رۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، پارا ئېلىش ۋە ئۆز كۆمچىد-
گە چوغ تارتىشتەك ئىشلاردىن قەتئىي يىراق تۇردى. ئۇ ئۆز
خىزمىتىنى جاندىل بىلەن ئىشلەپ كېتىۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەر-
دىن ئۇنى يەنە پالاكەت باستى. 1877 - يىلى يەنە بىر يېڭى
نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ تەختكە چىققان چاغدا، ئارتۇرنىڭ تاموژنىدا
نۇرغۇن پارا ئالغانلىقى توغرىسىدىكى پاش قىلىش خەتلىرى يېڭى
زۇڭتۇڭ خېسىنىڭ قولىغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن، زۇڭتۇڭ كەس-
كىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تاموژنا باش تەپتىشلىك ۋەزىپى-
سىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئارتۇر نيۇيوركتىكى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا
قايتىپ كېلىپ، يەنە كونا كەسپىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

نەچچە قېتىم يىقىلىپ - قوپقان ئارتۇر ئەمەلدارلىق سورۇ-
نىدىكى خەتەرگە كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ ھوقۇقنىڭ
يۈكسەك پەللىسىدىن تۇيۇقسىز چۈشۈپ، نيۇيوركقا قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، ئادۋوكاتلىق كەسپىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق
باغلىدى. ئۇ ھەتتا «بۇنىڭدىن كېيىن تىنىقىملا بولىدىكەن،

ئادۋوكاتلىق ئورنۇمدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ھەرقانچە چوڭ ھوقۇقنىڭ ئالدىدىمۇ ھەرگىز تەۋرەنمەيمەن! » دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم قىلدى.

— ئاللېن، بولمىدى، ياندۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

تاماق يەۋاتقان ئارتۇر تۇيۇقسىز ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بايا ئۆزى ماختاپ تۇرۇپ يېگەن تاماقنى پاك ـ پاكىز ياندۇرۇۋەتتى. ئارتۇرنىڭ بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشى قايدى ـ دە، پولغا گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى!

ئەتىسى ئەتىگىنى، ئاللېن خانىم چىرايى ساغىرىپ كەتكەن ئارتۇرنى كولۇمبىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قارىمىقىدىكى داۋالاش مەركىزىگە ئېلىپ باردى. ئارتۇرنىڭ تېنى ئەزەلدىن ساغلام بولغاچقا، دوختۇرخانىلارغا ناھايىتى ئاز باراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىشىپ، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇ ئاللېن خانىمنىڭ گېپىگە كىرىپ، دوختۇرخانىدا يېتىشقا نائىلاج ماقۇل بولدى.

— مەن تېزرەك قايتىپ كېتىشىم كېرەك! ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ نامرات كىشىلەردىن ئايرىلالمايمەن. قولۇمدىكى بىرنەچچە دېلونىڭ تېخى ئاخىرى چىقمىغان، مەن سوتقا بېرىپ، ماڭا ئىشەنچ باغلىغان ئاشۇ يوقسۇللارنى ئۇۋالچىلىقتىن خالاس قىلمىسام بولمايدۇ!

ئارتۇر داۋالاش مەركىزىدىكى كارىۋاتتا دوختۇرلارنىڭ ئۆزدىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كىرگىنىگە ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. دوختۇرلار ئارتۇرنىڭ سەۋەبسىزلا ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كۆڭلى ئېلىشىدىغان ۋە ياندۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا قارىتا ھەر خىل گۇمانلاردا بولغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سەۋەبىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى ھېلىغىچە تەكشۈرۈپ تاپالمايۋاتاتتى.

ئاللېن خانىمنى ھەممىدىن بەك خاتىرجەمسىزلەندۈرگىنى شۈكى، كولۇمبىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدىكى داۋالاش مەركىزىگە كەلگەندىن بۇيان، ئارتۇرنىڭ كېسىلى تىزگىنلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېرىسىدە سېرىق داغلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ سېرىق داغلار ئەڭ ئاۋۋال كۆكرەك قىسمىدىن باشلىنىپ، بارا - بارا يۈز تەرەپكە كېڭەيدى، سۇس سېرىقتىن قېنىق سېرىق رەڭگە ھەتتا يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ ئېنىقلا سېرىق چۈشۈش ئىدى!

دوختۇرلار بۇ خىل كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى جىگەر - ئۆتتىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتى. بىراق، ئارتۇر بىلەن ئاللېن خانىمنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتقىنى شۈكى، كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان بۇ كېسەلگە كولۇمبىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ داۋالاش مەركىزىدىكى بارلىق دوختۇرلار ھېچقانداق ئامال قىلالمايۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە داۋالاش تېخنىكىسى ۋە ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان شارائىتتا، دوختۇرلار ئۆز تەجرىبىسىگىلا تايىنىپ تۇرۇپ كېسەللەرگە دىئاگنوز قوياتتى. ئۇلار دەسلەپتە ئارتۇرنى ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ تېرىسىدىكى سېرىق داغلارنى ئۆتتە تاش پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئۇلار ئۇنىڭ سېرىق چۈشۈش كېسىلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن چېغىدا، ئارتۇرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى يەنىلا چۈشىنىكسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى كۆڭلى ئېلىشىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش ۋە ياندۇرۇشقا ئوخشاش كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەقەت سېرىق چۈشۈش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دېگىلى بولمايتتى. كەچ كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئارتۇر تېخىمۇ ياداپ كەتتى.

— ئۇ قان سىيدى! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، دوختۇر، ئۇ زادى نېمە كېسەل ئىكەن؟

ئاللېن خانىم ئېرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئارتۇردىكى كۆڭلى ئېلىشىش، ياندۇرۇش ۋە ئىشتىھا تۇتۇلۇش ئالامەتلىرى ئەمدىلا توختاپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ سۈيدۈكىدىن قان كەلگەنىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بەل قىسمىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئارتۇرغا كېسلىنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقى ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغاچقا، ئۆزىنى ئىنتايىن تەمكىن تۇتتى. بىراق ئاللېن خانىم ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ دوختۇرلارنىڭ داۋالاش بۆلۈمىگە نەچچە قېتىم ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى غەزەپ بىلەن تىللاپ كەتتى.

— ئاللېن خانىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!

ئاخىر بىر كۈنى، داڭلىق بىر تېببىي ئىلىم دوكتورى ۋاشىنگتوندىن نيۇيوركتىكى كولۇمبىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدىكى داۋالاش مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىندى. ئۇ كارىۋاتتا ياتقان سابىق زۇڭتۇڭ ئارتۇرنىڭ بەدىنىنى ۋە قان ئەۋرىشكىسىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۆرەك ئۆسمىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاخىر ئېنىقلاپ چىقتى!

دوكتور ئاللېن خانىمغا مۇنداق دېدى:

— ئارتۇرنىڭ بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا خېلى يىللار بوپتىكەن. لېكىن دەسلەپكى كېسەللىك ئالامەتلىرى بۆرەك كېسىلى بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقتەك كۆرۈنگەن بولغاچقا، دوختۇرلار ئۇنى ئاشقازان ياكى ئۆت - جىگەردىكى چاتاق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان. ھازىر بۇ كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قاپتۇ. قان سىيىش ھەم بۆرەك ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر دەل شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئەمدى ئۇنى داۋالايمىز دېگەن بىلەنمۇ بىكار!

دوكتورنىڭ دىئاگنوزىنى ئاڭلىغان ئاللېن خانىم ئۇن سې-لىپ يىغلاپ كەتتى. بىراق شۇ تاپتا ياتقان ئارتۇر ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر خىل بۆرەك كېسىلىگە گىرىپ-تار بولۇپ قالغانلىقىدىن تېخىچە بىخەۋەر ئىدى! دوختۇرلارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھېچقانداق دورا كار قىلمايدىغان بۇ كېسەلنى ئۇنىڭغا ھېچكىم تىنمىدى.

ئارتۇر دوختۇرخانىدا يېتىۋېرىپ زېرىكتى، ئۇ نيۇيوركنىڭ خۇۋال كوچىسى يېنىدىكى ئىشخانىسىغا قايتىپ كېتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، دوختۇرلار بىلەن ئاللېن خانىم قەتئىي قوشۇلمىدى.

— مەن ئىشخانامغا بارىمەن، سىلەر مېنىڭ ئۇ يەرنى بىر كۆرۈۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار!

كەچ كۈزنىڭ سالقىن شامىلى دېرىزىگە يېنىك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان، بېلى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كېتىۋاتقان ئارتۇر يەنىلا ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئۈمىدىدە ئىدى.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

## ئۆلۈم ئالدىدىكى خىياللار

دېرىزىنىڭ سىرتىدا شىمال شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى.

زىمىستان قىش نيۇيوركقا يەنە يېتىپ كەلدى. ئارتۇر كې-سەل ئازابىدىن تولغىنىپ ياتاتتى. بەزىدە ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چاغلىرىدا دوختۇرلاردىن ناركوز دورىسى ئىشلىتىش-نى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. چۈنكى، ئۇ مەجبۇرىي ھوشسىز-لاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاغرىق ئازابىنى سەزمەي قالاتتى.

«ماڭا ھەممىدىن بەك ئۇۋال بولغىنى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەر مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمىدى!»

ئارتۇر گەرچە دورىنىڭ تەسىرىدە بىھوش ھالەتتە ياتقىنى
بىلەن، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئازابى قىلچە يېنىكلىمىگەند-
دى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئەينى يىللارغا كېتىپ قالغانىدى. ئۆزد-
نىڭ ئاقسارايدىن ئۇشتۇمتۇتلا ئايرىلغىنىغا ھېلىمۇ غەزەپلىنىۋات-
قانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئارتۇر ئەينى يىللارنى خىيال قىلىس-
لا، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە
ئامېرىكا خەلقى ئۇچۇن قىلىپ بەرگەن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلار
كېلىۋالاتتى.

«مۇھتەرەم پارلامېنت ئەزالىرى، مەن زۇڭتۇڭ بولۇش
سالاھىيىتىم بىلەن سىلەرنىڭ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلارنى سو-
رايمەنكى، بىز بارلىق چىقىملارنى تېجەپ، مىسسىسسىپپى دەريا-
سىغا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان بىر چوڭ توسما قۇرۇشىمىز
كېرەك!»

بىھوش ياتقان ئارتۇرنىڭ خىيال ئەينىكىدە گۈلدۈرلەپ ئې-
قىپ كېلىۋاتقان زور كەلكۈن كۆرۈندى. ئۇ ئارتۇر ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى ئىككىنچى ياز پەسلى بولۇپ، مىسسىس-
سىپپى دەرياسىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە كەلكۈن
ئاپىتى يۈز بەرگەن، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، ئادەتتە مۇلايىم
ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا سۈيى تۇيۇقسىز تېشىپ كېتىپ، دەريا
توسمىسىنى بۇزۇۋېتكەن ھەمدە ئېكىنزارلىقلارغا شىددەت بىلەن
بېسىپ كىرىپ، ئاھالىلەرنىڭ قورۇ - جايلىرىنى بىراقلا ۋەيران
قىلىۋەتكەن. سانسىزلىغان ئاھالە كەلكۈندە جېنىدىن ئايرىلغاند-
دى. ئۇنى ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ كەلكۈن ئاپىتىنىڭ
بىرى دېيىشكە بولاتتى.

شۇ چاغدا ئارتۇر ۋاشىنگتوندا — ئاقسارايدىكى ئىشخانىسىدا
خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى
ئاستىدا شەخسەن ئۆزى مىسسىسسىپپى دەرياسىنىڭ يېنىدىكى
ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا بېرىپ، رەھىمسىز كەلكۈن قالدۇرۇپ

كەتكەن ۋەيرانچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. لاي سۇدا لەي-
لەپ قالغان جەسەتلەرنى كۆرگەن چېغىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
لىقىدە ياش كەلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە چەككەن
رىيازەتلىرىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى. ئامېرىكا تارىخىدىكى
ئاپەت رايونىنى شەخسەن ئۆزى بېرىپ كۆزدىن كەچۈرگەن بۇ
زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى
ئىشى پارلامېنتقا ئۆزىنىڭ مىسسىسسىپپى دەرياسىدا غايەت زور
بىر توسما ياساش توغرىسىدىكى پىكرىنى ماقۇللاتقۇزۇش بولدى.
بۇ پىلان ئارتۇر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە رېئاللىققا ئايلاندى!
بۇ ئۇ پەخىرلەنگۇدەك ئىش ئىدى!

«مەن بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۇزۇمىگە قارشى
تۇرىمەن! زۇڭتۇڭ بولغانىكەنمەن، بۇنداق چىرىك تۇزۇمنى چو-
قۇم يوقىتىشىم كېرەك!»

سەكراتتا ياتقان ئارتۇر ئۆزى ئاقسارايدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە
چىقارغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا پايدىلىق بىر قاتار مۇھىم سىيا-
سەتلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1882 -
يىلى پارلامېنت ئاخىرقى ھېسابتا ماقۇللىغان بىر ئەرنىڭ كۆپ
خوتۇنلۇق بولۇش تۇزۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى
قانۇن لايىھىسى دەل ئارتۇرنىڭ كۆچەپ تەشەببۇس قىلىشى ئاستى-
دا روياپقا چىققانىدى.

ئارتۇر كىچىكىدىنلا پەزىلەتلىك بولغاچقا، يەنە كېلىپ رەپى-
قىسى ئاللېن لېۋس خېرندون خانىمنىڭ پاك مۇھەببىتىگە نائىل
بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى بەزى شتاتلاردا بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇن-
لۇق بولۇشىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىجتىمائىي خەتەرنى چوڭقۇر
ھېس قىلغان، جەمئىيەتتىكى نىكاھ ماجىرالىرىنىڭ، بولۇپمۇ
قەبىھ قاتىللىق دېلولىرىنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىشى ئادۋو-
كاتلىقتىن كېلىپ چىققان بۇ زۇڭتۇڭدا بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇن-
لۇق بولۇشىغا نىسبەتەن چوڭقۇر نەپرەت پەيدا قىلغانىدى. شۇڭا،

ئارتۇر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە مۇشۇ تو-
زۇمنى قانۇن يولى ئارقىلىق يوق قىلىش نىيىتىگە كەلدى.
چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى چۈشۈرگەن ئالاقى-
دار ئەمىر - پەرمانلارنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىغانىدى. كې-
يىن، ئارتۇرنىڭ بۇ تەشەببۇسى قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ،
ئۇ پارلامېنتتىكى ئاۋاز بېرىشتە ئۆزىنىڭ زۇكتۇڭلۇق تەسىرىنى
ئىشقا سېلىپ، ئۆكتىچىلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا باش ئەگ-
دۈردى!

«ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك بولدى! مەن جۇمھۇرىيەتچىلەر
پارتىيىسىنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسىدىن ئۆلسەممۇ رازى ئە-
مەس!» ئارتۇر ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن،
ئۆز - ئۆزىگە غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ، ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان
ئاچچىقنى بېسىشقا تىرىشاتتى. ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە
شۇنچىۋالا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، تەختتىن چۈشكەندە سوغۇق
مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيتتى.
مۇبادا بۇ خىل مۇئامىلە پارتىيە سىرتىدىكىلەردىن كەلگەن بولسا
ئۇ توغرا چۈشىنەتتى. بىراق، ئۆزىنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئۇ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۇ-
چۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان مەزگىلدە توساتتىنلا يۈز ئۆرۈ-
ۋېلىشى ئارتۇرغا بەك ئېغىر كەلگەنىدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، چىقىۋاتقىنىغا بىرنەچچە كۈن
بولغان قىش شامىلى ئاخىر توختاپ قالدى. ئارتۇرمۇ ناركوز
دورىسىنىڭ تەسىرى ئىچىدىن ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى ھەمدە
دوختۇرلاردىن ئۆزىنىڭ نيۇيوركتىكى خۇۋال كوچىسىغا يېقىن
جايدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا قايتىپ كېتىشنى يەنە تەلەپ قىلىپ
تۇرۇۋالدى.

— بۇ مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىم، قانداقلا بولمىسۇن ماڭا
رۇخسەت قىلىڭلار!…، — دەپ ئۆتۈندى ئارتۇر.

ئۇنى داۋالاشقا مەسئۇل دوختۇرلار جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدى. چۈنكى، تېنىنى ئېغىر كېسەل چىرمىۋالغان ئارتۇرنىڭ پۈتۈنلەي ماغدۇرسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى ئۇلار كۆرۈپ تۇراتتى.

— ئەسلىي بىز ئوپېراتسىيە ئارقىلىق سىزنىڭ بۆرەك كېسەللىكىڭىزنى يىلتىزىدىن داۋالاشنى ئويلاشقانىدۇق. لېكىن، سىزنىڭ يېشىڭىز بىلەن ئاجىزلىشىپ كەتكەن بەدىنىڭىز ئۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالەتتە بولغاچقا، ئۇ نىيىتىمىزدىن ۋاز كەچتۇق. سىز ھازىر سىرتتىقا قانداقمۇ چىقالايسىز؟ — دېدى ئۇلار ئۇھسىنغان ھالدا.

ئارتۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى:

— مەن ئىشخانامنى چوقۇم بىر كۆرۈۋېلىشىم كېرەك. سىلەر مېنى زەمبىلگە سېلىپ بولسىمۇ ئاپىرىپ، مېنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىمنى قاندۇرۇپ قويۇڭلار!

ئاللېن بىر چەتتە يىغلاپ تۇراتتى. ئېرىنىڭ ساماندەك ساغىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە مىدىر قىلالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئاجىز بەدىنىگە قاراپ، ئۇ ئۇنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئاللېن يىغلىغاچ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، دوختۇرلاردىن ئۆتۈندى:

— تەڭرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدە ئۇنى بىر رازى قىلىپ قويساڭلار! ئەگەر سىلەر ئۇنىمىساڭلار، مەن باللىرىم بىلەن بولسىمۇ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ كېلەي!...

دوختۇرلار نائىلاج ماقۇل بولدى.

قاردىن كېيىنكى نيۇيوركنىڭ ھاۋاسى ھەددىدىن زىيادە سوغۇق ئىدى. ئاللېن خانىم ۋە بالىلىرى ئېغىر كېسەل تۈپەيلىدىن مىدىر - سىدىر قىلالماي ياتقان ئارتۇرنى نوسىلكىغا سېلىپ مىڭ تەسلىكتە پىكاپقا ئاچىقىۋالدى. داۋالاش مەركىزىدىكىلەرمۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ ئۆز كەسپىگە بول-

غان ئالاھىدە ھېسسىياتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنىڭغا يېرىم يولدا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمراھ بولۇپ بارىدىغانغا بىر سېستىرانى قوشۇپ قويدى.

پىكاپ قار بىلەن قاپلانغان كوچىدا كېتىپ باراتتى. مانخاتتوندىكى بىر - بىرىدىن ئېگىز بىنا - سارايلار ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئارتۇرنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى، ئۇ پىكاپنىڭ ئىچىدىكى نوسىلكىدا، رەپىقىسى بىلەن بالىلىرىنىڭ قۇچىقىدا سىرتقا نەزەر سېلىپ ياتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن تونۇش مانخاتتون ئىدى، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا بۇنچىلىك كۆپ بىنا يوق بولۇپ، ھازىر ئېگىز بىنالار ئارقا - ئارقىدىن قەد كۆتۈرۈپ چىققان، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۇ ئاۋات رايوندا كۆزنى چاقنىتىدىغان زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەردە ئارتۇرنىڭمۇ ھەسسىسى بار - دە!

«ھازىرقى تۆۋەن باج نىسبىتىنى مانا مەن تۆۋەنلەتكەنغۇ!» ئارتۇر نيۇيوركنىڭ قىش پەسلىدىكى ئاۋات شەھەر رايونىنى، مانخاتتوننىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا رايونىدىكى قايناق مەنزىرىنى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى شانلىق مىنۇتلارنى يەنە ئەسلەپ قالدى. ئۇ باشتا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاندىن يېنىدا ئولتۇرغان رەپىقىسى بىلەن بالىلىرىغا:

— ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر مەن باج نىسبىتىنى تۆۋەنلەتمىگەن بولسام، سودا - سانائەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى كاپالەتكە ئىگە بولالامتى؟ مانخاتتوننىڭ بۈگۈنى بولالامتى؟… — دېدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ھەممىسى سىزنىڭ تۆھپىڭىز.

ئارتۇرنىڭ ئاقسارايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن،

ئۇنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىگە قارشى تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر-نىڭ ئادىل باھاسىغا ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن ياشاپ كەلگەن. رەھىمسىزلەرچە سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقى، ئارتۇرنىڭ قەلبىنى ئۆرتە-ۋاتقان سەۋەبنىڭ دەل مۇشۇ ئىكەنلىكىنى ئاللېن خانىم ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئارتۇرغا ھەرقانداق تەسەللىنىڭ كار قىلمايدىغانلى-قىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئېغىر خورسىنىپ قويۇشقىلا مەجبۇر بولدى. ئۇلار خۇۋال كوچىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئارتۇرنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىغا يېتىپ كەلدى.

ئارتۇر بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلالمىغان بولغاچقا، تىجارەت سۇسلىشىپ قالغاند-ىدى. بىر ئايال خىزمەتچى بىلەن ياشانغان بىر خىزمەتچى ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇراتتى، ئارتۇر پەرەز قىلغان قايناق مەنزىرىدىن ئە-سەرمۇ يوق ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئارتۇر لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى روھلۇق كەيپىياتمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

ئاللېن خانىم ئۇنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى.

— ياق، بۇ يەرگە كەلگەندىكىن، ئىچىدىكى بىر كۆرۈپ چىقاي!

ئارتۇرنىڭ جاھىل مىجەزى قىلچە ئۆزگەرمىگەنىدى. كۆز ئالدىدىكىسى بىر كۆڭۈلسىز مەنزىرە بولسىمۇ، ئۇ ئايالى ۋە باللىرىدىن ئۆزىنى ئىشخانىنىڭ ئىچىگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ئىشخانا بۇرۇنقى پېتىچە ئىدى، پەقەت ئارتۇر دېلو بېجىر-گەن چاغلاردىكى قاينام - تاشقىنلىقلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ نوسىلكى-دا ياتقىنىچە خىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرگە قىينىلىپ تۇرۇپ نەزەر سالدى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان كەچمىشلىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، ئۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن بىرىمۇ قالمى-غان بولۇپ، ئۆزى خېلىدىن بېرى ئاياغ بېسىپ باقمىغان بۇ

ئادۋوكاتلىق ئورنى چۆلدەرەپ، تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئارتۇرنىڭ كۆزلىرىدە چەكسىز ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۆزىنىڭ يەنە قايتىپ كېلىپ، بۇ ئادۋوكاتلىق ئورنىنى يېڭىۋاشتىن جانلاندۇرالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى!

— قەدىرلىك ئارتۇر ئەپەندى، سىزنى بۇ يەردە ساقلاۋاتقىنىمغا بىرنەچچە كۈن بولدى. سىزنى مۇشۇ يەردە چوقۇم ئۇچرىتالايمەن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق خۇرۇم چاپان، بېشىغا شلەپە كىيىۋالغان سالاپەتلىك بىر ئادەم خۇرۇم ئورۇندۇقتىن لىككىدە تۇرغىنىچە. ئۇ ئولتۇرغان يەر دەل ئارتۇر ئەرز ئېيتقۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئىشخانا بولۇپ، مۇشۇ تاپتىمۇ ئۆزىنى بىرەرسىنىڭ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقى ئارتۇرنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

— سىز ··· ماڭا دەۋا ئىشىڭىزنى بېجىرگۈزمەكچىمىدىڭىز؟ ··· ، — دېدى ئارتۇر زورۇقۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ بۇ ناتونۇش مېھمانغا سەپسېلىپ قارىدى. ئاللېن خانىم جىددىيلىشىپ كەتتى:

— قانداق دەۋا ئىشكەن ئۇ؟ سىز قانچىلىك پۇل چىقارسىڭىزمۇ بىز ئەمدى قوبۇل قىلالمايمىز. ئۇنىڭ كېسەل دەردىدىن قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟

— ياق، مەن ئادۋوكات تەكلىپ قىلغىلى كەلمىدىم··· ، — دېدى ناتونۇش ئادەم.

— ئۇنداقتا ··· سىز···؟ !

ئارتۇر گاڭگىرىغان ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

— زۇڭتۇڭ ئالىيلىرى، مېنى راستىنلا تونۇيالمايۋاتامسىز نېمە؟

ناتونۇش ئادەم ئاستا ئېڭىشىپ، نوسىلكىدا ئېغىر تىنىپ ياتقان ئارتۇرغا كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئارتۇر بېشىنى چايقىدى.

— مەن بلايىن ئەمەسمۇ!

ھېلىقى سالاپەتلىك ئادەم سەل - پەل كۇلۇمسىرىگىنىچە ئارتۇرغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئارتۇرغا بولغان چەكسىز ئىچىــنىش ھېســسىياتــى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى:

— بەكلا ئۇنتۇغاق بولۇپ قاپسىزغۇ؟ مەن سىزنىڭ چىكاگو-دىكى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش سايلىمىدىكى رىقا-بەتچىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ھە — ؟

ئىمجان ھالەتتە ياتقان ئارتۇر تۇيۇقسىز غەيرىتىگە كەلگەن-دەك بولۇپ، كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن يوغان ئاچتى. ئۇ ئۆزى-نىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ قانداقتۇر دەۋا ئىشى بىلەن كەلگەن ھاجەتمەن ئەمەس، بەلكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى-نىڭ ئىچىدىكى كۈچلۈك رەقىبى بلايىن ئىكەنلىكىنى ئەمدى بايقىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلەشتى. چىرايىمۇ ئادەت-تىن تاشقىرى تاتىرىپ كەتتى:

— نېمە قىلماقچىسىز؟ مېنى ساقلاپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئاللىبۇن بىلەن بالىلىرىمۇ غەزەپلەنگەن ھالدا ئېتىلىپ كېلىپ، بلايىنغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— بۇنداق جىددىيلىشىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، مەن بۇ يەرگە يامان غەرەزدە كەلگىنىم يوق! مەن پەقەت زۇڭتۇڭ ئارتۇر بىلەن ۋىدالىشىۋالاي دەپ كەلدىم، — دېدى بلايىن ئىنتايىن سال-ماق قىياپەتتە نوسلىكىدىكى كېسەلمەن بوۋايغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى، — ئەينى يىلى مەن بەش يۈز قىرىق بىر ئاۋاز بىلەن پارتىيە ئىچىدە سىزنى مەغلۇپ قىلغان بولساممۇ، مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا دېموكرات-لار پارتىيىسىدىكى كلىۋېلاندىدىن يېڭىلىپ قالدىم. شۇڭا بىز دۈشمەن ئەمەس، بەلكى دوست!

— سىز ... زادى ... نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟...

بلايىننى تونۇغاندىن كېيىن، ئارتۇر ئىچ - ئىچىدىن ۋۇلقانـ
دەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان غەزەپ - نەپرىتىنى باسالمايلا قالدى.

— مەن ... قەلبىڭىزدىكى سىرنى يېشىپ بېرەي دەپ كەلـ
دىم!

— نېمە؟... سىر؟

— پارتىيە ئىچىدە نېمىشقا نامزاتلىققا ئېرىشەلمىگەنلىـ
كىڭىزنىڭ سىرىنىچۇ!

— ......

ئارتۇرنىڭ سەل - پەل ئۆزىنى بېسىۋالغىنىنى كۆرۈپ،
بلايىن ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ
يەتتى. ئارتۇر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئىشلارنى
چۈشىنىۋېلىشنى يەنىلا ئارزۇ قىلىۋاتاتتى.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ ئەينى يىلى سىزدىن كۆپ ئاۋازغا
ئېرىشىشىم ھەرگىزمۇ پەردە ئارقىسىدا ئويۇن ئوينىغانلىقىمدىن
ياكى قابىلىيەت جەھەتتە سىزنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىمدىن بولـ
غان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزـ
گىلدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭىز مېنىڭ سىزنى مەغلۇپ قىلىـ
شىمغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن!...

— جۆيلىمەڭ!

ئارتۇر ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئىچىدە خۇش بولۇۋاتقان
بۇ ئەشەددىي رەقىبىنىڭ سۆزىنى غەزەپ بىلەن ئۈزۈۋەتتى:

— مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۈچ يېرىم يىلدا ھېچقانداق
خاتالىق ئۆتكۈزگىنىم يوق، مەن نۇرغۇن تۆھپە ياراتتىم! بۇ
خەلقئالەمگە ئايان!...

بلايىن ئىلاجسىز ھالدا بېشىنى چايقاپ، نوسىلكىدىن قولىـ
نى بوشاتتى:

— ئالىيلىرى ئېغىر كېسەل بىلەن ياتقان بۇنداق چاغدا مەن

كېلىپ نېرۋىڭىزنى چاچماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇرۇن رەقىبتۇق دەپ كەلمىسەم قاملاشمىغۇدەك. سىزنىڭ سىياسىي ساھەدە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقىڭىزنى مەنمۇ بىلىمەن. بىراق، نېمىشقا سىزنىڭ داۋاملىق تەختتە ئولتۇرۇشىڭىزنى قوللايدىغان ئادەم چىقمايدۇ؟…

— نېمىشقا؟

— سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، سىز ھوقۇقنى ئادىل يۈرگۈزۈپ، ھېچكىمگە يۈز - خاتىر قىلمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزگە ئەسلىدە زور ئۈمىد باغلىغان كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپسىز ئەمەسمۇ!…، — بىلايىن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇيۇقسىز توختىۋالدى. ئۇنىڭ يەنە سۆزلىگۈسى بولسىمۇ، ئارتۇرنى داۋاملىق ئازابلاشنى خالىمىدى.

— دەڭ! دەۋېرىڭ!

باياتىن غەزىپى ئۆرلەپ تۇرغان ئارتۇر نېمىشقىدۇر بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بۇ كونا رەقىبى بىلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ مۇڭداشقۇسى كېلىۋاتاتتى.

— ياق…

ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان بىلايىن تۇيۇقسىزلا شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، ئۇ نېمىگىدۇر تارتىنشقاندەك توختاپ قالدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، نوسلىكىدا ياتقان ئارتۇرغا بىر ھازا قاراپ كەتتى، ئاندىن ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دېيىشكە تېگىشلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم. قالغىنىنى، ئالىيلىرى، ئۆزىڭىز ئويلىنىپ كۆرگەيسىز! خەير خوش! — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

ئارتۇر كۆزلىرىنى ئازاب بىلەن يۇمغىنىدى، مۆللىدە ئېقىپ چىققان ياش قورۇق بېسىپ كەتكەن ياداڭغۇ يۈزىنى بويلاپ پەسكە سىرغىپ چۈشتى …

ئىككى كۈندىن كېيىن — 1886 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئېغىر دەرىجىدە بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان سابىق زۇڭتۇڭ چېستېر ئاللان ئارتۇر نيۇيورك-نىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان كولۇمبىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدىكى داۋالاش مەركىزىدە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

شۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەت يۇرگۈزۇۋاتقان زۇڭتۇڭ كلىۋېلاند ئۇنىڭ ئۇچۇن دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئارتۇرنىڭ جەسىتى نيۇيوركقا ئانچە يىراق بولمىغان ئالبانى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە يېزىقچىلىق قىلدى

### —— يىگىرمە ئىككىنچى زۇڭتۇڭ گروۋېر كلېۋېلاند



گروۋېر كلېۋېلاند 1837 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى كوردىۋول بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. باستېر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئىنتايىن جاپادا چوڭ بولغان، مەدىكارچىلىق ۋە مال ساتقۇچىلىق ھاياتى ئۇنىڭدا قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن؛ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، 1853 - يىلى نيۇ يوركتىكى بىر ئەمالار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛

1858 - يىلى تاغىسىغا ياردەملىشىپ، «ئامېرىكىنىڭ شورتگرون كالىسىنى بېقىش قوللانمىسى»نى تۈزۈپ چىققان؛

1859 - يىلى كەسپىنى ئادۋوكاتلىققا ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقان؛

1860 - يىلى دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە

دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بۇففالو شەھىرىدىكى يەرلىك ئورگىنىدا خىز-مەتچى خادىم بولغان؛

1863 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ ئېرى ناھىيىسىدە تەپتىش ئەمەلدارى بولغان؛

1874 ـ يىلى يەنە بۇففالو شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1882 ـ يىلى بۇففالو شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان؛

1884 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن؛

1884 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى زۇڭتۇڭى بولغان، ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاقسارايغا كىرىپ، تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن؛

1886 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشچىلارنىڭ نامايىشىنى باستۇرغانلىقى ئۈچۈن، «سېسىق نامى يۇركەتكەن مۇستەبىت ھۆكۈمران» دەپ ئاتالغان؛

1888 ـ يىلى سايلامدا مەغلۇپ بولۇپ تەختتىن چۈشكەن؛

1893 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئاقسارايغا كىرىپ، ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە تۆتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدا نۆۋەت ئاتلاپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن بىردىنبىر زۇڭتۇڭ بولۇپ قالغان؛

1896 ـ يىلى جۇڭگو چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، ھەر-بىي ئىشلار ۋەزىرى لى خۇڭجاڭنى قوبۇل قىلغان؛

1897 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تەختتىن چۈشكەن، يۇرتى يېڭى جېرسېي شتاتىغا قايتىپ كېلىپ، يېزىق-چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1908 ـ يىلى يەتمىش بىر يېشىدا پرىنسېتوندا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئاقساراي ئەمدى ئۇ تارتىشىدىغان جاي ئەمەس

1897 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قاش قارايغان چاغ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلېۋېلاند ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەرمەر تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان

تاش پەلەمپەيدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن چۈشۈۋاتقاندا، ئۇپۇق ئاللىبۇرۇن قارىيىشقا باشلاپ، ئىلگىرىكىدەك ئاجايىپ ئېسىل مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— يۇرۇڭ، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — دېدى سالاپەتلىك ھەم كېلىشكەن سېرىق چاچلىق ئايال. ئۇنىڭ ئىسمى فرانسېس ئىدى. كلېۋلاند نيۇيوركتا ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، يىگىرمە ئىككى ياشلىق بۇ قىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىدى. ھازىر، ئاقسارايغا ئىككى قېتىم كىرىپ، يەنە ئىككى قېتىم يېنىپ چىققان كلېۋلاندقا خېلىلا قېرىلىق يەتكەن، چاچلىرىغا ئاق سانجىغان بولسىمۇ، پۇزۇر كىيىنىۋالغان، سالاپەتلىك فرانسېس خانىم ئەينى يىلى ئادۋوكات ئېرىگە ئەگىشىپ بۇ مۇقەددەس سارايغا كىرگەن ۋاقتىدىكىدەكلا چىرايلىق ئىدى.

— ياق، دىققىتىمنى بۆلمەڭ. چۈنكى، بۇ قېتىم كەتسەك، مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيمىز. شۇڭا بەك ئازابلىنىۋاتىمەن!

ئاللىبۇرۇن يورۇتۇۋېتىلگەن چىراغلارنىڭ نۇرى ئاستىدا، كلېۋلاند بۇ ئىتالىيىچە كاتتا قورۇلۇشقا نەزەر سالدى. ئىلگىرى ئۇ ياش ھەم چىرايلىق رەپىقىسى فرانسېس خانىم بىلەن بۇ مەشھۇر سارايىنىڭ تەلپۈنگۈدەك زادى نېمىسى بارلىقىنى پەقەت ھېس قىلمىغانىدى. «بەخت ئىچىدە ياشاپمۇ بەختنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلالماپتۇ» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مانا بۈگۈن، يەنى يېڭىدىن سايلانغان زۇڭتۇڭ ئاقسارايغا كۆچۈپ كىرىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى، ئۇ ئاقساراي بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. كلېۋلاند نەزىرىنى ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى مۇھىتى ئىنتايىن گۈزەل جەنۇبىي چىملىقتىن ئاستا - ئاستا پېنسىلۋانىيە كوچىسىغا يۆتكىدى. ئۇ يەردە ئاقسارايىنىڭ سان - ساناقسىز مۇھاپىزەتچىلىرى چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. كونا - يېڭى زۇڭتۇڭلار ئالمىشىۋاتامدۇ، يوق، بۇ ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاقسارايىنى ھەر ۋاقىت

جان تىكىپ قوغداشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

فرانسىس خانىم ئېرىنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى چۈشەنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ خۇددى ئېرىگە ئوخشاشلا بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى! شۇڭا، ئۇ كلىۋېلاندنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— يۇرۇڭ، كلىۋېلاند، يەنە ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك مۆجىزە يۈز بېرىپ قالامدۇ تېخى! — دېدى. كلىۋېلاندنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ كۆكۈچ چىرايى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. رەپىقىسىنىڭ بايىقى گېپى ئۇلار بىرىنچى قېتىم ئاقسارايدىن خوشلىشىپ ماڭغان ھېلىقى كەچنى ئۇنىڭ يادىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ 1889 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گۇگۇم چۈشكەن چاغ بولۇپ، كلىۋېلاند بىرىنچى قېتىم تەختتىن چۈشكەن چاغدا رەپىقىسى فرانسىسنى يېتىلەپ، يالتىراپ تۇرغان ئاقسارايدىن خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ چىققانىدى.

ئۇ چاغدا، كلىۋېلاندنىڭ كەيپىياتى ھازىرقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ 1888 ـ يىلىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا مەغلۇپ بولغان، سەۋەبى، ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق پۇلىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن. بۇ ۋەقە 1886 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى پۈتۈن مەملىكەت ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ ئارمىيە ۋە ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى قانلىق باستۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە قارشىلىقىنى قوزغاپ قويغانىدى. شۇڭا، كلىۋېلاند ئامېرىكا ئىشچىلىرىنى باستۇرغان كۈن كېيىن دۇنيا ئىشچىلىرىنىڭ بايرام كۈنى بولۇپ قالدى. كلىۋېلاند يۇقىرىقىدەك سەۋەبلىكلىرى تۈپەيلىدىن چوڭ سايلامدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بېنجامىن خارىسونغا ئۇتتۇرۇپ قويدى.

ئەتىسى ئاقسارايىنىڭ جەنۇبىي چىملىقىدا خارىسسون ئۇچۇن ئۆت-
كۈزۈلىدىغان ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى خا-
لىمىغاچقا، ئۇ ئۆزى تۆت يىل تۇرغان ئاقسارايدىن بالدۇرلا چى-
قىپ كەتتى.

— فرانسىس، قايغۇرماڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئاقساراي-
دىن ۋاقتىنچە تۆت يىللا ئايرىلىمىز، يەنە تۆت يىلدىن كېيىن
بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز!

بىرىنچى قېتىم ئاقسارايدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ
خۇددى ھازىرقىدەك مەرمەر تاشتىن ياسالغان پەلەمپەينىڭ تۆۋى-
نىدە تۇرۇپ، فرانسىس خانىمغا ئاشۇنداق تولۇق ئىشەنچ بىلەن
قەسەم بەرگىنى كلىۋېلاندنىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى.

— نېمە؟ تۆت يىلدىن كېيىن··· بىز يەنە قايتىپ كېلەم-
دۇق؟ — شۇ چاغدا فرانسىس خانىم مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ
قەسەم قىلىۋاتقان ئېرىگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قالغان-
دى. ئۇ چوڭ سايلامدا ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، خەلق تەرىپىدىن
ئىشچىلارنى باستۇرغان قانخور دەپ ئەيىبلەنگەن كلىۋېلاندنىڭ يەنە
تۆت يىلدىن كېيىن، ھازىرقى يۇقىرى ئىناۋەتلىك زۇڭتۇڭ خا-
رىسسوننى مەغلۇپ قىلىپ، مۇقەددەس ئاقسارايغا قايتىپ كېلەلە-
شىگە پەقەتلا ئىشەنمىگەنىدى.

بىراق، كلىۋېلاندا كەلگۈسىگە نىسبەتەن «چوقۇم غەلىبە
قىلىمەن» دەيدىغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى سايلام
ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىگەن بولۇپ، كۆپكۆك ئورا
كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا چاقناپ تۇراتتى. ئۇ فرانسىس خانىمنىڭ
مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كېلىشمەسلىك-
لەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خارىسسوننىڭ يېڭى تەختكە چىققان چاغ-
دىكى قىياپىتىدىن ئۇركۈپ كەتمەڭ. كېسىپ ئېيتالايمەنكى،
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ باشنى قاتۇرىدىغان قىيىن مەسىلىلەرگە دۈچ

كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن!

فرانسېس خانىم كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن چىمچىقلىتىپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ قەسىمىنىڭ تۆت يىلدىن كېيىن رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— غوجىدار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — كلېۋېلاند ئىلگىرى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئاقسارايدىكى بىرنەچچە باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ ئىشچىلارغا ھەدەپ بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سىرتقا توشۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال ئۇلارنى چاقىردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشقا چوڭراق بىرىگە، — بولدى سىرتقا يۆتكىمەڭلار، قەغەز يەشكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاقسارايدا قېپقالسۇن! — دەپ تاپىلىدى.

قېرى غوجىدار ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ قالدى. كلېۋېلاند تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن! ئارىلىقتا تۆت يىللا ۋاقىت بار تۇرسا، بۇ نەرسىلەرنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەپ يۈرۈشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇڭا بۇلار قېپقالسۇن، ئوبدانراق قاراپ قويارسىز!

قېرى غوجىدارغا تەختتىن چۈشكەن كلېۋېلاندنىڭ بۇ گېپى بەكلا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى بولغاي، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— دېگەنلىرىم راست، تۆت يىلدىن كېيىن مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن!

كلېۋېلاند گۈگۈم يورۇقىدا رەپىقىسى فرانسېسنى يېتىلىگىنىچە ئاقسارايدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا يېنىپ چىقتى ھەمدە پىكاپقا ئولتۇرۇپ، ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ ۋاقتىنچە ئىشلەتمەيدىغان كىتاب ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئاقسارايدا قېپقالدى.

ئەينى چاغدا، ئاغزىنى ئېچىپ قالغان قېرى غوجىدارلا ئە-

مەس، ھەتتا فرانسېس خانىممۇ، كلېۋېلاند ئۆزىنى چاغلىماي يوغان گەپ قىلىپ قويدى، دەپ ئويلىغانىدى.

كلېۋېلاند فرانسېس خانىمنى ئېلىپ نيۇيوركقا قايتىپ كەلدى. ئەينى يىللىرى ئۇ تېخى تونۇلمىغان ئادەتتىكى بىر ئادۋوكات چېغىدا، يەنى 1859 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇففالو شەھىرىدە بىر ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقانىدى. بۇ قېتىم تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە بۇففالو شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، كونا كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، كلېۋېلاندقا ئوخشاش تەختتىن چۈشكەن بىر زۇڭتۇڭنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىمەن ياكى ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىدە قايتىدىن مۇھىم ۋەزىپىنى قولۇمغا ئالىمەن دېيىشى پەقەتلا تەلۋىلەرچە خام خىيال ھېسابلىناتتى. ھەتتا ئەقىللىق ھەم ساھىبجامال فرانسېس خانىممۇ تەختتىن چۈشكەن ئېرىنى ئاقسارايغا ئەمدى قايتىپ بارالمايدۇ دەپ قارايتتى. چۈنكى، كلېۋېلاند چىكاگو ئىشچىلىرىنى باستۇرۇش ئارقىلىق مۇستەبىت دېگەن يامان ئاتاققا قالغان تۇرسا، مۇشۇنداق ئادەمنى كىم يەنە زۇڭتۇڭلۇققا سايلايدۇ؟ لېكىن، كلېۋېلاندنىڭ تىپتىنچ ئادۋوكاتلىق تۇرمۇشىدا ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

يەنى، 1891 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئادۋوكات كلېۋېلاند «نيۇ يورك ۋاقت گېزىتى» دە تۇيۇقسىزلا ئۆز ئىمزاسى بىلەن «كۈمۈش خەت ـ چەكلەر» نى ئېلان قىلدى!

— ئادۋوكاتلىقتىنمۇ ئوبدانلا پۇل تېپىۋاتسىڭىز، «كۈمۈش خەت ـ چەكلەر» دېگەن ئۇ بىر نەرسىنى ئېلان قىلىپ نېمە قىلار بولغىيتىڭىز، — دېدى فرانسېس خانىم. فرانسېس خانىم كلېۋېلاند ئۈچ يىل سىياسىيغا ئارىلاشمىدى. دېمەك، ئۇ ئەينى چاغدا ئاقسارايدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۆت يىلدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىمەن دېگەن ھېلىقى ۋەدىسىنى چوقۇم ئۇنتۇپ كەتتى دەپ

ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادۋوكاتلىق ھېچقانداق سىياسىي خېيىمخەتىرى يوق ھەم كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان خاتىرجەم كەسىپ ئىدى. ئۇ ھەتتا ئېرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەدىسىنى ھاياجانلىنىشتىن كېلىپ چىققان بىمەنە ۋە كۈلكىلىك گەپ دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن، ئۈچ يېرىم يىلدىن كېيىن كلېۋېلاند يەنە سىياسىي كۈرەشنىڭ قايىنىمىغا كىرىپ قالدى. كلېۋېلاند ئۇنىڭغا مەردانە ھالەتتە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئۈچ يىل ئىلگىرى قىلغان قەسىمىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەمدى ئاشۇ قەسىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى!

ئەسلىدە، كلېۋېلاند خاتىرجەم ھەم كىرىمى ياخشى ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ، قايتا باش كۆتۈرۈش نىيىتىدىن قىلچە يانمىغانىدى. ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك نيۇيوركتىكى گېزىتلەر ئارقىلىق ۋاشىنگتوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتتى. دەسلەپكى ئىككى يىلدا، زوڭتۇڭ خارىسسون ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى بەزى سىياسەتلەرنى ئۆزۈل - كېسىل يېڭىلاپ، ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئوبرازنى ياراتقاچقا، كلېۋېلاند ئۆزىگە يەنە پۇرسەت كېلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانىدى. مۇبادا، خارىسسون ئىشلىرىنى ئاشۇ پېتىچە ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈپ كەتسە، نيۇ يوركتا ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقان بۇ سابىق زوڭتۇڭ ئاقسارايىنى بىر ئۆمۈر خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، كلېۋېلاند ئۇزاق ئۆتمەيلا خارىسسوننىڭ سىياسىي سەھنىدە كەينىگە چېكىنىشكە باشلىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭمۇ ئۆزى ماڭغان خاتا يولدا مېڭىپ، مەخسۇس ئىشسىزلار بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. 1892 - يىلى خومېستتا ئىشچى-

لار يەنە بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئىش تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 1886 ـ يىلى يۈز بەرگەن چىكاگودىكى ئىش تاشلاشتىن-مۇ زور ھەم دەھشەتلىك ئىدى. خارىسسون كلىۋېلاند ئوينىغان ئويۇننى قايتا تەكرارلاپ، ئىشچىلارنىڭ نامايىشىنى ئىنتايىن ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. كوچىلار قانغا بويىلىپ، ئىشچىلارنىڭ جەسەتلىرى تالادا قالدى. كلىۋېلاند ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خارىسسون توغرىسىدىكى پەرىزىنىڭمۇ توغرا چىققانلىقىدىن ئىچى-دە خۇش بولدى ھەمدە ئۆزى كۈتكەن پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەن-لىكىنى ھېس قىلدى. خارىسسون خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان نەق شۇ پەيتتە، تاموژنا بېجىنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولدى.

— ئىشلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدەكلا چىقتى! نېمىدېگەن بە-مەنىلىك، خارىسسون «ماك كىنلېي تاموژنا بېجى قانۇنى»نى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ! ھا، ھا، بەك ياخشى بولدى!

خارىسسوننىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش سىياسىتى ۋا-شىنگتوندىكى پارلامېنتتا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان شۇ پەيتتە، نيۇيورك شتاتىنىڭ بۇففالو شەھىرىدە ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقان كلىۋېلاند ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاممىنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىدىغان «كۆمۈش خەت ـ چەكلەر»نى گېزىتتە ئېلان قىلدى.

ئۇ بۇ ماقالىسىدە خارىسسوننىڭ خاتا سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنۇملۇك يولغا قويغان ئىقتىسادىي سىياسەتنى كۈچەپ ماختىدى، «كۆ-مۈش خەت ـ چەكلەر» ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا پۈتكۈل ئامېرىكى-دا زور زىلزىلە پەيدا قىلدى.

«دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قايتىدىن تەختكە چىقىشىنى قوللايمىز!»

«كلىۋېلاندنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى خارىسسوننىڭ ئەبجەق

سىياسىتىدىن كۆپ ياخشىكەن! »
«جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تەختتىن چۈشسۇن! »
«خارىسسوننىڭ ھاكىممۇتلەق سىياسىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى! »
......
1892 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەملىكەتلىك چوڭ سايلام يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا، مەملىكەتنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئىشچىلارنىڭ مالىمانچىلىقى توختىماي يۈز بېرىپ تۇردى. چىكاگو، سان فرانسىسكو ۋە نيۇيورك قاتارلىق جايلاردا نامايىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئىشچىلارنىڭ قارشىلىق ساداسى پۈتكۈل ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سالدى. خارىسسون ھۆكۈمىتىنىڭ شەپقەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، 1886 - يىلى كلېۋېلاندنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئىشچىلار ئۇ قانلىق ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالغاندى. ئۇلار ھەتتا خارىسسوننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئالىلبۇرۇن تەختتىن چۈشكەن كلېۋېلاندنى قايتىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. كلېۋېلاندنىڭ دەل مۇشۇنداق پەيتتە «كۈمۈش خەت - چەكلەر» ناملىق ماقالىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشى گويا بىر تال سەرەڭگىنى يېقىپ بېنزىننىڭ ئۈستىگە تاشلىغاندەكلا ئىش بولدى. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئوت بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن خارىسسوننى تەختتىن غۇلىتىپلا قالماي، يەنە كلېۋېلاندنى قايتا تەختكە چىقىرىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى!
شۇنىڭ بىلەن، 1893 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كلېۋېلاند ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئېيتقاندەكلا ساھىبجامال رەپىقىسى فرانسېس خانىم بىلەن بىللە ئاقسارايدىكى جەنۇبىي چىملىقتا يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ يۇلتۇزلۇق بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان ئاشۇ تەنتەنىلىك كاتتا مۇراسىمدا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان «يۇلتۇزلۇق بايراق» ناملىق مۇزىكىغا قۇلاق سالغى-

نچه يەنە بىر قېتىم ئاقسارايىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى.

بۇ ئامېرىكا تارىخىدا تا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتوندىن تارتىپ، بارلىق زۇڭتۇڭلار بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىناۋىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئىككىنچى قېتىممۇ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلگەن. بىراق ھېچكىممۇ كلىۋېلاندقا ئوخشاش ئاقسارايدىن خەلق ئارىسىغا قايتىپ، تۆت يىلدىن كېيىن يەنە ئاقسارايغا خوجايىن بولۇپ باققان ئەمەس!

كلىۋېلاند ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ياراتقانىدى!

يەنە كېلىپ ئۇ دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلىدى. تەختەتىن چۈشۈپ تۆت يىلدىن كېيىن يەنە ئاقسارايغا قايتىپ كېلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى!

ئەپسۇسكى، يەنە بىر تۆت يىلمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى! 1897 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى گۈگۈم پەردىسى يېيىلغان مەزگىلدە، كلىۋېلاند نەچچە يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئاقسارايدىن ئاستا مېڭىپ چىقتى.

— كېيىنكى ئۆمرىمىزدە ئاقسارايغا يەنە كېلىدىغان پۇرسەت بولارمۇ؟ — دېدى فرانسىس خانىم گۈگۈم قاراڭغۇسىدا ئاقسارايغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئېرىگە شىۋىرلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كلىۋېلاندنىڭ يەنە بىر قېتىم: «ئەنسىرىمەڭ، تۆت يىلدىن كېيىن بىز بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىمىز!» دېيىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم كلىۋېلاند بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— تۆت يىلدىن كېيىن تەكلىپ قىلسىمۇ بۇ يەرگە كەلمەيمەن. چۈنكى بۇ جىن ئۇرغان يەردە بەك ئۇزۇن تۇرۇۋەتتىم، بۇ يەرنىڭ قىزىققۇچىلىكى قالمىدى! ئويلاپ باقسام، يەنىلا نيۇيورك ياخشىكەن!

ئۇلار ئولتۇرغان پىكاپ تون پەردىسى ئاستىدا كىشىنى ھەر خىل كويلارغا سالىدىغان ئاقسارايدىن بارا ـ بارا ئۇزاپ كەتتى!

## نيۇيوركتىكى مۆتىۋەر

نەچچە كۈندىن كېيىن، كلېۋېلاند بىلەن ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم ياش رەپىقىسى فرانسېس بۇففالو شەھىرىدىكى تۆت يىل قورۇق تۇرغان كونا تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلدى.

— قەدىرلىكىم، سىز يەنە ئادۋوكاتلىق قىلامسىز؟

ئەمەلدارلار سورۇنىدىن بىراقلا ھىچكىمنىڭ دىققەت ـ نەزىرى چۈشمەيدىغان غېرىبانە قەسىرگە قايتىپ كەلگەن فرانسېس خانىم ئۆزلىرىنىڭ كونا تۇرالغۇسىدىكى پەرداز تەكچىسى ۋە مۇز چىقىپ تۇرغان كارىۋاتقا قاراپ، چوڭقۇر ئۇمىدسىزلىككە پاتتى. ئېنىقكى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىن غەم قىلىۋاتاتتى، چۈنكى بۇ گۈزەل خانىم ياشىنىپ قالغان ئېرىدىن يىگىرمە ئىككى ياش كىچىك بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ئىدى.

— ياق! ئەمدى ئادۋوكات بولمايمەن!

— ئادۋوكات بولمايمەن؟ ئەمىسە نېمە ئىش قىلىسىز؟ ئەجەبا، ئىككىمىز بۇ ئۆيدە يىغقىنىمىزنى يەپ بىكار ياتامدۇق؟ — فرانسېس خانىم چىراغقا تىكىلىپ خىيالچان ئولتۇرغان ئېرىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

كلېۋېلاند ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك پەپلەپ كۈلدى:

— فرانسېس، بىز ئاقسارايدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەككىز يىل تۇردۇق، شۇ جەرياندا ئۈچ يۈز مىڭ دوللاردىن ئارتۇق پۇلىمىز يىغىلىپ قالدى. كېيىنكى تۇرمۇشىمىزدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىسىز؟

فرانسىس بىشىنى لىڭشىتتى:

— خېلى جىق پۇلىمىزنىڭ يىغىلىپ قالغىنىنى، يەنە كې- لىپ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش خىراجىتىمىزگە يېتىپ ئېشىپ قالىدىغىنىنىمۇ بىلىمەن. لېكىن مەن ئىچ پۇشۇقىدىن قورقىمەن. كلېۋېلاند، پۇللا بولۇپ، قىلىدىغان ئىش بولمىسا بۇنداق ھاياتنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، كلېۋېلاند ئۆزى بىلەن رەپىقىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئاللىبۇرۇن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بول- غانىدى. يىل - يىل يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرى ئاستىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدى بىلەن نيۇيوركنىڭ مانخاتتون رايونىدىكى بايلار ئولتۇراق رايونىدىن ئىككىسىگە ماس كېلىدىغان كاتتا بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋالىدىغانلىقىنى، ئاندىن بۇففالودىكى كونا تۇرالغۇسىنى سېتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش كىچىك رە- پىقىسىنى ياشانغانلار سۇغۇرتىسى بىلەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قات- ناشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاجرىتىلغان پۇللارنى خۇال كوچىسىدىكى ئامېرىكا بانكىسىغا قويۇپ قويىدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلغاندا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، كۆڭلىرىنىڭمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتۈدىغانلىقىنى بۇ ساھىبجامال خانىمغا ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

— خانىم، ئىچ پۇشۇقىمۇ ئىزچىۋالا قورقۇنچلۇق ئە- مەس، — رەپىقىسىنىڭ كەلگۈسى كۆڭلەرگە نىسبەتەن يەنىلا ھېچ- قانداق قىزىقىشتا بولمايۋاتقىنىنى كۆرگەن كلېۋېلاند ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — مەن ئويلايمەنكى، سىز ماذ- خاتتوندا ياشىسىڭىز چوقۇم ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلالايسىز. مې- نىڭ بۇففالودىكى ئۆينى سېتىۋېتىپ، نيۇيوركقا كۆچۈپ كېتىش- نى قارار قىلىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ. چۈنكى بىز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈلدە تىياتىر كۆرەلەيمىز،

مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە بارالايمىز، كوكتېيل هارىقى زىياپىتى ۋە تانسا كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزەلەيمىز. ئۇ يەردە نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار، شارائىتمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، يەنە نېمىدىن قورقىسىز؟

فرانسېس خانىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر ئۇھسىنىپ قويدى - دە، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتتى:

— سىزنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنىڭ غەم - ئەندىشىسىز ئۆتۈدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بىراق، مەن سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. نامى تارىخ بېتىگە يېزىلىپ قالغان سىزدەك بىر سىياسەتچى كېيىنكى ئۆمرىڭىزنى ئاشۇنداق كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتەرسىزمۇ؟

رەپىقىسىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن كلېۋېلاند قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— خانىم، ئەنسىرىشىڭىز ئورۇنلۇق. مەن هازىر ياشىنىپ قالدىم، يەنە زۇكتۇكنىڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش ياكى ئاقسارايغا قايتىپ بېرىش خىيالىم يوق. لېكىن خۇددى سىز دېگەندەك بىر سىياسەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى قىلىشىم كېرەك. بۇ تەرىپىنى مەن ئالللىبۇرۇن ئويلاپ قويغان، قالغان ئۆمرۈمنى كەيپ - ساپا ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئىشنى هەرگىز قىلمايمەن!

— ئەمىسە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— يېزىقچىلىق قىلىمەن.

— يېزىقچىلىق؟

كلېۋېلاند ۋەزمىن قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ فرانسېسقا ئۆزىنىڭ مانخاتتوندىكى بايلار ئولتۇراق رايونىدا ئازادە تۇرمۇش كەچۈرگەندىن سىرت، بۇرۇنقى ئادۋوكاتلىق كەسپىنى

تاشلاپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېزىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇ-
غۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈردى.

— خانىم، سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ياش ۋاقتىمدا
ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىم ھەرگىزمۇ ئادۋوكاتلىق كەس-
پىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى جان بېقىش ئېھتى-
ياجىدىن شۇنداق بولغان. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ شۇ چاغلاردىلا
يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇم بار ئىدى، يېزىقچىلىق مېنىڭ
قابىلىيىتىمنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىپادە قىلالايدۇ.

كلېۋېلاند ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى يادىغا ئالغان چېغىدا
قېرىلىق يەتكەن بىر جۈپ ئورا كۆزىدە روھلىنىش ھېسسىياتى
ئەكس ئەتتى. كىچىكىدىنلا ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مال
ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن كلېۋېلاند دۇكاندارنىڭ ئۆيىدە ئىنگلىز
تىل - ئەدەبىياتىغا دائىر نەزەرىيە كىتابلارنى ۋە شېكسپىرنىڭ
دراما توپلاملىرىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغانىدى. دۇكاندار دۇ-
كاننى تاقىغاندىن كېيىنكى قىشنىڭ ئۇزۇن، تىپتىنچ كېچىلىرى-
نى ئۇ ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. كىتابقا
بولغان ھېرىسمەنلىك ئۇنىڭدا يېزىقچىلىققا نىسبەتەن تەدرىجىي
قىزىقىش ھاسىل قىلدى. كلېۋېلاند ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەز-
گىلىدىكى بوش ۋاقىتلىرىنى پۈتۈنلەي كىتاب ئوقۇپ، يېزىقچى-
لىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە سەرپ قىلدى. ئۇ ئاشۇ چاغلىرى-
دىلا ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئاساس سېلىنىۋالغاچقا، كې-
يىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆردى. ئۇ يۇرتىدىن بۇففالو-
دىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، تاغىسى
لېۋىسقا ياردەملىشىپ «ئامېرىكىنىڭ شورتگزون كالىسىنى بې-
قىش قوللانمىسى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنى ئۇنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى ئەسىرى دېيىشكە بولاتتى. كېيىن ئۇ نيۇ يوركتى-
كى ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن تەرەققىي قىلىپ شتات ئەمەلدارى
بولغان كۈنلەردە شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ يازغان ئوبزور-

ماقالىلەر ھەرقايسى گېزىتلەردە دائىم ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ھازىر كلېۋېلاند ئاتمىش ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلسا بولاتتى.

— ياخشى! شۇنداق قىلسىڭىز بولغۇدەك! شۇ ئارقىلىق سىز ئۆز - ئۆزىڭىزنى قايتىدىن تونۇپلا قالماي، يەنە تېخى بىر مۇنچە قەلەم ھەققىڭىزمۇ ئېرىشەلەيسىز ئەمەسمۇ!

فرانسېس خانىم نېمىلا دېگەنبىلەن باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى نامرات ئادۋوكات دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆتكەنىدى. كىچىكىدىنلا جاپا - مۇشەققەتتە چوڭ بولغان بۇ ئايال ھەرقانداق ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلاتتى.

دەرۋەقە، كلېۋېلاند ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە خۇدسون دەرياسى بويىدىكى شىمال بويىچە ئەڭ ئاۋات رايون ھېسابلىنىدىغان نيۇ يوركقا كۆچۈپ كېلىپ، رەپىقىسى ۋە بالىلىرى بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. گېزىتلەردە ئۇنىڭ ماقالىلىرى پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بىراق، ئۇ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغان بولغاچقا، دەسلەپكى يىلى مۇھىتقا دېگەندەك كۆنەلمەسلىك سەۋەبىدىن قېتىرقىنىپ يېزىقچىلىق قىلالمىدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، 1900 - يىلىنىڭ قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. كۈتۈلمىگەن بىر ئىش كلېۋېلاند بىلەن فرانسېسنىڭ مۆتىۋەرلەرچە تىپتىنچ تۇرمۇشىنى بۇزۇۋەتتى.

شامال ئارىلاش قار يېغىۋاتقان بىر كېچىسى، كلېۋېلاندنىڭ مانخاتتوندىكى كاتتا تۇرالغۇسىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان كلېۋېلاند بۇ قارلىق كېچىدە كەلگەن ئىككى مېھماننى ئۆز مېھمانخانىسىدا كۈتۈۋالدى.

بۇ ئىككىيلەن كلېۋېلاندنىڭ يۇرتى — يېڭى جېرسېي شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى كرېۋېت بىلەن ئۇنىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن جاق تويۇپ تۇرغان

كلېۋېلاندنى بۆلەكچىلا خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، پرىنسېتون
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى كرېۋېت يۇقىرى ئابرۇيلۇق كلېۋې-
لاندنى ئۆز مەكتىپىگە بېرىپ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇشقا تەكلىپ
قىلىش ئۈچۈن ئالايىتەن نيۇيوركقا كەلگەنىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يېڭى جېرسېي شتاتىدا تۇغۇلغان كلې-
ۋېلاند ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپىنى (ئۇ شۇ چاغدا ئوقۇغان مەكتەپ
هازىرقى پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى ئى-
دى) ئىزچىل ياد ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى
بولغان مەزگىلدە يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى بۇ مەكتەپكە ئالاهىدە
كۆڭۈل بۆلگەن، نۇرغۇن پۇل تەستىقلاپ بەرگەن، كىتاب -
ماتېرىياللارنى ئىئانە قىلغان، هەتتا بەزى چاغلاردا ئۆز نامىدىنمۇ
پۇل ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن
ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاهىدە بىر خىل رىشتە مەۋجۇت ئىدى.

— زۇڭتۇڭ ئالىيلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئارزۇسىنى
رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز سىزنى ئۇنىۋېرسىتېتى-
مىزنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا رەسمىي تەكلىپ قىلىشنى قارار
قىلدۇق! — مەكتەپ مۇدىرى ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن بىر قى-
زىل تەكلىپنامىنى كلېۋېلاندقا قوش قوللاپ سۇندى. مەكتەپ
مۇدىرىنىڭ مەقسىتىنى كلېۋېلاند دەرهال چۈشەندى. نەچچە يىل
ئىلگىرى، كلېۋېلاندنىڭ ئاقسارايدىكى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى
توشاي دەپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۇ بۇ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ
خاتىرە كۈن پائالىيىتىگە قاتنىشىپ تەبرىك سۆزى سۆزلىگەن،
شۇ چاغدا بۇ مەكتەپكە بىر زامانىۋى كۇتۇپخانا سېلىپ بېرىش
ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭ بۇ گېپى
پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەرنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىش-
كەنىدى.

كلېۋېلاندنىڭ سۆزى ئىشەنچلىك، هەرىكىتى كەسكىن ئى-
دى. بۇ قېتىممۇ ئۇ گېپىدە تۇردى. ۋاشىنگتونغا قايتىپ بارغاچ-

دىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن، بىرنەچچە چوڭ خۇسۇسىي كارخانىچىنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇ كاتتا بايلارنى پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زامانىۋى كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىئانە قىلىشقا كۆندۈردى. بىرنەچچە يىللىق تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن كېيىن، ھازىر ئۇ كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، مەكتەپ مۇدىرى بۇ مەكتەپكە كۆپ غەمخورلۇق قىلغان كلېۋېلاندقا مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزى ئالايىتەن كەلگەنىدى.

— بولىدۇ، مەن مەكتىپىڭىزلارنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن!

كلېۋېلاند بۇ كەچ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى. مەنىسىز تۇرمۇشتىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئاساس سېلىپ قويغان بۈيۈك ئارزۇسىنىڭ ئۆز يۇرتىدا رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى ئاڭلاپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل شادىيانە ھېسسىياتقا چۆمدى.

مەكتەپ مۇدىرى ئارقىدىنلا مۇنداق دېدى:

— كېلەر يىلى باھاردا كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىدۇ. بىز بۇ قېتىم سىزگە بۇ تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە يۇرتداشلار ۋە پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار نامىدىن جانابلىرىنى يۇرتىڭىزغا قايتىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق!

— يۇرتۇمغا قايتىشقا؟...، — كلېۋېلاند تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېڭى جېرسېي شتاتىغا بېرىپ بىر قۇر ئايلىنىپ كېلىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بىراقلا كۆچۈپ كېتەرمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى.

— شۇنداق، جانابلىرى يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى كوردىۋول بازىرىدا تۇغۇلغان، پرىنسېتون بولسا سىز ئوقۇغان جاي، — دېدى

مەكتەپ مۇدىرى يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ بوۋايغا ئىنتايىن سەممىمي ۋە دوستانە تەلەپپۇزدا، —نيۇ يورك ئاۋات جاي بولسىمۇ، سىزنىڭ تىنچ ئولتۇرۇپ، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا ماس كەلمەيدۇ. بىز سىزگە ھەم خانىمىڭىزغا ئاتاپ پرىنسېتوندا ئىنتايىن تىنچ بىر داچا تەييارلاپ قويدۇق. جانابلىرى، ئۇ يەرگە بارسىڭىز، خاتىرجەم مۇھىتتا يېزىقچىلىق قىلىپلا قالماي، يەنە پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىمىزغا كېلىپ، پات - پات لېكسىيەمۇ سۆزلىيەلەيسىز! دېمەك، ئۇ يەرنىڭ شارائىتى ياخشى، جانابلىرى، رەت قىلمايدىغانسىز- ھە؟

— مەن ئويلىنىپ باقاي، مەن ئوبدانراق بىر ئويلىنىپ، ئاندىن جاۋابىنى بېرەي.

كلېۋېلاند دەرھال ماقۇل دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىنھان سوقۇۋاتقان يۈرىكى مۇشۇ قارلىق كېچىدىن باشلاپ بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى.

## ئۇ يېزىق ئۇستىلىدە ئۇشتۇمتۇت جان ئۈزدى

دەرۋەقە 1901 - يىل باھاردا، كلېۋېلاند بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى فرانسېس پرىنسېتونغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى يېڭى جېرسېي شتاتىدا خېلى زور زىلزىلە قوزغىۋەتتى.

ياشىنىپ قالغان سابىق زۇڭتۇڭ كلېۋېلاندنىڭ نيۇ يوركتىنكى ئېسىلزادىلەرگە خاس كاتتا تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، يۇرتى يېڭى جېرسېي شتاتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، يەنە كېلىپ بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئادەتتىكى مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇشقا رازى بولغانلىقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەقىلگە سىغمايدىغانلا بىر ئىش ئىدى.

ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس، ھەتتا كلېۋېلاندنىڭ ئۆزۈن

يىللىق ھەمراھى فرانسىس خانىمىمۇ دەسلەپتە بۇنداق رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماي قالدى. كىچىكىدىنلا نيۇ يورك شتا-تىنىڭ بۇففالو شەھىرىدە چوڭ بولغان فرانسىس كۆپ يىللاردىن بېرى ئېرى بىلەن نيۇ يورك، بۇففالو، ۋاشىنگتون قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ياشىنىپ قالغان ئېرى بىلەن چەت - ياقىدىكى يېڭى جېرسىي شتاتىغا بېرىپ ياشاش ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا ئۆتمە-دى. لېكىن، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، جاھىل مىجەزلىك ئېرىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

— خانىم، بۇ يەردىكى راھەت تۇرمۇشقا ئۆزىڭىزنى بەك ئۆرۈپ كەتمەڭ. مەن شۇنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىد-مەنكى، مۇبادا بىز داۋاملىق نيۇ يوركتا ياشاۋەرسەك، بۇ بىزنىڭ ئۆلۈمىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى كلېۋېلاند. ھېلىقى قار-لىق كېچىدىن كېيىن، كلېۋېلاند چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسىنى ئىزدەپ تېپە-شى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئەگەر بىر ئادەم-نىڭ تۇرمۇشتىن ھېچقانداق غەم - ئەندىشىسى بولمىسا، ھېچقاند-داق كۈرەش نىشانىمۇ بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆز جۇلاسىنى يوقىتىپلا قالماي، تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، ئۇنىڭ ھايا-تى بىلەن ئىرادىسىمۇ كۇنسايىن خورايدۇ -دە، ئۆلۈم دەھشىتى ئۇنى تېزلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەت-كەن كلېۋېلاند ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوندىن نيۇيوركقا قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن يېزىقچىلىقتا تۇزۇكرەك نەتىجە قازىنالمىغانلىقىدىكى سەۋەبنى ئاندىن چۈشەندى.

— ئۆلۈم؟ نيۇيوركتا ياشاۋەرسەك، بۇ بىزنىڭ ئۆلۈمگە يېقىنلىشىۋاتقىنىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ دەمسىز؟ بۇ گېپىڭىز بەكلا ئېشىپ كەتتىمۇ، قانداق؟

كلېۋېلاندنىڭ قارارىنى رەپىقىسى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇر-سۇن، ھەتتا چۈشىنەلمەي قالدى.

كلېۋېلاندنىڭ پىكىر قىلىشى رەپىقىسىدىن خېلىلا چوڭقۇر ئىدى، فرانسېسنىڭ ئۇنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ يېتەلىشىمۇ مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. كلېۋېلاند ئاقسارايغا ئىككى قېتىم كىرگەن سابىق زۇڭتۇڭ بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا راھەتكە دۇم چۈشكەن بىكار تەلەت ئادەم بولۇپ قېلىشىنى خالى-
مايتتى. ئۇ سىياسىي ھاياتىم ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، «نۇرغۇن سىياسىي مۇددىئالىرىم ئەمەلگە ئاشمىدى، مەن ئىلغار دەپ قارىغان نۇرغۇن ئىدىيىلەرنى خەلق تېخى بىلىپ كېتەلمى-
دى» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ كېيىنكىلەرگە ساۋاق بېرەلەيدى-
غان بىرەر ئۆلمەس ئەسەرنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى سىياسىي كەچۈرمىشلىرىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ئا-
ساستا «زۇڭتۇڭ يولۇقىدىغان مەسىلىلەر» ناملىق بىر كىتابنى يېزىپ چىقىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىمۇ كاللىسىدا ئاللىبۇرۇن تۈزۈپ بولغا-
نىدى. بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇ تىپتىنچ يېزىقچى-
لىق مۇھىتىغا موھتاج ئىدى. يۇرتى يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى تەمىنلىگەن مۇھىت ۋە شارائىت دەل شۇنىڭغا ماس كېلەتتى.

— مەن پرىنسېتونغا بارىمەن، ئۇ يەر ماڭا يېڭىچە تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر نيۇيوركتا يەنىلا تۇرۇۋېرىدىغان بولسام ئۇ ھالدا ئۆلۈمگە يېقىنلاپ بېرىشىم تېزلىشىدۇ، خالاس! — دېدى كلېۋېلاند. كلېۋېلاند نيۇ يوركتىكى كەيپ- ساپالىق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىدەك بىر ياشنىپ قالغان ئادەم ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇھىتنى ئۆز-
گەرتىپ، خىلۋەت جايغا بېرىپ ياشىسا، ئۇ يەنە بىر مەزگىل ئۆمۈر كۆرەلىشى مۇمكىن ئىدى.

فرانسېس جاھىل ئېرىنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، كلېۋې-

لاندىنىڭ پرىنسېتونغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىش توغرىسىدىكى
تەشەببۇسىغا نائىلاج قوشۇلدى.

كلىۋېلاند بىر كىچىك داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ داچا
پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېقىن جايدا بولۇپ، ئەتراپىنى بوك-
كىدە ئۆسۈپ كەتكەن سېدە دەرەخلىرى قورشاپ تۇراتتى. بۇ يەر
ھەقىقەتەنمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە چاڭ - توزاندىن خالىي ئىدى.
بۇ يەرنىڭ جىمجىت ۋە ئازادە مۇھىتى نيۇيوركتىكى ۋاراڭ -
چۇرۇڭلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. داچا
تىنچ مۇھىتقا تەشنا بولۇپ يۈرگەن كلىۋېلاندقا گويا غايىۋى
جەننەتتەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ پرىنسېتوندىكى خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. كلىۋېلاند ئۆزد-
نىڭ سىياسىيدىن يىراق بىر ئالىم بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ
خالايتتى. ئۇزۇن يىللىق ئادۋوكاتلىق ھاياتى بىلەن ئاقسارايدا
ئۆتكۈزگەن سەككىز يىللىق ئاجايىپ تۇرمۇشى ئۇنىڭ كاللىسىدا
باشقىلاردىن پەرقلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.
تىپتىنچ مۇھىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ «زۇڭتۇڭ
يولۇقىدىغان مەسىلىلەر» ناملىق كىتابىنى يېزىشقا كىرىشتى.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا كلىۋېلاند
بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە ئىدى. ئۇ قەلەم تەۋرىتىۋاتقان چېغىدا،
ئاقسارايدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر خىيال ئېكرانىدىن
بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇرۇن لىنكولن ياتقان
ھۇجرىدىكى ھېلىقى چوڭ ماموق كارىۋاتتا يېتىپ، نۇرغۇن شې-
رىن چۈشلەرنى كۆرگەنىدى! ئاقسارايىنىڭ ھەممە يېرى — يېشىل
زال، قىزىل زال، كۆك زال، كۇتۇپخانا ۋە يىغىن زالى، ئۇنىڭ-
دىن باشقا ئاساسىي بىنادىكى دۆلەت زىياپىتى زالى، پارقىراپ
تۇرىدىغان كاۋچۇك تاختايلار، نەپىس ياسالغان خرۇستال ئاسما
چىراغلار ھەمدە تامدىكى ۋاشىنگتوننىڭ غايەت زور ماي بوياق
رەسىمى قاتارلىقلار ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش ئىدىكى، ئۇ بۇلار-

نى ئەسلىسىلا ئۆزىنى گۈزەل ئۆتمۈشكە قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى. 1886 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئۇ ئاشۇ يالتىراپ تۇرغان چوڭ زالدا، زوڭتوڭلۇق سالاھىيىتى بىلەن بۇففالودىكى ئۆزى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلگەن قىزچاق فرانسېس بىلەن تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئاقسارايدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن تۇنجى زوڭتوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆز قەسىمى بويىچە بويتاق ئۆتۈپ كەلگەندى. ئۇ نيۇيوركقا يېقىن بوففالودا ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆزى ئىزچىل ياخشى كۆرىدىغان فرانسېس بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن، بىراق رەسمىي توي قىلمىغانىدى.

— كلېۋېلاند، بىز توي قىلايلىچۇ؟

1882 ـ يىلى ئۇ نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن فرانسېسنىڭ ئۆزىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشۇ تەلەپنى قويغانلىقى كلېۋېلاندنىڭ ھازىرمۇ يادىدا ئىدى.

— توي قىلايلى؟ ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە، سىز ماڭا ھەرقانچە كۆيۈنسىڭىزمۇ يەنىلا بالا ھېسابلىنىسىز. مەن سىزگە ھەرقانچە ساداقەتمەن بولساممۇ، ئۇلار مېنى يەنىلا سىزنىڭ تاغىڭىز دەپ ئويلايدۇ!

كلېۋېلاند ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش كىچىك بۇ قىزغا خېلىدىن بېرى ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ يۈرەتتى. فرانسېسنىڭ دادىسىمۇ ئادۋوكات بولۇپ، كلېۋېلاند بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن يېقىن ئەل ـ ئاغىنىلەردىن ئىدى. بىراق، فرانسېس ئون بىر ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، فرانسېسنى بېقىش ۋە ئۇنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى كلېۋېلاند ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ياش ھەم سىياسىي ئىستىقبالى پارلاق كلېۋېلاندقا نۇرغۇن ياخشى قىزلار ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇ نېمىشقىدۇر توي قىلىش پۇرسىتى-

لىرنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. كلېۋېلاندنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى پاك ۋە گۈزەل فرانسېسلا بىلەتتى. كلېۋېلاندقىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئايان ئىدى. لېكىن، ئۇ فرانسېس بىلەن توي قىلىشنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەپ قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ياق! سىز مېنىڭ تاغام ئەمەس، مەن سىزنى ئاكا دېسەم توغرا بولىدۇ.

— بىراق دادىڭىز هايات ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭ بىلەن قان قېرىنداشتەك ئۆتكەن تۇرسام!

— ئۇ دېگەن ئۇ چاغ، هازىر دېگەن هازىر، بىز مۇناسىۋىتىمىزنى ئۆزگەرتسەك نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

— ئۆزگەرتىش توغرا كەلسىمۇ، هازىر بولمايدۇ.

— ئەمىسە يەنە قانچىلىك كۈتىمەن؟

— مەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان كۈننى كۈتۈڭ!

— ۋاي خۇدايىم، سىز زۇڭتۇڭ بولالامسىز؟

بۇ تۇتامى يوق قەسەمنى ئاڭلاپ، فرانسېسنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەندى.

مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى! كلېۋېلاند مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا ئۇيۇلمىغان يەردىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كۆرسەتكەن نامزاتى بلايىننى مەغلۇپ قىلدى؛ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى بىتەرەپ ئېقىمدىكىلەرنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى.

فرانسېسنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ كلېۋېلاندقا ئەگىشىپ ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن توي كۆڭلىكىنى كىيدى!

كلېۋېلاند بىلەن فرانسېس سابىق زۇڭتۇڭ ئارتۇر قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئالماشتۇرۇپ، پەقەت فراد-

سۇزچە قورۇما تەييارلىيالايدىغان ياشانغان بىر ئاشپەزنىلا ئېلىپ قالدى. كلېۋېلاند فرانسېسقا مۇنداق دېدى:

— بىز تاماق يېيىشىمىز كېرەك، لېكىن مەن فرانسۇزچە قورۇمىلارنى ئەمەس، بەلكى تۇزلىغان بېلىق، قۇرۇتۇلغان پىشلاق ھەم لۇئىسچە قوۋۇرغا يېيىشنى بەكمۇ خالايمەن!...

كلېۋېلاند بىلەن فرانسېسنىڭ ئاقسارايدا ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشى كلېۋېلاند يېزىۋاتقان ئەسەرگە بىر - بىرلەپ خاتىرىلىنىشكە باشلىدى.

ئۇ بۇ كىتابتا ئۆزىنىڭ ئاقسارايغا ئىككى قېتىم كىرگەن چاغدىكى تۆھپىسى ۋە سەۋەنلىكلىرىنى ئاساسلىق بايان قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەت جەھەتتە ياراتقان نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قاراتقان ھەربىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى «ئامېرىكا قوللانمىسا بولمايدىغان تەدبىر» دەپ قارايتتى. شۇنداقلا كلېۋېلاند ئامېرىكا تارىخىدىكى تاجاۋۇزچى قارا قولىنى ئاسىيا قىتئەسىگە سۇنغان تۇنجى زۇڭتۇڭ بولۇپ، ئالدى بىلەن 1886 - يىلى ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، جەنۇبىي چاۋشيەنگە زور بىر تۈركۈم ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. 1888 - يىلى ئۇ دېڭىز ئارمىيىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تىنچ ئوكياندىكى غەربىي ساموئا ئارىلى ۋە ھاۋاينى ئىشغال قىلغان؛ ئىككىنچى قېتىم ئاقسارايغا كىرگەن ۋاقتىدا، ئۇ 1894 - يىلىدىكى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنى جۇڭگونىڭ پېڭجىندىكى بىرىنچى سەپ دېڭىز مۇداپىئە لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن، ھەربىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئۇنى ئامېرىكا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى داڭلىق بىر مۇستەبىت ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ قارىماققا ئېغىر - بېسىق ۋە سىپايە ئۆلىمالاردەك كۆرۈنگىنى

بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر تاجاۋۇزچى ھۆكۈمران سىياقىدا خەلققە تونۇلۇپ كەتكەنىدى. كلېۋېلاند ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئۆزى يا-راتقان تۆھپە ۋە سەۋەنلىكلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى.

كلېۋېلاند ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىدا «شەنبىلىك پوچتا گېزىتى» دىمۇ ئىزچىل ماقالە ئېلان قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدە ئاساسلىقى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى پاش قىلىناتتى، توغرا ئىستىل تە-كىتلىنەتتى.

1908 - يىلى يېشى يەتمىش بىردىن ئاشقان كلېۋېلاند ئۈچۈن تازا ياراشمىغان بىر يىل بولدى. يېڭى يىل ھارپىسىدىلا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىشقا باشلىغانىدى. يېڭى يىل ئاخىرى-مى ئۇ تېيىلىپ كېتىپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن داچىنىڭ سىرتىدا ئۆزى خالىغانچە سەيلە قىلىپ يۈرەل-مەيدىغان، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، رەپىقىسى فرانسېس-نىڭ ئىتتىرىشى بىلەن بىنادىكى كىچىككىنە كارىدورغىلا چىقالاي-دىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

بۇ يىلنىڭ ياراشمىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇس-تۈنكى تاڭلىيىدىكى كونا جاراھەت ئېغىزى قاتتىق ئاغرىشقا باش-لىدى. بۇ — خۇراپىيلىقى كۈچلۈك كلېۋېلاندقا نىسبەتەن بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىدى. 1892 - يىلى ئۇ يەنە زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىششقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، يامان خاراكتېر-لىك بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، يەنى ئۇنىڭ ئۈستۈنكى تاڭلىيىدا تۇيۇقسىزلا بىر ئۆسمە پەيدا بولدى. بۇ تاشقى قىياپەتكە ئەزەلدىنلا ئەھمىيەت بېرىدىغان كلېۋېلاندنىڭ تۇرقىنى سەتلەشتۈرۈپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ۋاقىتىدا داۋالانمىسا ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى. يەنە كې-لىپ، بۇ دەل سايلامنىڭ ھالقىلىق پەيتى بولغاچقا، كلېۋېلاند

ھەرخىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا ماھىر بىر داڭلىق ئەرباب
سۈپىتىدە جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا نامايان بولۇشى كېرەك ئىدى.
شۇڭا، ئۇ كېچىلەپ دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۆسمىنى كەستۈرۈ-
ۋەتكەن، جاراھەت ئىزى ساقايماستىنلا سايلام ئىشلىرى بىلەن
بولۇپ كەتكەن ھەم ئاخىر غەلىبە قازانغانىدى!
ئۇ ئۆسمىنىڭ ئېلىۋېتىلگىنىگە خېلى يىللار بولغان تۇرسا،
ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن قالغان يارا ئىزىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىد-
شى زادى قانداق گەپتۇر؟ بۇ يەنە ئۆسمە پەيدا بولۇشنىڭ ئالامىتى-
مىدۇر؟ لېكىن، ئۆسمە قايتا پەيدا بولمىدى، كلېۋېلاندنىڭ
يۈرىكىمۇ جايىغا چۈشتى. ئەپسۇسكى، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئا-
يىغى ئۈزۈلمىگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، كلېۋېلاندنىڭ سالامەتلىكى
بىراقلا ناچارلىشىپ، ماڭالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ
بەزىدە قەلەمنى تۇتقىنىچە ھاڭۋاقتى ئادەمدەك ئولتۇرۇپ كېتەت-
تى. ئۇ يېشى بىر يەرگە بارغان، تېنى ئاجىزلاپ، ماغدۇرىدىن
كەتكەن بولسىمۇ، دەم ئالغىلى ئۇنىماي، ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسە-
رى «مۇنەۋۋەر پۇقرا»نى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى.
ئۇ بەزىدە يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كې-
تەتتى ـ دە، يېزىقچىلىقنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر
بولاتتى.
كلېۋېلاندنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ ھەسرەتتە قويغىنى،
ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىپ كەتكىنى بولماستىن، بەلكى
ياش ھەم چىرايلىق رەپىقىسى فرانسېسنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلغى-
نى بولدى. قېرى ئەر بىلەن ياش ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھامان
كېلىشمەسلىك بولىدىغانلىقى، ھەتتا باشقىلارغا كۆڭۈل بېرىش
ئەھۋالىنىڭمۇ يۈز بېرىدىغانلىقى كلېۋېلاندقا ئايان ئىدى. چاقلىق
ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كلېۋېلاند ئۆزى بۇرۇن جېنىدىن ئەزىز
كۆرگەن ئامراق رەپىقىسىنىڭ ئەمدىلىكتە تومىسېن بوستان ئى-
سىملىك بىر پروفېسسور بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكى-

نى ئېنىق بىلسىمۇ، چىشىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ فرانسىسقا گەپ قىلغاندىن كۆرە، ئۇنىڭغا كېيىنلىكى ئۈچۈن بىر يول هازىرلاپ قويۇش شارائىتى بېرىشنى لايىق تاپ-تى. كلىۋېلاند ئۆزى ئىلگىرى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن فرانسىسنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىدىن غەزەپلەندى، لېكىن ئۆزىنى يەنىلا ئۇنىڭ تاغىسى قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇهەببىد-تىگە سوغۇقچىلىق سېلىشنى راۋا كۆرمىدى.

1908 ـ يىل يازدا چىدىغۇسىز ئىسسىق بولدى.

كلىۋېلاند ئۆزىنىڭ «مۇنەۋۋەر پۇقرا» ناملىق كىتابىنى ئا-خىر يېزىپ تۈگەتتى. لېكىن ئۇ ئارىلىقتىكى بەزى ئابزاس ۋە جۈملىلەردىن تازا رازى بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا تېزدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۆزى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى.

ئەپسۇسكى، 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇ ئۇستەلدە مەلۇم بىر ئابزاسنى تۈزىتىۋاتقان چېغىدا، يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىپ، بېشى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قىيسايدى ـ دە، قەلەم تۇتقان قولى ئۇستەلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

قەلەم يەرگە چۈشتى.

كلىۋېلاند ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ رەپىقد-سى فرانسىس بىلەن پروفېسسور تومىسېن پرىنسېتون ئۇنىۋېر-ستېتىنىڭ زالىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى شان ـ شەرەپ

## —— يىگىرمە ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ بېنجامىن خارىسسون



بېنجامىن خارىسسون 1833 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوخىئو شتاتىدىكى شىمالىي بېند رايونىدا تۇغۇلغان. ئەجدادى ئەنگلىيىلىك، ئۇ كىچىكىدىنلا جۇرئەتلىك، تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ، ئۆزىدە دېھقان ئەۋلادىغا خاس مەردانە خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن، ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە كارېس ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن ھەمدە ئەلا ئوقۇغان؛

1850 ـ يىلى مىئامى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان؛

1853 ـ يىلى سۆيگىنى كاررولىن لاۋىنىيە سكوت بىلەن توي قىلغان؛

1854 ـ يىلى سىنسىناتىدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا بېرىپ قانۇن ئۆگەنگەن؛

1855 ـ يىلى ئىندىئانا شتاتىدىكى پاۋلېيسقا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقان؛

1855 ـ يىلى ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بول-

غانلىقى ئۈچۈن، بۇيرۇققا بىنائەن ئىندىئانا شتاتلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمدارلىقىغا تەيىنلەنگەن، ئىككىنچى يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيە-سىگە ئەزا بولغان؛
1857 ـ يىلى ئىندىئانا شتاتى پاۋلېيس شەھىرىنىڭ تەپتىش ئەمەلدا-رى بولغان؛
1858 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىندىئاننا شتاتىدىكى مەركىزىي كومىتېتىدا كاتىپ بولغان؛
1860 ـ يىلى ئىندىئاننا شتاتى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچى ئەمەلدارى بولغان؛
1862 ـ يىلى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، سىتارشى لېتنانتلىقتىن پولكوۋنىكلىققا، ئاخىرىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە برىگادا گېنې-راللىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛
1865 ـ يىلى ئۇرۇشتا زور تۆھپە كۆرسەتكەن قەھرىمان دېگەن نام بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن؛
1867 ـ يىلى يەنە ئىندىئاننا شتاتىغا قايتىپ، سوت مەھكىمىسىدە پۈتۈكچى ئەمەلدار ھەم قوشۇمچە ئادۋوكات بولۇپ ئىشلىگەن؛
1881 ـ يىلى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان؛
1888 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تەرىپىدىن زۇڭتۇڭ نام-زاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ھەم ئۇزاق ئۆتمەيلا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان؛
1892 ـ يىلى يەنە سايلامغا قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغان؛ 1893 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەختتىن چۈشۈپ، ئۆزى باش كۆتۈرگەن يەر ئىندىئاننا شتاتىغا قايتىپ كەلگەن، بۇرۇنقى ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاچ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا يېزىقچىلىق قىلغان؛
1896 ـ يىلى قايتا نىكاھلانغان؛
1898 ـ يىلى باش ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بىلەن ياۋروپاغا بېرىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن؛
1901 ـ يىلى ئاتمىش يەتتە يېشىدا پاۋلېيس شەھىرىدە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. مېيىتى ئىندىئاننا شتاتىغا دەپنە قىلىنغان.

## سايلامنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئايالى قازا قىلدى

— زۇڭتۇڭ ئالىيلىرى، خانىم يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كەتتى! — پات ئارىدا باشلىنىدىغان زۇڭتۇڭ سايلىمىغا تەييارلىق

كۆرۈش ئۈچۈن نەچچە كۈن پالاقشىپ ھالى قالمىغان خارىسسون يېرىم كېچە بولغاندا ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ھۇجرىسىدا ئەمدىلا مۈگدىۋىدى، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئاستاغىنە كىردى ـ دە، زۇڭتۇڭنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھەمراھى گاررولىن لاۋىنىيە سكوتنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

بۇ 1892 ـ يىل 10 ـ ئاي بولۇپ، خارىسسوننىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ھالقىلىق سايلامغا قاتنىشىدىغىنىغا ئىككى ھەپتىلا ۋاقىت قالغانىدى.

«خارىسسون، مېنىڭ كېسىلىمدىن ئەنسىرىمەڭ، سىز ھەل قىلغۇچ سايلامغا تەييارلىق قىلىۋېرىڭ.»

خارىسسون رەپىقىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، كارىۋاتتىن دەرھال قوپتى. قۇلاق تۈۋىدە سكوت خانىمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ياڭرىسىلا، ئۇنىڭدىكى ھارغىنلىق پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتەتتى.

خارىسسون ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىغا ئەگىشىپ، چىراغلىرى غۇۋا يېنىپ تۇرغان كارىدوردىن ئۆتتى. سكوت خانىمنىڭ كېسىلىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھەتتا پات ئارىدا باشلىنىدىغان زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىنىمۇ ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى، سكوت خانىم خارىسسون ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ئون تۆت ياش ۋاقتىدا سىنىناتىدىكى كارېس ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا ئەقىللىق ھەم چىرايلىق سكوت بىلەن تونۇشاتتى. ئۇنىڭدىن بىر ياش كىچىك سكوت ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپلا بىللە ئوقۇغانىدى. ئەينى چاغدا، خارىسسوننىڭ ئائىلە ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ توققۇز بالىنىڭ ئىككىنچىسى بولغاچقا، ئىنتايىن جاپالىق ئوقۇغانىدى. باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان سكوت ئۇنى كەمبەغەلنىڭ بالىسى دەپ

يەكلىمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن بوي - تۇرقى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئەمما ناھايىتى ئەقىللىق خارىسسوننىڭ چوڭ بولغاندا قالتىس بىر ئادەم بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت كۆيۈنەتتى، كۆڭۈل بۆلەتتى. كېيىن ئۇ خارىسسوننىڭ كارېس ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، سىنىپ-ناتىدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا بېرىپ قانۇن ئۆگىنىشىگىمۇ چوڭ ياردەم قىلغانىدى.

— سكوت، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن كەلدىم!

خارىسسون بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئاقسارايىنىڭ ئىك-كىنچى قەۋەت سول تەرىپىدىكى ۋاقىتلىق بالىنىستقا — ئەينى يىلى زۇڭتۇڭ گارفېيلد قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن داۋالانغان جايغا يېتىپ كەلدى.

— سكوت، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن كەلدىم! — دېدى خا-رىسسون. سكوت خانىم كارىۋاتتا بىھوش ياتاتتى. ئاقسارايىنىڭ نۆۋەتچى دوختۇرلىرى بىلەن سېستىرالىرى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان سكوت خانىمنى چىراغ نۇرى ئاستىدا ئاخىرقى قېتىم جىددىي قۇتقۇزۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە كۈن-دىن بۇيان، ئۇلار بارلىق ئامال - چارىلەرنى قوللىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ، يەنە بولدى قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇلار زۇڭتۇڭ خارىس-سوننىڭ بۇ ۋاپادار ھەمراھىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

سكوت خانىم سەل - پەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. ئۇ خارىسسوننىڭ دىقماق گەۋدىسىگە ۋە پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىگە نەزەر سالدى. كىچىككىدىنلا خارىسسون بىلەن سىرداش بولۇپ ئۆتكەن ھەمدە 1853 - يىلى تېخى ھېچقانداق داڭق چىقارمىغان ئادۋوكات خارىسسونغا ياتلىق بولغان بۇ ئايالدا ھازىر ياش ۋاقتى-دىكى تۇرق - لاتاپەت ۋە ئۆزگىچە يېزىقچىلىق - ناتىقلىق قابىلى-يىتىدىن، شۇنداقلا ئەينى چاغدا سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن «ئامې-

ـرىكا ئىنقىلابىي ئاياللار جەمئىيىتى» نىڭ تۇنجى رەئىسى بولۇپ سايلانغان چاغدىكى سۇبات ـ جەزبىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى كېسەل چىرمىغان ھالدا خارىسسونغا ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ جەۋھىرى بولغان قىزى بىلەن ئوغلىنى قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

— خارىسسون، ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىڭ! سكوت خانىمنىڭ تومۇرى ئىنتايىن ئاجىز سوقۇپ، تىنىقى ئېغىرلىشىپ قالغان، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى دەپ پات ئارىدا باشلىنىدىغان زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھەم ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ ئۆزىگە يېقىن تۇرغان خارىسسونغا پىچىرلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى، — مېنىڭ كېسىلىم ئەمدى ساقايمايدۇ، ئەپسۇس، مەن تۆت يىل بۇرۇنقىدەك سىز بىلەن ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ سايلام نۇتقى سۆزلىيەلمەيدىغان بولدۇم. لېكىن، مەن سىزنىڭ ئەرلىك جاسارىتىڭىز بىلەن ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىڭىزغا يەنىلا ئىشىنىمەن!...

شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا، ئوخشىمىغان شتاتلارنىڭ كېيۇستى بازىرىدا خارىسسون بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولغان ھەممە شۇ يەردىن يېڭىچە ھايات سەپىرىگە ئاتلانغان بۇ ئايال ئىككى كۆزى يۇمۇلۇپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

سكوت خانىمنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سايلام رىقابىتى ھارپىسىدا ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى خارىسسونغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر بىر زەربە بولدى! ئۇ ئۆزىگە ئۆزۈندىن بۇيان يۆلەك بولۇپ كېلىۋاتقان مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالغانىدى. بۇ ئۇ ھاياتىدا ئۇچرىغان ئىككىنچى چوڭ زەربە ھېسابلىناتتى. بوۋىسى ۋىلىيام خېنرى خارىسسوننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمى (ئامېرىكىنىڭ توققۇزىنچى زۇڭتۇڭى) ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان تۇنجى قېتىملىق چوڭ زەربە دەپ

قارالسمۇ، خارىسسون كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىل-
دىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى خۇلاسىلىگىنىدە، رەپىقىسى سكوت خا-
نىمنىڭ تۈيۈقسىز ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قايتا ۋەزىپە ئۆ-
تەش تىرىشچانلىقىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان توپ سەۋەبلەرنىڭ
بىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. سكوت خانىم-
نىڭ ئۆلۈمى خارىسسوننى روھىي جەھەتتىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچ-
راتتى.

ئەسلىدە خارىسسون ۋەزىپە ئۆتىگەن تۆت يىل جەريانىدا
سكوت خانىم ئۇنىڭغا يېقىندىن مەدەت بېرىپ تۇرغاچقا، سىياسىي
ساھەدە خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ
قېتىمقى ھەل قىلغۇچ سايلام يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى بىر تۈركۈم ئاقىل مەسلىھەتچىلىرى دېموكراتلار پار-
تىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كلېۋېلاندنى يېڭىپ چىقىشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىدىغان نۇتۇق ئورىگىنالىنىمۇ تەييارلاپ بولغانىدى.

ئۇلار خارىسسون ئۈچۈن تەييارلىغان بۇ ئورىگىنالغا كىشىنى
چىن قەلبىدىن قايىل قىلىدىغان نۇرغۇن سىياسىي نەتىجىلەرنى
يۇغۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى ھەممىدىن بەك
قايىل قىلىدىغىنى، خارىسسون ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ۋۇجۇد-
قا كەلتۈرگەن، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلى-
كىگە پايدىلىق بولغان تۆت تۈرلۈك قانۇن ئىدى. ئۇلار:
1890 - يىل 10 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «ماك كېنلىي تاموژنا
بېجى قانۇنى»؛ 1890 - يىلى 7 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «شېر-
مان كۇمۇش سېتىۋېلىش قانۇنى»؛ 1890 - يىل 7 - ئاينىڭ
2 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «شېرماننىڭ توراسقا قارشى قانۇنى»
ۋە 1890 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېلان قىلىنغان
«ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش نەپىقە پۇلى قانۇنى» دىن ئىبارەت
بولۇپ، بۇ تۆت تۈرلۈك قانۇن خارىسسوننىڭ تۆت يىل ھاكىمى-
يەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى قايىل قىلىش كۈچى ئەڭ زور

بولغان مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىناتتى. بۇ قانۇنلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينىغان رولىمۇ خەلقئالەمگە ئايان ئىدى. شۇڭا، 1892 ـ يىل يازدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا خارىسسون ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا داۋاملىق كۆرسىتىلگەن، شۇ چاغدا، ئاقسارايدا چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خارىسسوننىڭ كەلگۈسىدىكى چوڭ سايلامدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كلېۋېلاند بىلەن خەلق پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى ۋېۋېرنىڭ ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى!

بىراق، خارىسسون ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، ئالدىن بەلگىلەنگەن سەييارە نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى باشلاي دەپ تۇرغاندا، كۈتۈلمىگەن بۇ ئىش يۈز بېرىپ قالدى. ئۇ سكوت خانىم ئۈچۈن چوقۇم بىر ئالاھىدە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ھېسسىياتقا ئېتىبار بېرىدىغان خارىسسوننىڭ نەزىرىدە، ئايالىنى يەرلىكتە قويۇشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق ئىدى.

خارىسسوننىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىگە زور ئۈمىد باغلىغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۇنى دەرھال سايلام رىقابىتىگە ئاتلىنىشقا ئۈندەپ نەچچە قېتىم ئالاقە ۋە تېلېگرامما يوللىدى. لېكىن، خارىسسون ھالقىلىق پەيتتە يەنىلا رەپىقىسى ئۈچۈن ئالاھىدە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاشۇ ئىشقا سەرپ قىلىۋەتتى! ئەمەلىي كۈچى ئۇنىڭغا يەتمەيدىغان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كلېۋېلاند بولسا دەل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى دادىل تەشۋىق قىلىپ، قايتا تەختكە چىقىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلىۋالدى.

قىش پەسلىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەرھۇم رەپىقىسى سكوت خانىمنى يەرلىكىدە قويغىنىغا تېخى يېرىم ئايمۇ بولمىغان

خارىسسون ئىغىر جۇدالىق ئازابىدىن قىيىنىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، چوڭ سايلام يېتىپ كەلگەن چاغدا ئالدىراپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاقىل مەسلىھەتچىلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق يېزىپ تەيىيارلاپ بەرگەن سايلام نۇتقىنى خەلققە بىرەر قېتىم ئوقۇپ بېرىشىكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مۇشۇ سايلام ۋاستىسىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كەچكەن چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتە ئاۋاز بېرىش باشلىنىپ بولغانىدى. ئەنە شۇنىداق مۇتلەق پايدىسىز شارائىتتا، خارىسسون جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى كلېۋېلاند تەرىپىدىن بىراقلا مەغلۇپ قىلىندى!

خارىسسون تەختتىن چۈشتى!

## پاۋلېيس شەھىرىدە ئايالىنىڭ جىيەن قىزى بىلەن توي قىلدى

خارىسسون ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلدى.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. بۇ پەقەت ئۇ ئاقسارايدا بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا، يىراقنى كۆرەر مەرھۇم رەپىقىسى سكوت خانىم ئۇنىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن مېڭىشىغا قالدۇرۇپ قويغان بىر يول ئىدى.

— خارىسسون، ھەرقانداق بىر مەشھۇر سىياسەتچى زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا مەڭگۈ ئولتۇرالمىغان. ھەتتا ۋاشىنگتونمۇ ئىككى قېتىملا ئولتۇرغان، بىزمۇ ھەم شۇنداق!

سكوت خانىم ئەينى ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن ئېرىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ تۇرلۇك ئاماللار ئارقىلىق ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان، يەنە بىر تەرەپتىن قايتا ۋەزىپە ئۆتەش خىيالىدا سايلامغا جىددىي تەيىـ

يارلىق قىلىۋاتقان ئېرىگە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەنىدى.

— مەن بىلىمەن، مەنمۇ هامان بىر كۈنى ئاقسارايدىن يېنىپ چىقىپ، ئاۋامنىڭ ئارىسىغا قايتىمەن.

— لېكىن سىز تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن نەگە بېرىشىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— هازىرچە ئۇنى ئويلاش بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

— بالدۇرلۇق قىلمايدۇ، سىز ئۇ چاغدا بۇرۇنقىدەك يۇرتىڭىزغا قايتىپ يەنە ئادۋوكاتلىق قىلماقچىمۇ؟

— ئادۋوكاتلىق قىلساممۇ بولىدۇغۇ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشى ئۆتىدۇ. ئەينى يىللىرىمۇ مەن ئاشۇ كەسىپ بىلەن كۆتۈرۈلگەن تۇرسام.

— بولمايدۇ، خارىسسون، ئەمدى يەنە ئادۋوكاتلىق قىلىمەن دېسىڭىز سىزگە ياراشماي قالىدۇ!

— نېمىسى ياراشمايدىكەن؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن سىز زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم - دە! يەنە قايتىپ بېرىپ، ئاشۇ دەۋا - دەستۇرلارغا ئارىلىشىپ يۈرسىڭىز قاملىشامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى.

— ئادۋوكاتلىق قىلمىسام نېمە ئىش قىلىمەن؟ مەن ئادۋوكاتلىقنىلا بىلىدىغان تۇرسام؟

— خارىسسون، مېنىڭچە سىز قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەڭ. دېمەكچىمەنكى، بىرەر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ پروفېسسور بولۇڭ! چۈشەندىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ كەسپىڭىز قانۇن بولغاندىكىن، چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيسىز، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ قالمايسىز. ئۇ خېلى بولىدىغان خىزمەت، كېيىنكى ئۆمرىڭىزنى شۇ ئىش بىلەن ئۆتكۈزسىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ!

سكوت خانىمنىڭ بۇ يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خارىس-

سون ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىچىدە قايىل بولۇپ قالدى. ئۇ سكوت خانىم-
نىڭ ئۆزىگە نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆلۈمسى-
رىدى. شۇغىنىسى سكوت خانىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش
قارارىغا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ قوشۇمىسى يەنە تۈرۈلۈپ قالدى:
— بىراق، مېنىڭ ھېچقانداق ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن ئالاقەم
بولمىسا، نەگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەيمەن؟
سكوت خانىم دەرھال جاۋاب بەردى:
— مەن ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ قوي-
دۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز تەختتىن چۈشسىڭىز، شۇ يەرگە
بېرىپ قانۇنشۇناسلىقتىن دەرس بەرسىڭىز بولىدۇ!
ھازىر، ئۇنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك خانىمى يېنىدا يوق ئىدى.
چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولغان خارىسسون ھەممە نەرسىگە بولغان
ئىشەنچىنى يوقاتتى، نارازىلىق سادالىرى ئىچىدە ئۇ ئائىلى ھايات
ۋاقتىدا ئۆزىگە تەييارلاپ قويغان يولدا مېڭىپ، ستانفورد ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولدى.
ئەينى يىلى ئاقسارايغا كىرىشتىن ئىلگىرى، خارىسسون
1881 ـ يىلى پارلامېنتنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلان-
غان، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نۇتۇق قابىلىيىتى بىلەن پارلامېنتتا
زور تەسىر قوزغىغانىدى. دېمەك، بۇرۇن پالاتا ئەزاسى ھەم
زۇڭتۇڭ بولغان خارىسسونغا نىسبەتەن، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ دەرس مۇنبىرىدە تۇرۇپ، سەبىيلىكى تېخى يېتمىگەن
ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش ھېچقانچە
قىيىنغا توختىمايتتى.
ئۇ ئاساسلىقى ئۆزى ئىشتىراك قىلغان ھەر خىل دېلولارنى
سۆزلەيتتى. ئۆزى باش بولۇپ تۈزگەن تۆت قانۇننىڭ چوڭقۇر
مەنىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ بېرەتتى. ئۇ «ماك كېن-
لىي تاموژنا بېجى قانۇنى» بىلەن «شېرمان كۇمۇش سېتىۋېلىش

قانۇنى» قاتارلىق تۆت قانۇنىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى سۆزلىگەندە، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جانلىق ھەم ئەمەلىي دەلىللەرگە ئىگە قىلاتتى، بۇ باشقا ھەرقانداق ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى.

خارىسسوننىڭ قانۇن لېكسىيىسى ناھايىتى ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىنى پەقەتلا قوبۇل قىلالماي قالدى. چۈنكى، ئىلگىرى ئاقسارايدا ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خارىسسون دەرس سۆزلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز مەلۇم بىر ئىشقا ياكى مەلۇم بىر ئوقۇغۇچىغا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كېتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنى بىزار قىلغان يەنە بىر تەرىپى، ئۇ كۆپىنچە دەرس ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىياسىي كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەش بىلەنلا توشقۇزۇۋېتەتتى. خارىسسوننىڭ دەرس سۆزلەش مېتودىدىن زېرىككەن ئوقۇغۇچىلار دەسلىپىدە دەرس تاشلاشتەك پاسسىپ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. كېيىنچە ھەممىسى بىرلىشىپ خارىسسوننىڭ ھەپتىدە بىر ئۆتىدىغان قانۇن دەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ مەكتەپ مۇدىرىغا خەت يازدى.

خارىسسون ئوقۇغۇچىلاردىكى نارازىلىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ۋەزىپىسىدىن دەرھال ئىستېپا بېرىپ، 1894 - يىل كۈزدە ئەينى ۋاقىتتا ئايالى سكوت خانىم بىلەن شېرىن ئايلارنى ئۆتكۈزگەن پاۋلېيس شەھىرىگە مەيۈس ھالدا قايتىپ كەلدى.

بۇ ئىندىئانا شتاتىدىكى داڭلىق شەھەر بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە خاس ئۇسلۇبتا سېلىنغان قۇرۇلۇشلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۈس بېرىپ تۇراتتى، سۈيى سۈپسۈزۈك بىر كىچىك دەريا ئۇنى توغرىسىغا كېسىپ ئاقاتتى. خارىسسون ئاقسارايدىكى

چاغلىرىدىلا ئۆزىگە خۇشاللىق ھەم بەخت ئاتا قىلغان، شۇنداقلا ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى بېغىشلىغان بۇ شەھەرنى پات - پات ئەسلەپ تۇراتتى. بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سىياسىي سەھنىسىگە چىقىشىدىكى ھەقىقىي باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. 1854 - يىل باش باھارنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، خارىسسون ئايالى سكوت خانىم بىلەن بىللە ئۆزى تۇغۇلغان يەر شىمالىي بېندتىن ئايرىلىپ، كونا بىر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ بۇ شەھەرگە كەلگەن چاغدىلا، بۇ قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى گۈزەل شەھەر ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. خارىسسون بۇ قېتىم پاۋلېيس شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن چېغىدىلا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن زۇڭتۇڭلارنىڭ ھوقۇقتىن چۈشكەندىن كېيىن نېمىشقا ئاۋات پايتەختنى تاشلاپ، ئۆزلىرى ئەينى چاغدا ياشىغان جايلارغا كېتىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىپ يەتتى.

ئىندىئانا شتاتىغا جايلاشقان پاۋلېيس شەھىرى ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئۇ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا مائاشى يۇقىرى، سالاھىيىتى ئۆزگىچە بىر پروفېسسور بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولغان بولسىمۇ، گۈزەل پاۋلېيس شەھىرىنى يادىغا ئالسىلا، يۇقىرىقىدەك ئىمتىيازلار كۆزىگە كۆرۈنمەي قالاتتى!

ئايالى سكوت خانىم بىلە بىللە قايتىپ كېلەلمىگىنى — ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەن بىردىنبىر ئىش بولدى.

پاۋلېيس شەھىرىدىكى بىر مەركىزىي كوچىدا «خارىسسون ئادۋوكاتلىق ئورنى» دېگەن بىر ۋىۋىسكا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قەد كۆتۈردى. بۇ 1854 - يىلى خارىسسون دوستى ۋىليام ۋاللىس بىلەن بىللە ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچقان جاي بولۇپ، شۇ يىللاردا دوستىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئايالىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، خارىسسون تېخى ھېچقانداق نامى چىقمىغان

بىر ياش ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇ چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر مويسىپىت بوۋاي سۈپىتىدە ئۆز يۇرتۇم دەپ تونۇيدىغان بۇ شەھەرگە يەنە قايتىپ كەلدى.

«خارىسسون ئەپەندى، قايتىپ كېلىپ، يەنە ئادۋوكات بولغىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز!»

«بىز سىزنىڭ بۇرۇنقى چاغلىرىڭىزدىكىدەكلا بىز ئۈچۈن دەۋا ئىشلىرىدا يېڭىپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز!»

«خارىسسون ئەپەندى، سىزدە ھېچقانداق ئەندىشە بولمىسۇن، بىز پاۋلېيسلىقلار سىزنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا كۆردىمىز!...»

......

ئادۋوكاتلىق ئورنى ئېچىلغان كۈنى، ياشانغان خارىسسون ئۆزىنى تەبرىكلەپ كەلگەن بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پاۋلېيس شەھىرىدىكى ئەمەلدارلارمۇ، ئۇ ئىلگىرى تونۇشىدىغان كەسىپداشلىرىمۇ، ئىلگىرى ئۇنىڭ ھىمايىتىگە ئېرىشكەن پۇقرالارمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ، خارىسسون يېڭىپ چىققان ھېلىقى داڭلىق دەۋانىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىلىرى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت! مېنى قوللىغىنىڭلارغا رەھمەت!

خارىسسون ئۆزىنى خۇددى ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندەكلا بەختىيار ھېس قىلدى.

خارىسسونىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى دەۋا ئېيتىپ كەلگۈچىلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن مۇشۇ يەردە داڭق چىقارغاچقا، يەنە كېلىپ، كېيىن پالاتا ئەزاسى ھەم زۇڭتۇڭ بولغاچقا، ئادۋوكاتلىق ئورنى ئېچىلغان كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ سودىسى ئالاھىدە قىزىپ كەتتى. باشقا ئادۋوكاتلار قوبۇل قىلمىغان ياكى ئالاھىدە مۇرەككەپ دەۋا ـ دەستۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇ دەۋاگەرلەر خارىسسون ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئالا-

ھەدە ئورنى، ئۇزۇن يىللىق ستاژى ۋە ئۆزگىچە نۇتۇق قابىلىيە-
تى بىلەن ھەرقانداق قىيىن دەۋادىمۇ يېڭىپ چىقالايدۇ دەپ
قارايتتى.

بۇ خىل قىزغىن ھالەتتىن خارىسسون ئىنتايىن خۇشال
بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى.
يېڭىپ چىقىش ئېھتىمالى پەقەتلا يوق دەۋالارنى ئۇ چىرايلىقچە
رەت قىلاتتى:

— كۆپچىلىك مېنى ئىلاھلاشتۇرۇۋالماڭلار. ئەگەر سىز-
نىڭ ئەرزىڭىز قانۇنغا زىت بولسا، ماڭا قانچىلىك ئىشەنگىنىڭىز
ھەم قانچىلىك پۇل بەرگىنىڭىز بىلەنمۇ سىزگە قىلچىلىك ياردەم
قىلالمايمەن!

گەپ شۇنداق ئېيتىلغان بولسىمۇ، خارىسسون قوبۇل قىل-
غانلىكى دەۋادا پۇتۇنلەي دېگۈدەك يېڭىپ چىقاتتى. ئىلگىرى ئامې-
رىكا ئۈچۈن قانۇن تۈزگەن بۇ سابىق زۇڭتۇڭ قانۇننىڭ نازۇك
جايلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى.

پاۋلېيس شەھىرىگە ماكانلاشقان خارىسسون ياشلىق مەزگى-
لىدە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇنى قايتىدىن
تېپىۋالدى. پاۋلېيستىن چىقىپ كەتكەن چاغدا ئۇ تېخى جاسارىتى
ئۇرغۇپ تۇرغان قىران بىر ئادەم ئىدى. ئەمدىلىكتە چاچلىرى
ئاقارغان بىر بوۋاي سىياقىدا قايتىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى-
نىڭ سكوت خانىم بىلەن بىرگە ئۆتكەن بەختلىك كۈنلىرىنى
ئەسلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھوقۇقنىڭ يۈكسەك پەللىسى-
دىن بىراقلا ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا دومىلاپ چۈشكەن بۇ
سابىق زۇڭتۇڭنىڭ قورقىدىغىنى سىياسىي ساھەدىكى مەغلۇبى-
يەتتىن كېلىپ چىققان ئازاب بولماستىن، بەلكى تەنھا ھەم زېرى-
كىشلىك تۇرمۇش مۇھىتى ئىدى.

خارىسسوننىڭ ئالدىغا كېلىدىغان دەۋاگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈ-
زۈلمەيتتى، كۈندىلىك كىرىمى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى، يەنە كې-

لىپ قاتنىشىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىد-
دى. لېكىن ئۇ ئەينى چاغلاردا ئايالى ئۆزىگە بەخش ئەتكەن كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغانىدى.

خارىسسون پاۋلېيسقا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شە-
ھەر ئەتراپىغا جايلاشقان هاملېت كوچىسىدىكى كونا تۇرالغۇسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ بۇ ئۆينى 1855 - يىلى ئىندىئانا شتاتلىق سوت مەھكىمىسىدە پۇتۇكچى ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرى-
دا سېتىۋالغانىدى. خارىسسون ئايالى سكوت خانىم بىلەن مۇشۇ كىچىك، ئەمما ناھايىتى نەپىس سېلىنغان ئۆيدە 1881 - يىلى پالاتا ئەزالىقىغا سايلىنىپ ۋاشىنگتونغا كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا تۇرغانىدى. هازىر هاملېت كوچىسىدىكى بۇ چاققانغىنە تۇرالغۇدا مارى دىمىك ئىسىملىك بىر ئايال تۇراتتى. ئۆزى ياش ھەم چىرايلىق بۇ ئايال خارىسسوننىڭ مەرھۇم ئايالى سكوت خانىمنىڭ جىيەن قىزى ئىدى. ئۇمۇ تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خارىسسون ھوقۇقتىن ئايرىلىپ بۇ كىچىك شەھەرگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، دىمىك ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇ قورۇدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئېغىز ئۆينى چىرايلىق جابدۇپ، خارىسسوننى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ خارىسسوننىڭ ھالىدىن كىچىك ئاپىد-
سىنىڭ ئورنىدا ياخشى خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭغا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بەردى. ئۇ خارىسسوننىڭ كەچلىرى غەرق مەست قايتىپ كېلىپ يېتىپ قالغىنىنى كۆرسىلا، ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن: «كىچىك ئاتا، كۈندە بۇنداق كەچ كېلىد-
ۋەرمەڭ سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ» دەيتتى.

ھاراق ئىچىۋالغان خارىسسون ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھە دەپ قويۇپلا ئۇخلاۋېرەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى بىلەن بىر قورۇدا تۇرۇ-
ۋاتقان مەرھۇم ئايالىنىڭ بۇ جىيەن قىزىنى كىچىك بالا قاتارىدىلا كۆرگەچكە، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئاق يېغىن بولۇۋاتقان بىر كەچلىكى، ھا-
راقنى بولۇشىغا ئىچىۋالغان خارىسسون پۇتۇن ئەزايى چىلىق -
چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ، غۇۋا
چىراغ نۇرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىگە
تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. خارىسسون ئۆزىگە خېلىدىن
بېرى جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان دىمىكنىڭ چىراغ ئاستىدا ئۆك-
سۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا جايىدا تۇرۇپلا
قالدى.

— مارى، نېمىگە يىغلاۋاتىسىز؟

ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ كەتتى، خىرە كۆزلىرىنى يوغان
ئېچىپ، مەرھۇم ئايالىنىڭ جىيەن قىزىغا تىكىلىپ قارىدى، شۇ
چاغدىلا ئۇ ئۆزى ئىلگىرى پەقەت كىچىك بالا قاتارىدىلا كۆرۈپ
كەلگەن دىمىكنىڭ نەقەدەر گۈزەل ھەم تولغان بىر ئايال ئىكەنلى-
كىنى ھېس قىلدى. خارىسسوننى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ
تەبىئىي گۈزەللىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە بولغان ئالاھىدە ھېس-
سىياتى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ يەنە ئۆلگۈدەك ھاراق
ئىچىپ، يامغۇردا قايتىپ كەلگەنلىكىگە قايغۇرۇپ يىغلاۋاتقانلى-
قىنى خارىسسون ئەلۋەتتە ھېس قىلالايتتى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ ماڭا دەڭە، نېمىشقا يىغلايسىز؟ —
خارىسسون پۇتۇنلەي يېشىلىپ كەتكەنىدى.

دىمىك قانداقتۇر بىر ئىشقا ئامالسىز قالغاندەك ئېغىر بىر
تىنىۋالدى - دە، ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— مەن نەسىھەتلىرىمنىڭ سىزگە قىلچە تەسىر قىلمىغىنى-
دىن ئازابلىنىپ يىغلاۋاتىمەن، كىچىك ئاتا، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە
مېنىڭ راستىنلا ھېچقانداق ئورنۇم يوقمۇ؟

خارىسسون نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېتىپلا قالدى.

— ئەگەر سىز يەنە داۋاملىق ھاراق ئىچىۋەرسىڭىز، ئۇنداق-
تا، مېنىڭ...، بۇ يەردىن كەتكىنىم تۇزۇك!...، — ئۇ ئۆكسۈپ
يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئاخىر دەۋەتتى.

— ياق! سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ!... ، — غەمكىن خارىسسون ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئازابلىق ھېسسىياتنى بايقاپ قالدى، بۇ بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈش ھەم ئىچ ئاغرىتىش سەۋەبىدىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي ھېسسىيات ئىدى. خارىسسون دىمىكنىڭ يۈرىكىدىكى سىرنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە باشقىچە بىر خىل نازۇك ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھاياجان ئۇنىڭ تەنھا قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ـ دە، مەرھۇم ئايالىنىڭ بۇ جىيەن قىزىنى باغرىغا چىڭ باستى...

ئىلگىرى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان بۇ مەشھۇر سىياسەتچىمۇ ئوخشاشلا ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئايالىنىڭ جىيەن قىزى مارى دىمىك بىلەن زىنا قىلىپ قويغاندىن كېيىن، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتالماي قالدى. بەزىدە، غۇرۇرى كۈچلۈك خارىسسون ھەتتا پاۋلېيستىن قېچىپ چىقىپ، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېتىپ قېلىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ، تۇل ئولتۇرغىنىغا ئۇزۇن بولغان دىمىكنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىنى ئاللىبۇرۇن ئەسىر قىلىۋالغاچقا، ئۇ يەنىلا مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

1896 ـ يىلىنىڭ باش باھارى يېتىپ كەلگەن چاغدا، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان خارىسسون كۈتۈلمىگەن بىر ئىشتىن ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. دىمىك بىر كۈنى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ...بويۇمدا قاپتۇ!...

دىمىكنىڭ بۇ گېپى يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە سابىق زۇڭتۇڭنىڭ قۇلىقىغا خۇددى چاقماق چاقىقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى! ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ھېسسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئايا-

لىنىڭ جىيەن قىزى بىلەن ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋىتىدە بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇ خۇپىيانە ئىشق لەززىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى زۆرۈر بولغان رەھىمسىز رېئاللىق تۇراتتى! خارىسسون ياش دىمىككە ئۆمۈرۋايەت مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىغىمۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، بۇ ئىش ئۇنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى يۇكسەك ئىناۋىتىگە تەھدىت ھەم يامان تەسىر ئەكېلەتتى. بۇ ئىش باشقا بىرىنىڭ بېشىغا كەلسىغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. لېكىن، ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن خارىسسون نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆز ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان بۇنداق زەربىگە ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇ سىياسىي ساھەدە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئەمدى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆز سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان بۇنداق سەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالسا، قېرىغان چېغىدا يەنە قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ؟

ئۇ ئىنتايىن تەڭقىسلىقتا قالدى. ئاقسارايدىكى ۋاقتىدا ئۇ نۇرغۇنلىغان قىيىن سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان، ئادۇۋوكاتلىق ھاياتىدىمۇ ھەر خىل مۇرەككەپ دېلولارنى بىر قوللۇق بېجىرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقتىن ئايرىلىپ، بوۋايغا ئايلانغان چېغىدا مۇشۇنداق چۈشكۈن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. خارىسسون تولىمۇ ئىزتىراپ چەكتى، تىرىكەشتى، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىرادىسى ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، قېچىپ كېتىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. بولار ئىش بولۇپ بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزگە يول يوق ئىدى.

— مارى، ئارىمىزدا شۇنداق تەبىئىي ھېسسىيات بولغاندىكىن، بىز شۇنىڭغا بويسۇنايلى!

دىمىكنىڭ قورسىقىدىكى بالا كۈندىن - كۈنگە يېتىلىۋاتقان چاغدا، خارىسسون ئاخىر بىر كۈنى كەچتە قەتئىي قارارغا كەلدى. ئۇ ئۆز ئىناۋىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىنى تاللىۋالغانىدى! ئۇ ئۆزىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان دىمىكقا سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن ئادۋوكات، مېنىڭچە، ھەممە ئىشنى قانۇن تەرتىپى بويىچە قىلىش كېرەك. شۇڭا بىز توي قىلايلى!...

1896 - يىل ياز كىرىشىگىلا، خارىسسون مەرھۇم ئايالىنىڭ جىيەن قىزى مارى دىمىك بىلەن پاۋلېيس شەھىرىدىكى بىر كاتتا رېستوراندا ئوچۇق - ئاشكارا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئۇ باغاقنى كۆپ تارقاتمىغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن داڭلىق ئەربابلار ۋە ھوقۇقدارلار ئۇنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتناشتى، خارىسسوننىڭ ياردىمى بىلەن دەۋادا يېڭىپ چىققان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ تويىنى تەبرىكلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى پەرىزىدىكىدىن كۆپ تەنتەنىلىك بولۇپ كەتتى. خارىسسوننىڭ مەرھۇم ئايالىنىڭ جىيەن قىزى بىلەن توي قىلغانلىق خەۋىرى رەسمىي ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنديئانا شتاتىدا نۇرغۇن پىتنە - ئىغۋالار تارقالدى. لېكىن ئۇنى چۈشىنىدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ رېئاللىقنى يەنىلا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلدى.

خارىسسون ئاخىر خاتىرجەم بولدى. ئۇ چەكسىز ۋاپادار ئايالى سكوت خانىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر ياش ھەم ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە ئايالنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىۋالدى.

ئىككىسى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ جەۋھىرى — ئوماق بىر قىزچاق دۇنياغا كەلدى!

خارىسسون دىمىك بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئادۋوكاتلىق ساھەسىدىن ئاستا - ئاستا چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى.

— مېنىڭ پۇلۇم سىز بىلەن قىزىمىزنى باقىدىغانغا يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا، ئادەتتىكى دەۋالارنى ئەمدى قوبۇل قىلمايمەن!

ياشىنىپ قالغان خارىسسون ئىللىق ھەم گۈزەل بىر ئائىلىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان دەۋا - دەستۇرلاردىن زېرىكىشكە باشلىغانىدى. ئۇ «قولۇمدا يەتكۈدەك پۇل تۇرسا، يەنە كېلىپ چىرايلىق ئايالىم بىلەن ئوماق بالام تۇرسا، پاۋلېيىستىكى ئۆيۈمدە قالغان ئۆمرۈمنى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزمەمدىم» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆيدە ئارامخۇدا دەم ئالدى. ئۇ بۇنداق كىچىككىنە ھۇزۇردىن خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ ئەمدى بۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى يېزىقچىلىققا قارىتىپ، ئۆزى زۇڭتۇڭ بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بېشىدىن ئۆتكەن ئەگرى - توقايلىقلارنى، سىياسىي ۋەقەلەرنى ۋە پارتىيە - گۇرۇھلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كۈرەشلەرنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقىپ، ئاممىغا ئاشكارىلىماقچى بولدى.

خارىسسون يېزىقچىلىققا كىرىشكەن كۈنلەردە، پۈتۈنلەي ئەسلىمە دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى. بالىلىق دەۋرى خۇددى كىچىك ئېقىنغا ئوخشاش ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ كېلىپ، يەنە شۇ رىتىمدا ئېقىپ كېتەتتى. ئەنگلىيىلىك ئەجدادلىرىنى يادىغا ئالغان چاغدا، خارىسسون ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ توققۇزىنچى زۇڭتۇڭى بولغان بوۋىسى ۋىليام خېنرى خارىسسوننى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇنى ھاياجانلاندۇرىدىغىنى ھەم پەخىرلەندۈرىدىغىنى ھەرگىزمۇ بوۋىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاقساقىلى سۈپىتىدە ئاقسارايغا كىرىپ ھوقۇق يۈرگۈزگەنلىكى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ سەپدىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەشھۇر «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغانلىقى ئىدى؛ خارىسسون ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئوخىئو

شتاتىدىكى شىمالىي بېندنى كۆپرەك تىلغا ئالدى. چۈنكى ئۇ خارىسسوننىڭ ھەقىقىي ئانا يۇرتى، ئۇ تۇغۇلغان جاي ئىدى. شىمالىي بېندتىكى ياپيېشىل دالا، بۇككىدە ئورمانلىقلار ۋە ئۆز-لىرىنىڭ تەخمىنەن ئىككى مىڭ ئاكر كېلىدىغان مۇنبەت تۇپراق-تىن تەشكىل تاپقان گۈزەل ئېكىنزارلىقنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان كىچىك دەريا ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. بولۇپمۇ ئۆسمۇرلۈك چاغلىرىدا سۇغا چۆمۈلۈپ، بېلىق تۇتۇپ ئوينىغان ئويۇنلىرى ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئۇ ھازىر شۇلارنى ئويلىسا بۆلەك-چىلا ھوزۇرلىنىپ كېتەتتى.

خارىسسوننىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە ئەڭ كۆپ توختالغىنى ئۇ-نىڭ كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى ئەڭ يۇكسەك پەللە ھېسابلىنى-دىغان ئاقسارايدىكى زۇڭتۇڭلۇق ھاياتى ئىدى. ئۇ گەرچە تۆت يىللا زۇڭتۇڭ بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنى زۇڭتۇڭلۇق شەرىپىگە ھەقىقىي مۇناسىپ ئادەم دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇ تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا تۆت تۇرلۇك قانۇننى تۈزۈپ ھەم ئېلان قىلىپلا قالماستىن، يەنە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى باشنى ئاغرىتى-دىغان نۇرغۇن تالاش - تارتىشلارنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلغان، گېرمانىيە ھەم ئەنگلىيە بىلەن تارىختىن قېپقالغان زېمىن مەسىلىسى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئارىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئوڭشىغانىدى؛ خارىسسون ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقئارا ھەربىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرى-دىغان ھۆكۈمران ئىدى، ئىلگىرىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېنېرال بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ ئاقساراي-غا كىرگەن ئىككىنچى يىلى پارلامېنتنى ئۆزىنىڭ ئاتلانتىك ئوك-يان ۋە تىنچ ئوكياندا چوڭ تىپتىكى دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇش پىكرىنى تەستىقلاشقا ۋە ئۇنىڭغا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىشقا مەج-بۇرلىغانىدى...

1897 - يىل قىش يېتىپ كەلگەندە، خارىسسوننىڭ ئۆمرى-

نىڭ ئاخىرىدا يازغان مۇھىم ئەسىرى «بىزنىڭ دۆلىتىمىز» ئاخىر پۈتتى. شۇ كۈنى كەچتە، ئۇلار تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي باشقىچە نۇرلىنىپ، ئالاھىدە خۇشال كەيپىياتقا چۆمدى. خارىسسون بىلەن ئۇنىڭ ئامراق ئايالى دىمىك ئۆزلىرى تەييارلىغان زىياپەت شىرەسىدە كەينى - كەينىدىن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، سابىق زۇڭتۇڭ، ئادۋوكات ھەم ناتىق خارىسسوننىڭ بۇ چوڭ ئەسەرنى تاماملىغانلىقىنى تەبرىكلەشتى!

— مەن ئادۋوكات بولماسلىقنى ئاللىبۇرۇن قارار قىلغان، لېكىن يەنە بىر قېتىم ئادۋوكات بولۇۋېتەي. دىمىك، مەن لوندونغا بارىمەن، مېنى چوقۇم قوللا!

1898 - يىل كۈز. ئۆيدە خېلى بىر مەزگىلگىچە يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان خارىسسون ئايالى دىمىككا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ئويلىنىپ چىقارغان قارارىنى: ۋېنسۇئېلا ئۈچۈن بىر خەلقئارالىق ئادۋوكات بولۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى جىددىي تەرزدە ئېيتتى.

سەۋەبى، XVI ئەسىردە ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان، 1830 - يىلى جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلغان جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بۇ كىچىك دۆلەت گۋىئانانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا كۈچى ئىنتايىن زور بولغان ئەنگلىيە بىلەن بىر مەيدان خەلقئارالىق دەۋا قوزغىماقچى بولۇپ، خارىسسوننى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىككى نەپەر ئەمەلدارىنى ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا شتاتىغا ئەۋەتكەنىدى.

ۋېنېسۇئېلا خارىسسوننىڭ يۈكسەك ئابرۇيىغا قول قويغاچقا، قانچىلىك چىقىم تارتىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئادۋوكاتلار ئۆمىكىنىڭ باش ئادۋوكاتلىقىغا تەكلىپ قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. دەسلەپتە، خارىسسون بۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. كېيىن، بۇنىڭ كەم تېپىلىدىغان بىر پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئادۋوكاتلىقنى ئۆزىگە كە-

سىپ قىلىپ كەلگەن خارىسسونغا نىسبەتەن، خەلقئارالىق سوتتا
ئۆز ھەيۋىتىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىنمۇ كاتتا ئىش بولمايتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋېنېسۇئېلا جۇمھۇرىيىتى بېرىدىغان ھەقمۇ ئۇ-
نىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك خىراجىتىگە يېتىپ ئېشىپ قالاتتى.
شۇڭا، خارىسسون بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ
قالغىنىغا قارىماي، قەددىنى باشقىدىن رۇسلاپ، ھەقىقەت ۋە
ئادالەت ئۈچۈن بىر مەيدان كەسكىن كۆرەشكە قاتنىشىش نىيىتى-
گە كەلدى!

دىمىك كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان چېچەن ئايال ئى-
دى. ئۇ يېشى ئاتمىشتىن ئېشىپ قالغان كېسەلچان ئېرىنىڭ
ئەمدى ئادۋوكات بولۇشقا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسى-
مۇ، خارىسسوننىڭ پەقەت ھەققانىيەتنىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئا-
رادىكى ئىناۋىتىنى كۆزلەپ بۇ چوڭ دەۋا ئىشىغا قاتناشماقچى
بولۇۋاتقانلىقى، ئەگەر دەۋادا ئۇتۇپ چىقىپ، گۋىئانانىڭ ئىگى-
لىك ھوقۇقى ئۆز ئىلكىگە ئۆتسە، بۇ خارىسسوننىڭ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدىكى بىر شەرەپلىك ئىشى بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ
ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئېرىنىڭ بۇ قارارىنى ئىككىلەنمەيلا قول-
لىدى.

1898 - يىلىدىن 1899 - يىلىغىچە، خارىسسون ۋېنېسۇئې-
لا ئۈچۈن بۇ دەۋادا يېڭىپ چىقىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ
قالغىنىغا قارىماي لوندون بىلەن كاراكاسنىڭ ئارىلىقىدا تىنىماي
چېپىپ يۈردى. ئۇ قىلچە ئېرىنمەستىن كاراكاستىكى دۆلەتلىك
ئارخىپخانىغا كىرىپ، تارىخ جىلدلىرىنى بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ،
سوتتا ئەنگلىيىلىكلەرنى ئېغىز ئاچالماس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويا-
لايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى ئىزدىدى. 1899 - يىلى يازدا
خەلقئارا سوت گۋىئانانىڭ زېمىن ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئوچۇق
سوت قىلغان چاغدا، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن باش ئادۋوكات
خارىسسون ياش مەزگىللىرىدىكىدەك تولۇپ تاشقان جاسارەت

بىلەن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان زور بىر تۈركۈم تارىخىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋېنېسۇئېلانىڭ ھەققانىي مەيدانىنى ئاقلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ناتىقلىق ماھارىتى ۋە ئۆزىدە بار بولغان دەلىل ـ ئىسپاتلار، شۇنداقلا ئۆزىگە مەدەت بېرىپ تۇرغان ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ئادۋو-كاتلار ئۆمىكىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. ئاخىردا بۇ خەلقئارالىق دەۋانىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ۋېنسۇئېلا گۋىئانا رايونىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى!

خارىسسوننىڭ نامى يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا قىتئەسى، ياۋروپا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت قىلىدىغان نۇقتى-سىغا ئايلاندى! ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، خارىسسونغا ئوخشاش سىياسىي ساھەدىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان، لېكىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مۇشۇنداق كاتتا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرە-لىگەن سابىق زۇڭتۇڭ ئامېرىكا تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

خارىسسون يەنە بىر قېتىم داڭق چىقارغاندىن كېيىن، ئۆزد-نى ئەمدى كۆرسىتىپ يۈرمەسلىكنى قارار قىلدى ھەمدە ئۆيىدە چىرايلىق ئايالى بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەچ، داۋاملىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن، ئۇنىڭ يازغان ماقالىلى-رى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئېلان قىلىنماس بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ماقالىلىرىدە ئامېرىكىنىڭ ھا-زىرقى سىياسىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان ئورۇنسىز ئەندىشە ۋە زىيادە تەكلىپ ـ پىكىرلەر تولىراق بولغاچقا، بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ماقالى-لىرىنى جامائەتكە ئاشكارا ئېلان قىلىشقا ئامالسىز قالغانىدى.

بۇنىڭ بىلەن، خارىسسوننىڭ كەيپىياتى بۇزۇلدى. ئۆز قاراشلىرىنى جامائەتكە ئېلان قىلالمىغانلىقىدىن ئىچى سىقىلىپ، جىمغۇرلىشىپ كەتتى.

1900- يىل قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، خارىسسوننىڭ ئۇششاق - چۈششەك كېسەللىرى ئەدەشكە باشلىدى. دەسلەپتە مەقئەتتىدىن قان كەلدى، كېيىن مەقئەت يولى ئىششىپ كەتتى، دوختۇرلار بۇنى گېمورويي كېسىلى ئىكەن دەپ خاتا دىئاگنوز قويغاچقا، خارىسسون ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى.

ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك يېزىقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئايالى دىمىك ئۇ يېزىپ پۈتتۈرگەن ماقالىلەرنى پوچتىدىن گېزىتخانىلارغا ئەۋەتىپ تۇراتتى، بىراق، بەزى ماقالىلەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېنىپ كېلەتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا سۇغا چۆشكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خارىسسون ئاخىر قولىدىكى قەلەمنى تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1901 - يىل باھاردا، خارىسسوننىڭ تەرىتىدىن توختىماي قان كېلىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە، قاننىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ كەتتى. شۇ چاغدىلا، مارى دىمىك خانىم ۋاشىنگتوندىن دوختۇر چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنى داۋالاتتى. بىراق ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەن بولۇپ، خارىسسوننىڭ ئۇچەي ئۆسمە كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى. ئۆسمە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈنگىلا پايلىدى. 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خارىسسون ئىندىئاننا شتاتىنىڭ پاۋلېيس شەھىرىدە ئاتمىش يەتتە يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاقسارايي ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالاھىدە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۇ ھايات ۋاقتىدا يازغان ماقالىلەرنى «سابىق زۇڭتۇڭنىڭ قاراشلىرى» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

خارىسسونىنىڭ جەسىتى ئىندىئانا شتاتىدىكى پاۋلىيس ئامىدـ
ۋى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا
تىكلەنگەن تاش ئابىدىگە ئۇنىڭ يانتۇ سۇرىتى ئويۇلۇپ، تۆۋەندىكى
سۆزلەر يېزىپ قويۇلدى:

«ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، ئۇ ئامېرىكا مۇستەقىل بولغانلىدـ
قىنىڭ يۈز يىللىق خاتىرە مىنۇتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭـ
تۇڭ — بېنجامىن خارىسسون بولىدۇ!...»

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## بۇففالو يەرمەنكىسىدىكى قەستكە ئۇچرىغۇچى

### —— يىگىرمە تۆتىنچى زۇڭتۇڭ ۋىليام ماك كىنلىي



ۋىليام ماك كىنلىي 1843 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئوخئيو شتاتىنىڭ نىلېس بازىرىدا تۇغۇلغان؛

1852 ـ يىلى پولاند دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۆزى تىرىشچان بولغاچقا، نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، باستېرلىق يولىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇغان. ياش ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە يېزىلىق پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتىكىشى بولغان؛

1861 ـ يىلى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە ئىلىنىپ كەتمەيدىغان سىرژانتلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئىككىنچى دەرىجىلىك لېيتېنانت ۋە مايورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن؛ 1865 ـ يىل 7 ـ ئايدا ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئوخئيو شتاتىغا قايتىپ كەلگەن؛

1866 ـ يىلى نيۇيورك شتاتىدىكى ئالبانى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىغا كىلىپ قانۇن ئۆگەنگەن، ئىككىنچى يىلى ئوخىئو شتاتىدىكى كاندونغا قايتىپ كىلىپ، ئادۋوكاتلىق قىلغان؛

1868 ـ يىلى ئوخىئو شتاتىنىڭ ستارك ناھىيىسىدە تەپتىش ئەمەلدا-رى بولغان؛

1871 ـ يىلى داۋاملىق ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛

1877 ـ يىلى ئوخىئو شتاتىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1889 ـ يىلى ئاۋام پالاتاسى پۇل غەملەش كومىتىتىنىڭ رەئىسى بولغان؛

1891 ـ يىلى ئوخىئو شتاتىنىڭ شتات باشلىقى بولۇپ سايلانغان؛

1896 ـ يىلى ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «خىنرى كلاي دەۋرى ۋە شۇنىڭدىن كىيىنكى تاموژنا بىجى» نى ئېلان قىلغان ھەمدە شۇ يىلى شتات باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بىرىپ، زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلغان؛

1896 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بو-لۇش سالاھىيىتى بىلەن چوڭ سايلامغا قاتنىشىپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە تۆتىنچى زۇڭتۇڭى بولغان؛

1901 ـ يىل 3 ـ ئايدا يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1901 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، نيۇيورك شتاتىنىڭ بۇففالو شەھىرىگە بىرىپ، پانئامېرىكا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىۋاتقاندا قەستكە ئۇچ-رىغان، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ۋوگزالدىكى قاتىللىق ئەمەلگە ئاشمىدى

1901 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەر سائەت يەتتە يىرىم بولغان چاغ، نيۇيوركقا ئانچە يىراق بولمىغان بۇففالو شەھىرىنىڭ ۋوگزالى تولۇق قوراللانغان ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. سىرتتىكى يولۇچىلارنىڭ ھەربىي ھا-لەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بۇ ۋوگزالغا يېقىنلىشىشى ناھايىتى تەس ئىدى. چۈنكى، زۇڭتۇڭ ماك كىنلىي ئولتۇرغان مەخسۇس پو-يىز ۋوگزالغا كىرىش ئالدىدا تۇراتتى.

ۋوگزالنىڭ سىرتىغا نۇرغۇنلىغان يولۇچىلار يىغىلىپ كەت-
كەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زۇڭتۇڭ ماك كېنلىي كەلگەن چاغدى-
كى ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرگىلى كەلگەن شەھەر ئاھالىلىرىمۇ
بار ئىدى. بەزىلەر ھەتتا «زۇڭتۇڭ ماك كېنلىينىڭ بۇففالو
شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز»
دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل پلاكاتلارنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئادەم-
لەر توپىدىن پات - پات قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ
تۇراتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى يېقىندىلا قايتا زۇڭ-
تۇڭلۇققا سايلانغان مەشھۇر ماك كېنلىينىڭ سالاپىتىنى بىر
كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئىدى.
ماك كېنلىينى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر
توپى ئىچىدە تەلەتى غەلىتە بىر ياشمۇ بار ئىدى. ئۇ ئورۇق،
ئېگىز بوي بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى. قاپقارا كۆزەينەك
تاقىۋالغانلىقىدىن كۆزلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ بىر
قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سېلىپ،
رېۋولۋېر (تۇلۇقچا تاپانچا) نىڭ سېپىنى تۇتتى. ئۇ بۇ تاپانچىنى
خالىغان ۋاقتىدا يانچۇقىدىن شارتتىدە چىقىرىپ، بەش مېتىر
ئارىلىقتىكى ھەرقانداق نىشاننى قارىغا ئالالايتتى، بىگىز بارمىقى
بىلەن تەپكىنى يېنىك بىر باسسىلا، مەشھۇر شەخس جېنىدىن شۇ
ھامان جۇدا بولاتتى! ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋوگزالدا يۈز بېرىدىغان
ئاجايىپ قاتىللىق ۋەقەسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، قەلبى
بىر خىل ھاياجانغا تولدى.
ئادەملەر توپى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن بۇ ئەرۋاھنىڭ
ئىسمى لېئون جوئېرگېرسىت بولۇپ، يېرىم يىل ئىلگىرى، يەنى
1900 - يىل 11 - ئايدا، ئۇ مۇشۇنداق مەنزىرىنى بىرقېتىم
كۆرگەنىدى. ئۇ ۋاشىنگتوندىكى لىنكولن خاتىرە سارىيىنىڭ ئال-
دى بولۇپ، شۇ چاغدىمۇ كىشىلەر مۇشۇنداق توپلىشىپ تۇرغان،
بەزىلەر خۇددى ھازىرقىدەك «ماك كېنلىينى قارشى ئالىمىز»

دېگەن پلاكاتلارنى كۆتۈرۈۋالغان، ماك كېنلىيمۇ كىشىلەر ئارد-
ىسىغا كەلگەنىدى. بىراق ئۇ چاغدا ماك كېنلىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان
زۇڭتۇڭ بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، لىنكولن خاتىرە سارىيىغا
سايلىغۇچىلارنى قوبۇل قىلغىلى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ لىنكولن
خاتىرە سارىيى ئالدىدا سايلىغۇچىلارنى قوبۇل قىلماقچى بولغانلى-
قىدىن خەۋەر تاپقان جوئېرگېرسىت شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا بۇففالو-
دىن ۋاشىنگتونغا كەلدى. بۇ تەلۋە ئانارخىست ئىلگىرى ماك
كېنلىينىڭ ئىسمىنىلا ئاڭلاپ، ئۆزىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ
باقمىغانىدى. شۇڭا، ماك كېنلىي بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىنىڭ
ھەمراھلىقىدا لىنكولن خاتىرە سارىيىغا كېلىپ، ساراي ئالدىد-
كى مەرمەر تاشتىن ياسالغان چوڭ پەلەمپەيدە پەيدا بولغان چاغدا،
جوئېرگېرسىت بەكلا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. بۇرۇن ئۇ زۇڭ-
تۇڭ ماك كېنلىينىڭ «ناپولېئون» دەپ لەقىمى بارلىقىنى ئاڭ-
لىغان، كۆڭلىدە ئۇنى چوقۇم قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن،
سۈرىمۇ، سالاپىتىمۇ بار ئادەم دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، جۇم-
ھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى مەيدانغا چىقارغان زۇڭتۇڭ، پاكىنەك
ھەم سېمىز ماك كېنلىي ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، جوئېر-
گېرسىت ئۇنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ماك كېنلىينىڭ ئوبرا-
زىغا پەقەتلا ئوخشىتالمىدى، كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ ئادەمنىڭ ئون
سەككىز يېشىدا ئوخىئو شتاتىدىكى يىگىرمە ئۈچىنچى پىدائىي
قوشۇن پىيادە ئەسكەرلەر پولكىدا ئەسكەر بولغان، يىگىرمە يېشىد-
دىلا مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ماك كېنلىي ئىكەنلىكىگە
پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. مۇشۇنداق بىر سېمىز پاكىنەكنىڭ
ئالاھىدە ھوقۇقۇقا ئېرىشۋالغىنى، يەنە كېلىپ داۋاملىق ئامېرىكا
زۇڭتۇڭى بولۇش ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈرگىنى جوئېرگېرسىتنىڭ
قەلبىدە كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ
ماك كېنلىي ئاممىنىڭ ئالدىدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇۋۇل-
غان، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سايلام نۇتقى سۆزلىگەن

چاغلىرىدا، جوئېرگېرستىنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە غەزەپ - نەپرىتى سەۋر قىلغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. كىچىكىدىنلا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەرگە، زۇڭتۇڭلارغا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ كەلگەن بۇ ياشنىڭ ماك كىنلىي ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى بىر مۇشت بىلەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتكۇسى كېلىپ كەتتى. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا تاپانچا بولغان بولسا ئىدى. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەيلا تاپانچىنى چىقىرىپ، كىشىلەر «ئامېرىكىنىڭ ناپولېئونى» دەپ ئاتىغان بۇ ئەبلەخنى ئېتىپ تاشلىغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇنداق تەييارلىقى يوق ئىدى. جوئېرگېرستت ماك كىنلىي ئىسىملىك بۇ زۇڭتۇڭنىڭ سايلام نۇتقىنى قانداق سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈنلا بۇففالودىن ئالدىراپ - تېنەپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن بولغاچقا، ماك كىنلىينى ئۆلتۈرىدىغان ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى. ھازىر شۇنى ئويلىسا، ئۇنىڭ قەلبى پۇشايماندىن ئۆرتىنەتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ماك كىنلىي ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئەتراپىدىمۇ مۇھاپىزەتچىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماك كىنلىي ئۇنىڭدىن نەچچە چامدام نېرىدىلا بولۇپ، ئۇ قورالىدىن ئوق چىقىرىدىغان بولسا، ماك كىنلىينىڭ تىن تارتماي ئۆلۈشى مۇقەررەر ئىدى.

«ئاناڭنى، نېمىدېگەن جىق ساقچى بۇ!» دەپ تىللىدى ئىدىجىدە ئامىمىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان قاتىل جوئېرگېرستت. بۇگۇنكى ئەھۋال ئۇ ئالدىنقى قېتىم ۋاشىنگتوندا ماك كىنلىينى كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاشمايدىغاندەك تۇراتتى، كەڭ ۋوگزال مەيدانىنىڭ ئالدى ھەربىي ۋە ساقچىلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئۇلارنى بۇففالو شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. سابىق زۇڭتۇڭ گارفېيلدنىڭ ۋوگزالدا قەستكە

ئۇچرىغانلىقىدەك ۋەقەنىڭ قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ مۇشۇنداق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى جوئېرگېرستقا ئايان ئىدى.

ئىككى كۈن ئاۋۋال، ئۇ زوڭتۇڭ ماك كېنلىينىڭ ۋاشىنگتوندىن بۇففالو شەھىرىگە كېلىپ، پانئامېرىكا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ، ماك كېنلىينى ئۆلتۈرىدىغان پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بۇففالو شەھىرىدىكى پائالىيەت ۋاقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماك كېنلىينىڭ بۇففالو شەھىرىدە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دە ئالدىنئالا ئېلان قىلىنغان، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇنى قىلچە مەخپىي تۇتمىغانىدى. زوڭتۇڭ ماك كېنلىينىڭ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۇففالو شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان پانئامېرىكا يەرمەنكىسىنىڭ مەركىزىي مەيدانىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، جوئېرگېرستنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ماك كېنلىينى ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە يۈرۈۋاتقان بۇ قاتىل ئالدىنئالا تەپسىلىي بىر ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بىرىنچى قەدەمدە، ئۇ بۇففالو شەھىرىدىكى ۋوگزال مەيدانىنى ماك كېنلىينى ئۆلتۈرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى. ئۇ يەر ئەپلەشمەي قالسا، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى پانئامېرىكا يەرمەنكىسىدە ماك كېنلىي نۇتۇق سۆزلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى. جوئېرگېرست ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا ۋاشىنگتوندىكى لىنكولن خاتىرە سارىيى ئالدىدا ماك كېنلىينى كۆرگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۇنى ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. «ئاناڭنى، بۇ پاكىنەك زوڭتۇڭ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى!» جوئېرگېرستنىڭ ماك كېنلىيغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ دوغىلاق زوڭتۇڭدا خۇد-

دى ناپالېئونغا ئوخشاشلا تەلۋىلەرچە ھۆكۈمرانلىق ئىستىكى بار
ئىدى. جوئېرگېرستىنىڭ ئامېرىكىنىڭ بۇ «ناپالېئون»ىغا دىق-
قەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولغانىدى. 1896 -
يىلى ماك كېنلىي جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نام-
زاتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلى-
غان چېغىدىلا، «دۇنيانى بويسۇندۇرۇش» تىن ئىبارەت كېڭەيمى-
چىلىك شوئارىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان، زۇڭتۇڭلۇققا ساي-
لانغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزى سايلام مەزگىلىدە ئېيتقاندەك،
ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قىتئەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن
«ئامېرىكا - ئىسپانىيە ئۇرۇشى» نى قوزغىغانىدى. بۇ ئىسپانلار-
غا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ۋەھشىيانە، ئەڭ ياۋۇزلارچە بىر
مەيدان قانلىق ئۇرۇش بولدى. 1898 - يىلىنىڭ دەسلەپىدىكى
ھېلىقى دېڭىز ئۇستى ئۇرۇشىنى كۇبانىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلى-
قى جوئېرگېرستىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئەينى
چاغدا، كۇبا ئىسپانىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ماك
كېنلىي تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىلا كۇبانى ئامېرىكىنىڭ مۇس-
تەملىكىسى قىلىۋېلىش قارا نىيىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ چوڭ
ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە
ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ كۇبانىڭ ھاۋانا پورتىنى ئىدارە قى-
لىپ كېلىۋاتقان ئىسپانىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلماقچى بولدى.
بۇ ئۇرۇشتا، ماك كېنلىي زور بىر تۈركۈم دېڭىز ئارمىيىسىنى
ئىشقا سېلىپ، ئىسپانلار بىلەن قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان
بولسىمۇ، كۇبانى مۇستەملىكە قىلىش ئارزۇسى ئۇياقتا قېلىپ،
ئەكسىچە، كۇبا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ
قالدى!

مانا بۇ — جوئېرگېرستىنىڭ ماك كېنلىيغا ئۆچ بولۇپ
قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. «قاپاق باش، سېنى قان-
داقمۇ ناپالېئونغا ئوخشاتقىلى بولسۇن، سەن ئامېرىكا دېڭىز

ئارمىيىسىنى قولۇڭدىكى قونچاققا ئوخشاش ئوينىتىپ، دۇنيادا زومىگەرلىك قىلىۋاتىسەن، ساڭا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟!» جوئېرگېرست ماك كېنلىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىدىن نەپرەتلىنەتتى، ئۇنى ئىقتىدارسىز دەپ تىللايتتى. ئۇ ماك كېنلىدەك بۇنداق پاراسەتسىز ھەم تەلۋە مۇستەبىتنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ياخشى ئوبرازىغا ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ بۇففالوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراڭغۇ بازاردىن تاپانچا سېتىۋالدى. بەش تال ئوق سېلىنغان بۇ رېۋولۋېر ھازىر دەل ئۇنىڭ يانچۇقىدا ئىدى.

بۇففالوغا كەلگەن ماك كېنلىنى دەل قارىغا ئېلىپ، بىرلا ئوق بىلەن جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىش ئۈچۈن، جوئېرگېرست بۇففالونىڭ شەھەر سىرتىدىكى تەبىئىي قارىغا ئېتىش مەيدانىغا بېرىپ، تاپانچا ئېتىشنى نەچچە كۈن مەشىق قىلدى. ئۆزىنىڭ قورال ئېتىش تېخنىكىسىنى ۋايىغا يەتتى دەپ بىلگەن چېغىدىلا، بۇ قېتىمقى ئالاھىدە قاتىللىق ھەرىكىتىگە تەييارلىق قىلىشقا تۇتۇندى.

ئەڭ دەسلەپتە ئۇ ماك كېنلىنى پايتەخت ۋاشىنگتوندا ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ ۋاشىنگتوننى ماك كېنلىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەيدانى دەپ قارىغاچقا، ئۇ ئاقسارايدىن سىرتقا چىققان بىرەر پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ قاتىللىق پىلانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئويلىغانىدى. زۇڭتۇڭنىڭ سىرتقا ئوۋغا چىقىشى، نۇتۇق سۆزلىشى، تىياتىرخانىلارغا ئويۇن كۆرگىلى بېرىشى، پارلامېنتقا يىغىنغا بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ماك كېنلىنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەر ھېسابلىناتتى.

جوئېرگېرست تاپانچا ئېتىشنى خېلى ئەستايىدىل مەشىق قىلغان بولغاچقا، ماك كېنلىغا يېقىنلىشالىسىلا، ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەنلا جايلىۋېتەلىشىدە گەپ يوق ئىدى!

جوئېرگېرسىت ۋاشىنگتونغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، ئۆزىنىڭ قاتىللىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت تاپماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ماك كېنلىينىڭ بۇففالوغا كېلىپ، پانئامېرىكا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇلىقىغا كىرىپ قالدى!

«ماك كېنلىينىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ!» جوئېرگېرسىت ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ماك كېنلىينىڭ بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۇففالوغا كېلىشىنى تەڭرى ماڭا يارىتىپ بەرگەن بىر ئېسىل پۇرسەت دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىللىق پىلانىنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، ۋوگزالنى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇن سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇردى. چۈنكى، ئۇ زۇڭتۇڭغا ئەڭ ئاسان يېقىنلاشقىلى بولىدىغان جاي ئىدى.

«ماك كېنلىي، سىزنى قارشى ئالىمىز!»

«زۇڭتۇڭ ماك كېنلىي ئەينى يىللاردىكى ناپالېئونغا بەك ئوخشايدۇ جۇمۇ!»

«ئۇ قالتىس ھەربىي ئالىم، ئۇنىڭ بويى پاكار بولغىنى بىلەن، جاسارىتى زور!»

«بۇ پاكىنەكنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادىمى ساناقسىز، ئۇ ئىسپانىيىنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماي، يەنە كۇبانى بىزنىڭ ھامىيلىقىمىزدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇردى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە يەنە دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، فىلىپپىن، گۇئام ۋە دوبدورىكنى بويسۇندۇردى! ئۇ قالتىس ئادەم-دە!»

«شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ پەخرى!»

«ناپالېئوننىڭمۇ بۇ پاكىنەكچىلىك ئىقتىدارى بولمىغان جۇمۇ!»

«ياشىسۇن ماك كېنلىي!»

......

جوئېرگېرسىت ئادەملەر توپى ئارىسىدىن ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزىغا نەزەر سېلىۋېتىپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دەۋرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. زۆڭتۆڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىخلاس قىلغان بۇ كىشىلەر ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىشىۋاتاتتى. جوئېرگېرسىتنى نەپرەتلەندۈرگەن ھەربىي كېڭەيمىچىلىكنى ماك كېنلىينىڭ بۇ بىر توپ چوقۇنغۇچىلىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھال جوئېرگېرسىتنىڭ ئەرۋاھىنى تېخىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ ماك كېنلىينى قەتئىي ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلدى ھەمدە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىكى تاپانچىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەت كەلسىلا ئوق چىقىرىشقا تەييارلىنىپ تۇردى!

لېكىن، ئويلىمىغان ئەھۋال يۈز بەردى.

جوئېرگېرسىت ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىكى، زۆڭتۆڭ ماك كېنلىي ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن بولغان بىلەت تەكشۈرۈش ئېغىزىدىن چىقماي، بەلكى پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلىرىنىڭ پوچتا يوللانمىسىنى توشۇيدىغان باشقا بىر دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ماك كېنلىي بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ئىدا ساكستون تۆت ئەتراپىنى قوراللىق مۇھاپىرەتچىلەر ئورىۋالغان بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ماك كېنلىي ماشىنىنىڭ ئىچىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئاممىغا قول پۇلاڭشىتىپ قويدى. جوئېرگېرسىت بەكلا ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق شارائىتتا ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئوق چىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى، ئۇ راستتىنلا ئوق چىقارغان تەقدىردىمۇ، نىشانغا تەگكۈزەلمەيتتى. ماك كېنلىي ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋالغان، ئۇنىڭ مەخسۇس ماشىنىسىنى ھەربىي ۋە ساقچىلار ئولتۇرغان باشقا ماشىنىلار قوغداپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

ماشىنا ئەترىتى قاتىلنىڭ ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى! پۇرسەت قولدىن كەتتى!

جوئېرگېرستىنىڭ تاپانچا تۇتۇۋالغان قولى تىترەپ كەتتى، بىراق ئۇ تاپانچىنى چىقارمىدى، پەقەت ئىچىدە «ھېيلىگەر ئەب-لەخ! ھىم...» دەپ تىللىدى.

## يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا كۈز يامغۇرى يېغىپ كەتتى

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغان چاغ.

جوئېرگېرست بۇففالونىڭ شەھەر مەركىزىدىكى جون مەي-دانىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. بۇ تۆت ئاساسلىق كوچا ئۆزئارا تۇتىشىدىغان جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك گۈللۈك بار بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى سېلىنغان پارپان ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي قۇرۇلۇشلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. گۈللۈكنىڭ سول تەرىپى-دىكى يولنىڭ بويىدا قېنىق قوڭۇر رەڭلىك بىر ئېگىز بىنا بار بولۇپ، ئۇ دەل پانئامېرىكا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي ئىدى. شۇ تاپتا، توققۇز قەۋەتلىك بۇ بىنا بايرام تۈسىگە كىرگە-نىدى. ئۆگزىدىن پەسكە قارىتىپ تارتىلغان رەڭلىك پلاكاتلارغا پانئامېرىكا يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان ھەر خىل سۆزلەر يېزىلغان، بىنانىڭ ئالدى ھەر خىل رەڭدىكى پلا-كاتلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. يەرمەنكىگە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ماك كېنلىي بىلەن خانىمى ئىدا قاتنىشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ ئەزىز مېھمانلار تەكلىپ قىلىنغاچقا، بۇف-فالو شەھەرلىك ھۆكۈمەت زۇڭتۇڭ ۋە يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئەڭ ئاۋۋال ئويلاشقان، پۇقراچە كىيىنگەن بىر توپ ھەربىي ۋە ساقچىنى بىنانىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاراۋۇل لىنىيىسىنى ھاسىل قىلغانىدى.

ئۇلار يەرمەنكىگە كەلگەن ھەرقانداق شەھەر ئاھالىسىنى ئاشۇ مۇداپىئە سىزىقىنىڭ ئالدىدا توسۇۋالاتتى، قولىدا تەكلىپنامىسى يوق ھەرقانداق ئادەمنى بىرقەدەممۇ ئالدىغا ماڭدۇرمايتتى!

قەبىھ نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن جوئىرگىرسىت بىنانىڭ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئارىسىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىماقتا ئىدى. ئۇ ۋوك-زالدا قاتىللىق قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ ئۈمىدسىز-لەنگەنىدى. ئەمدىلىكتە، قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان بۇ مەيداننى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. ماك كېنلىي بىلەن خانىمى ئىدانىڭ يەرمەنكە مەيدانىغا ئاللىبۇرۇن كىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. «شۇ تاپتا، ئۇ خانخور پاكى-نەك، ئۇرۇش تەلۋىسى ناھايىتى سىپايە قىياپەتتە ياۋروپادىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار بىلەن ئەھۋاللىشىۋاتقاندۇر، نۇتۇق مۇن-بىرىدە گىدىيىپ تۇرۇپ، ئاقسارايدىكى كاتىپلىرى ئالدىن تەي-يارلاپ بەرگەن نۇتۇق ئورىگىنالىنى سورۇن ئەھلىگە كۆرەڭلىك بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتقاندۇر».

«ئاناڭنى، سەندەك بىر تاجاۋۇزچى ئالۋاستىمۇ تىنچلىقپەر-ۋەر زات قىياپىتىگە كىرىۋالالايدىكەنسەن - ھە؟ نېمىدېگەن بىمە-نىلىك بۇ!» جوئىرگىرستىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. ماك كېنلىينىڭ ئۆزىنىڭ تاپانچىسى ئالدىدىن يەنە ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشىگە ئۇ ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ماك كېنلىينى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يۈرگۈزگەن ھەربىي كېڭەي-مىچىلىك سىياسىتىگە ئىچ - ئىچىدىن غەزەپلەندى.

«پەقەت تىنىقىملا بولىدىكەن، مەن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇن-دۇرۇشقا تىرىشىمەن!» بۇ ماك كېنلىينىڭ ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈ-لىدىغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم ئاشكا-را ئېيتقان داڭلىق سۆزى، شۇنداقلا جوئىرگىرستنى ئەڭ نەپ-

رەتلەندۈرىدىغان سۆز ئىدى! ئۇ ئالدىنقى قېتىم ۋاشىنگتوندا ماك
كېنلىينى كۆرگەن چېغىدا داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش خىيالىدا بولۇ-
ۋاتقان بۇ مۇستەبىت ئۆزىنىڭ سايلام نۇتقىدا تەپ تارتماي تاجاۋۇز-
چىلىق پۇرىقى كۈچلۈك نۇتقىنى تەكىتلىگەنىدى. جوئېرگېرسىت
ئۇنىڭ ئاشۇ نۇتقىدىنلا بىر شۇملۇقنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ماك
كېنلىي زۇڭتۇڭ سايلىمىغا يەنە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قى-
لىشتىن نەچچە ئاي ئىلگىرىلا، ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى ئاتلان-
تىك ئوكيانىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى ئاسىيا قىتئەسىگە
سوزۇلغانىدى. ماك كېنلىي فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەت-
لەرنىڭ «ئەپيۇن ئۇرۇشى» نىڭ ئىس - تۈتەكلىرى تېخى تارقى-
لىپ بولمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى جۇڭگوغا قايتىدىن تاجاۋۇز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ، دەرھال دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ خىللانغان قىسمىنى «سەك-
كىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى» نىڭ قاتارىدا بېيجىڭغا دېڭىز
تەرەپتىن تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ گەرچە ئىككى مىڭ نەپەر-
دىن ئارتۇق ئامېرىكا ماتروسىنىلا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەنگلىيە
بىلەن فرانسىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ، جۇڭگو زېمىنىدا
سىنشى ھۆكۈمىتىنى «شىنچۇ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەج-
بۇرلىدى.

ماك كېنلىي پارلامېنتتا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى قىلچە يو-
شۇرماستىن ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېگەنىدى:

«مېنى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا ئامراق ئىكەن دەپ
قالماڭلار، مەن زىددىيەت ئارقىلىق زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا
ماھىر. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بۇ قېتىم ئازغىنە ئەسكىرىي
كۈچىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلاردىن ئوتتۇز مىل-
يون سەر كۈمۈش تۆلەمگە ئېرىشتى، يەنە تېخى قىلچە مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا جۇڭگودا قوشۇن تۇرغۇزۇش
ھوقۇقىنىمۇ قولغا كەلتۈردى. مانا بۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز!...»

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، جوئېرگېرستىنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ئوتى تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۇ ئىلگىرى ماك كېنلىينى ھەققانىي غەزەپ تۇيەيلىدىنلا ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسا، ئەمەلىيەتتە قايتا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان ماك كېنلىينىڭ ئاممىنىڭ رايىنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان تەكەببۇرانە تۇرقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى بۇ ياۋۇز نىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى ھەمدە كۆز ئالدىدىلا تۇرغان مۇنۇ بىناغا ھازىرلا ئېتىلىپ كىرىپ، ماك كېنلىينى بىر پاي ئوق بىلەنلا جايلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى!

ئەپسۇسكى، ئۇ قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر توپ سۈرۈن تەلەت قاراۋۇللار بۇيرۇق بويىچە پانئامېرىكا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ بىنانى قوراللىق قوغداپ تۇراتتى. ماك كېنلىي يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخس بولۇپ، يەرمەنكىگە قاتناشقىلى كەلگەن چەت ئەللىك ئەزىز مېھمانلارنىڭ دىققىتى ئۇنىڭ بىلەن خانىمى ئىداغا مەركەزلەشكەنىدى. ماك كېنلىينىڭ يېنىدا تۇرغان ئاقسارايىنىڭ پۇقراچە ياسىنىۋالغان مۇھاپىزەتچىلىرى ھەرقانداق ئادەمنى ئۇنىڭغا يېقىن يولاتمايتتى. بىنانىڭ ئالدىنى قورشاپ تۇرغان ھەربىي ۋە ساقچىلارنى ئېتىپ تاشلىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بىناغا ئېتىلىپ كىرىپ، ناپالېئونغا ئوخشاش سۇرلۇك ماك كېنلىيغا يېقىنلىشالمايدىغانلىقى جوئېرگېرستقا ئايان ئىدى.

«ئەجەبا، پۇرسەت مەڭگۈ قولدىن كەتكەنمىدۇر؟» ئۇنىڭ قەلبىنى بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى خىياللىرىنىڭ نەقەدەر ئاددىي، نەقەدەر ساددا خىيال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل داڭلىق شەخس قاتارىدا ئاشۇ زۇڭتۇڭ بىلەن تارىختا تەڭ نام قالدۇرىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ھەممە ئادەمنىڭ

دىققەت - نەزىرى مەركەزلىشىپ تۇرغان مۇشۇنداق سورۇندا قا-
تىللىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى، يەنە
كېلىپ، سەللا دىققەت قىلمىسا، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىش ئېھ-
تىمالىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.
شۇ تاپتا، ئۇ ۋاشىنگتوندىكى لىنكولن خاتىرە سارىيى ئالدىدا
شۇنداق ياخشى بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا قاتتىق
ئۆكۈنۈۋاتاتتى، ئىسىت! ئۇ چاغدا، ماك كېنلىي قايتا ۋەزىپە
ئۆتەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاددىي پۇقرا قىياپىتىگە كىرى-
ۋالغانىدى. ھازىر بولسا ئوخشاشمايتتى، ئۇنىڭ يەنە خاتىرجەم
ھوقۇق تۇتىدىغان ئۈچ يېرىم يىل ۋاقتى بولغاچقا، ئاۋامغا سايلام
ۋاقتىدىكىدەك ئىختىيارى يېقىنلىشىشنىڭ، سەمىمىي ۋە رايىش
بولۇۋېلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ئىدى.
ئاسماننى بىردىنلا تۇرۇم - تۇرۇم قارا بۇلۇتلار قاپلىدى.
جوئېرگېرسىت بىنانىڭ ئالدىدىكى كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرى-
ۋېلىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن بېشىنى سوزۇپ پانئامېرىكا يەرمەن-
كىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەيدانغا قاراپ تۇرغان چاغدا، يامغۇر
سىمىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بەزى ئا-
دەملەرنىڭ يامغۇر ياغقانلىقى سەۋەبىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكى-
نى، كىشىلەر توپىنىڭ بارغانسېرى شالاڭلىشىشقا باشلىغانلىقىنى
بايقىدى ھەمدە ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز بولۇۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ زىچچىدە تۇرغان كىشىلەر
توپى ئارىسىغا كىرىۋالسا، ئوق چىقىرىپ قاتىللىق قىلمىغان
تەقدىردىمۇ، جىمجىت ھالدا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرالايتتى. ھالبۇ-
كى، سىمىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاستا
كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. قېپقالغان ناھايىتى ئاز سان-
دىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ ئاسانلا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى

بىنانىڭ ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

«چىقتى، زۇڭتۇڭ بىلەن خانىمى چىقتى!»

جوئېرگېرسىت قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ تۇرغان شۇ پەيتتە، كىشىلەر بىردىنلا ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئۇ دەرھال بىنانىڭ ئالدى تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، بىر دوغىلاق ئادەمنىڭ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا قوش قاناتلىق ئەينەك ئىشىكتىن سالماق قەدەم- لەر بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم دەل ماك كېنلىي ئىدى! جوئېرگېرسىتنىڭ ھاياجاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئوڭ قولى بولسا ئىختىيارسىزلا يانچۇقىدىكى تاپانچىغا سوزۇلدى!

«ئاناڭنى! ماۋۇ نەسچىلىكنى!» جوئېرگېرسىت پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ ئويلاپ تۇرغان شۇ پەيتتە، بىرنەچچە ئېسىل پىكاپنىڭ يىراقتىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن غۇيۇلداپ كې- لىپ، بىنانىڭ ئالدىدىكى ئەگمە شەكىللىك يانتۇ يولنى بىر چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېگىز پەلەمپەينىڭ ئالدى تەرىپىدە توختىغانلىقىنى، ماك كېنلىي ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئىدانىڭ بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئى- شىكى ئوچۇق تۇرغان پىكاپ تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

جوئېرگېرسىت يانچۇقىدىكى تاپانچىنى چىڭ سىقىمدىۋال- دى. ئېھتىمال ئۇ ئوق چىقىرىدىغان پۇرسەت مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇ پۇرسەتنىڭمۇ يوققا چىقىشى ئېھتىمال- دىن يىراق ئەمەس ئىدى. جوئېرگېرسىت ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى تاپانچىنىڭ ئوقى يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى بىنانىڭ ئالدىغا يېتىپ بارالمايتتى. يېتىپ بارغان ھالەتتىمۇ، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان زۇڭتۇڭنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

يامغۇر بارغانسېرى شارىلداپ يېغىشقا باشلىدى.

ماك كېنلىي بىلەن خانىمى ئولتۇرغان پىكاپ ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى ماشىنىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئاستا مېڭىپ كەلدى. زوڭتوڭنىڭ ماشىنا ئەترىتى توپلىشىپ تۇرغان ئاممىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا، جوئېرگېرستىنىڭ زوڭتوڭ ماشىنىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئاران ئۈچ مېتىرلا قالدى. ئۇ ھەتتا ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ماك كېنلىينىڭ مەغرۇرانە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنىمۇ كۆردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇپ، تەۋەككۇلچىلىك قىلمىدى. چۈنكى، ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ كېتىۋاتقان بۇنداق چاغدا، ئۆزىنىڭ ماشىنا ئىچىدىكى نىشاننى ھەرگىزمۇ قارىغا ئېلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى!

پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە، جوئېرگېرست ئۇنى يەنە قولدىن بېرىپ قويدى!

كۆز يامغۇرى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى…

## ئوق ماك كېنلىينىڭ كۆكرىكىگە تەگدى

جوئېرگېرست سىرن كوچىسىدىكى ئاددىيغىنە تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئەتراپنى ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭ بېغىررەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇ بەكلا مەيۇس كۆرۈنەتتى. يېرىم يىلدىن بۇيان پىلانلاپ كەلگەن قاتىللىق قىلىش مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەچكە، ئاچچىقىنى ھاراق بىلەن باسماقچى بولدى ھەمدە غۇۋا چىراغ نۇرى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، كۈچلۈك مادوررى ئاق ھارىقىنى بولۇشىغا ئىچتى. ئۇ «بۇ ئۆمرۈمدە ماك كېنلىينى ئۆلتۈرۈش پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغۇدەكمەن، ھېچبولمىغاندا قىسقا مەزگىل ئىچىدە زوڭتوڭغا يېقىنلىشىدىغان

پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگۈدەكمەن» دېگەن تونۇشقا كەلدى. ناپالې-
ئونغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ماك كېنلىي ۋاشىنگتونغا
قايتىپ، قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان ئاقسارايغا كىرىپ
كەتسىلا، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئامال قىلالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا
ئايان ئىدى! ئۇ چاغدا، جوئېرگېرسىت ئۆمرىنى نام - نىشانسىز
ھالدا كوچا چىڭداپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتى!
ئۇ ھاراقنى ئىچىۋېرىپ سەل - پەل قىزىغان چېغىدا، بايا
ئۆزى كوچىدىن سېتىۋالغان توخۇ گۆشىنىڭ پاك - پاكىز تۇ-
گەپ، پەقەت ئۇستىخانلىرىنىڭلا قالغانلىقىنى بايقىدى. بىراق،
ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. ئەسلىدە، توخۇ گۆشى
ئورالغانلىقى سەۋەبىدىن مايلىشىپ كەتكەن شۇ كونىكى گېزىتنىڭ
بىرىنچى بېتىگە ماك كېنلىينىڭ بۇففالو شەھىرىگە كەلگەن چاغ-
دىكى مەغرۇرانە سۈرىتى بېسىلغانىدى. جوئېرگېرستىنىڭ دىق-
قىتىنى تارتقىنى بۇ سۈرەت بولماستىن، بەلكى شۇ سۈرەتنىڭ
ئاستىغا بېسىلغان بىر پارچە خەۋەر ئىدى. ئۇنى ئوقۇپ، جوئېر-
گېرستىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى:

گېزىتىمىز خەۋىرى: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن
ئىلگىرى، زۇڭتۇڭ ماك كېنلىي ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئىدا ساكس-
تون نيۇيورك مېھمانسارىيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈتۈۋېلىش زى-
ياپىتىگە قاتنىشىدۇ...

«ھە؟ ئۇنىڭ ئەتە يەنە بىر پائالىيىتى بار ئىكەن - دە؟!
دېمەك، ئۇنىڭ جېنى تېخىچە مېنىڭ ئالىقىنىمدىكەن - دە؟»
ئىككى قېتىملىق پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغىنىغا باياتىن-
دىن بېرى قايغۇرۇپ ئولتۇرغان جوئېرگىرست گېزىتتىكى خە-
ۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى.
ئۇنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ كارىۋىتىدا ئۇيان -

بۇيان ئۆرۈلگىنىچە ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى قايتا ـ قايتا ئويلاپ يېتىپ، ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇ ئازراق مۈگدىۋالدى. چۈشىدە ئۇنى يەنە ئۈمىدسىزلىك باستى، چۈنكى چۈشىدە ئۇنىڭ نيۇيورك مېھمانسارىيىغا بېرىپ، تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى مۇزىكا زالىغا كىرگەنلىكى، لېكىن زۇڭتۇڭ ماك كېنلىينىڭ يېنىدا پۇقراچە كىيىنگەن قوغدىغۇچىلار بەكلا كۆپ بولغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتى يەنە بىر قېتىم قولدىن كەتكەنلىكى ئايان بولغانىدى...

چۈشتىن ئىلگىرى، جوئېرگېرست نيۇيورك مېھمانسارىيىدىغا كەلدى ھەمدە ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، پانئامېرىكا يەرمەنكىسىنىڭ بۇ مېھمانسارىيىدا ئۆتكۈزىدىغان كاتتا ھاراق زىياپىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ مېھمانسارايىغا كىرىۋالدى.

ئۇ چاغدا سائەت تېخى سەككىز بولغان بولۇپ، گېزىتتە ئېيتىلغان ھاراق زىياپىتى سائەت ئون بىرلەردە باشلىنىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، جوئېرگېرست مېھمان قىياپىتىدە مېھمانسارايغا كىرگەن چاغدا، ئىشىك ئالدىدا تېخى جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلمىگەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن لىفتقا ئولتۇرۇپ توققۇزىنچى قەۋەتكە چىقتى ھەمدە پۇل تۆلەپ بىر يۈرۈشلۈك ياتاق ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ مېھمانسارايىنىڭ مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ياتاق ئۆيدە ئالدىرىماي تەييارلىق قىلىپ، ماك كېنلىي كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا كەلگەن ھامان لىفت بىلەن پەسكە چۈشسە بولاتتى. ئۇ چاغدا مېھمانسارايىنىڭ سىرتى قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى مۇزىكا زالىغا كىرىشىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلمايتتى.

بۇ قېتىم ئۇ تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ئۆز پىلانىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرمىسا بولمايتتى. ئۇ توققۇزىنچى قەۋەتتىن ئۈچىن-

چى قەۋەتكە نەچچە قېتىم چۈشۈپ ـ چىقىپ سىناپ كۆردى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بولغان چاغدا، مېھمانسارايىنىڭ ئالدىغا خۇددى جوئېرگېرستىنىڭ ئويلىغىنىدەك نۇرغۇن ساقچىلار يېغىپ كەتتى. ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا مېھمانسارايغا تۇتىشىدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىنى قامال قىلىۋالدى. ئۈچىنچى قەۋەتتىكى مۇزىكا زالى ناھايىتى تىنچ كۆرۈنەتتى. بۇ — بۇففالو ساقچىلىرى يول قويغان بىر سەۋەنلىك بولۇپ، ئۇلار سىرتقا بولغان تەكشۈرۈش ۋە مۇھاپىزەتنىلا چىڭ تۇتۇپ، مېھمانسارايىنىڭ ئىچىگە ماك كېنلىينى قەستلەش نىيىتىدە بولۇۋاتقان بىرەر قاتىلنىڭ يوشۇرۇنغان ياكى يوشۇرۇنۇۋالمىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ئۈچىنچى قەۋەتتىكى مۇزىكا زالى ناھايىتى كاتتا بېزەلگەن، زىياپەت ئۇستەللىرى ئاللىبۇرۇن راسلاپ قويۇلغان، لىفت بىلەن مۇزىكا زالى تۇتىشىدىغان يولغا چوغدەك قىپقىزىل گىلەم ياتقۇزۇلغانىدى. ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى سائەت ئونلار ئەتراپىدا پۈتۈن ئەتراپ قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان بۇ مېھمانسارايغا يېتىپ كەلدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، فېنلاندىيە، ئاۋستىرىيە، شىۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، مۇزىكا زالىنىڭ كەيپىياتىغا تېخىمۇ ئىللىقلىق ھەم ئىناق كەيپىيات قوشتى.

جوئېرگېرستت رەتلىك كىيىنىپ، مەيدىسىگە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش قىزىل رەڭلىك كاننېس گۈلى تاقىۋالغانىدى. بۇ پانئامېرىكا يەرمەنكىسىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، مېھمانلار ئۈچىنچى قەۋەتتىكى مۇزىكا زالىغا كىرگەن ھامان، ئايال كۈتكۈچىلەر ئۇلارغا بىردىن كاننېس گۈلى سوۋغا قىلاتتى. جوئېرگېرستت ئاشۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بولغاچقا، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئا-

يال كۆتكۆچىلەر ئۆنىڭغىمۇ ئاشۇنداق گۈلدىن بىرنى سوۋغا قىلغانىدى.

زالنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە ئادەملەر، يەنى ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلار، يەنە بەزىلىرى ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شتاتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئىدى. سورۇننىڭ رەڭدارلىقى ۋە ئۆزگىچە سالاپىتىگە گەپ كەتمەيتتى. بۇ كاتتا مېھمانلار ئالاھىدە بېزەلگەن بۇ مۇزىكا زالىدا پانئامېرىكا يەرمەنكىسىنىڭ رىياسەتچىلىرى ئۇيۇشتۇرىدىغان تەنتەنىلىك ھاراق زىياپىتىگە قاتناشماقچىدى. بۇ ئەسلىدىنلا پانئامېرىكا يەرمەنكىسى مەزگىلىدىكى بىر كۆنتەرتىپ بولسىمۇ، ئالدىن ئېلان قىلىنمىغان، شۇڭا، جوئېرگېرسىت ئالدىنقى كۈنى بىر يەرلىك گېزىتتىن بۇ خەۋەرنى ئۇقۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يامغۇر ياغقان ئاشۇ كۈنى كەچتە پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى سېتىۋېلىپ، ئۆيىدە ھاراق ئىچكەنلىكىگە مىڭ قەترە شۈكرى ئېيتتى. چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلمىغان بولسا، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ماك كېنلىيغا يېقىنلىشىشنىڭ يەنە بىر پۇرسىتى بارلىقىدىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتى. بۇ قېتىمقى پۇرسەت ئۇنىڭغا ئالدىنقى ئىككى قېتىملىقىدىنمۇ ئەپلىكرەك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنۇ سالاپەتلىك مېھمانلار قاتارىدا گىدىيىپ تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

«زۇڭتۇڭ كەلدى!»

سائەت ئون يېرىم بولغان چاغدا، مۇزىكا زالىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن جايدا تۇرغان جوئېرگېرسىت سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەسلىدە، يەرمەنكىنى تەشكىللىگۈچىلەر زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا مەخسۇس زۇڭتۇڭنى كۈتۈۋېلىش ئەترىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىرايلىق كىيىنگەن قىزچاقلار ۋە كىچىك بالى-

لار بولۇپ، مۇخبىرلارمۇ سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتلىرىنى تەييارلىغىنىچە كارىدوردا تەق بولۇپ تۇرغانىدى. ماك كېنلىي ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە قىسقىغىنا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئاندىن ئۇ چوڭ زالغا كىرىدىلا، هاراق زىياپىتى باشلىناتتى.

بۇلاردىن جوئېرگېرسىت تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇ بالىلاردىن تەشكىللەنگەن هېلىقى قارشى ئېلىش ئەترىتىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، كارىدوردىكى بارلىق ئەهۋاللارغا دىققەت قىلىپ تۇردى. كەم ئۇچرايدىغان بۇ پۇرسەتنى يەنە قولدىن بېرىپ قويىماسلىق ئۇچۇن، ئۇ بىرنەچچە مىنۇت، هەتتا بىرنەچچە سېكۇنت ۋاقىتتىنمۇ تولۇق پايدىلىنىپ، ماك كېنلىينى جايلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. لېكىن ئوق قاچىلانغان تاپانچىنى يانچۇققا سېلىۋالغاندا، چىقىرىشقا ئەپسىز بولاتتى. يەنە كېلىپ، تاپانچىنى چىقىرىش هەرىكىتى تېز بولماي قالسا، كىشلەر توپى ئارىسىدىكى پۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچىلار بايقاپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ هەممە تىرىشچانلىقى كۆپۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇڭا، جوئېرگېرسىت بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ تاپتى، ئۇ ئالدىنئالا بىر قولياغلىقنى تەييارلاپ، تاپانچىسىنى تاماق شىرەسىدىكى بىر تەخسىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن قولياغلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويدى. شۇنداق بولغاندا، ماك كېنلىي كارىدوردا پەيدا بولغان هامان، كارىدورغا بىر مېتىرلا كېلىدىغان جايدا ئولتۇرغان جوئېرگېرسىت قولياغلىقنى شارتتىدە قايرىۋېتىپ، تاپانچىنى ئالاتتى ـ دە، زالغا كىرىۋاتقان ماك كېنلىيغا قىلچە قىينالمايلا ئوق چىقىرالايتتى! نىشاننى چاقماق تېزلىكدە ئېتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپمۇ كېتەلەيتتى. ئاندىن لىفتقا چىقىپ، توققۇزىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىغا كىرىۋالسىلا ئىش تۈگەيتتى. بۇ ناهايىتى

ئەتراپلىق تۈزۈلگەن پىلان بولۇپ، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلسىلا، جوئېرگېرستىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئېنىق ئىدى. مۇشۇلارنى ئوي- لىغىنىدا ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى ھەمدە يېرىم يىلدىن بېرى ئىچىنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ كېلىۋاتقان غەزەپ بىلەن ئۆچمەنلىك- نىڭ ھېلىلا بېسىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دەل شۇ چاغدا، كارىدوردا بىرى «زۇڭتۇڭ كەلدى!» دەپ ۋارقىرىدى.

جوئېرگېرست جىددىيلەشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە چاڭ- دۇرماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ سەللا چاندۇرۇپ قويسا، پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى! شۇڭا، ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كېلىۋاتقان پۇرسەت يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ نەزىرىنى ئىشىك تەرەپكە ئاغدۇردى.

كارىدور ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان بولۇپ، ماگنىي چىراغلا- ر يالت - يالت قىلىپ يانماقتا ئىدى. چىرايلىق كىيىنگەن قىزچاقلار قوللىرىدىكى گۈللەرنى پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. ئەپچىللىكىنە قورساق سالغان ماك كېنلىي كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن مېڭىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدە بولسا چىرايلىق خانىمى ئىدا ۋە يەرمەن- كىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى، بۇففالو شەھەرلىك ھۆ- كۈمەتنىڭ باشلىقلىرى، ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى كېلىۋا- تاتتى.

لېكىن، بۇگۈنكى بۇ سورۇن ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمدىكى- دەك قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنمىغانىدى. ماك كېنلىيغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدە قىلچە جىددىيلىك ئالامىتى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىكى- لەرنى زۇڭتۇڭنى قارشى ئالغىلى چىققانلار دەپ ئويلىغان، قو- راللىق بىر قاتىلنىڭ شۇ تاپتا كارىدورغا بىر مېتىرلا ئارىلىق كېلىدىغان شىرەنىڭ يېنىدا قول سېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، جوئېر- گېرست ناھايىتى خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ جىددىيلە-

شىشى ۋە ئالاقزادىلىككە چۆمۈشىنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى
يوق ئىدى.

ماك كېنلىينىڭ قورۇق باسقان چىرايى كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى جوئېرگېرستىننىڭ نەزىرىدىكى ئۇرۇش تەلۋىسى ماك كېنلىيغا پەقەتلا ئوخشاشماي قالغانىدى. ئۇ ناھايە-تى مۇلايىم ھەم سىپايە قىياپەتتە ئۆزىنى قارشى ئېلىشۋاتقان قىز-چاقلار بىلەن بىرمۇ بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا كۇبا، پورئوتورىكو ۋە فىلىپپىنغا تاجاۋۇز قىلىش بۇيرۇقى-نى چۈشۈرگەن ياۋۇز كېڭەيمىچى ياكى سايلام مەزگىلىدىكى نۇ-تۇق سۆزلەش مۇراسىمىدا ئۇرۇش قوزغاش توغرۇلۇق ھەدەپ جار سالغان قارا نىيەتچىگە ئەمەس، بەلكى تولىمۇ سالاپەتلىك ھەم رايىش بىر مۆتىۋەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

شۇ دەقىقىدە، جوئېرگېرستىننىڭ ماك كېنلىينى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە تەۋرىنىش يۈز بەردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدىلا تۇرغان بۇ زۇڭتۇڭ ئوماققىنە بىر قىزچاق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-كەچ، ئۇنىڭغا ئۆز بوۋىسىدەك قىزغىن گەپلەرنى قىلىشۋاتاتتى. جوئېرگېرستىنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ماك كېنلىي ئۇ سېرىق چاچلىق قىزچاقنىڭ كۆكرىكىدە باشقىلار-نىڭكىدەك كانىيس گۈلى يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزد-نىڭ مەيدىسىدىكى قىپقىزىل گۈلنى ئاۋايلاپ ئالدى-دە، قىز-چاقنىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ قويدى.

«پاڭ!»

دەل شۇ چاغدا، ئوق ئاۋازى ياڭرىدى! ماك كېنلىينىڭ ئەتراپىغا دۈۋىلىشىپ تۇرغان كىشىلەر تۇيۇقسىز ياڭرىغان بۇ ئوق ئاۋازىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئادەم بىلەن لىق تولغان كارىدوردا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بەكلا كۈچلۈك ئىدى. شادلىق كەيپى-ياتىغا چۆمگەن كىشىلەر بۇ يەردە بىرەرى ئوق چىقىرار دەپ ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. شۇڭا، ئېشىك تۈۋىدىكى شىرەنىڭ يېنى-

دىن سەكرەپ تۇرغان جوئېرگېرسىت قورسىقىغا ئوق يېگەن ماك كېنلىيغا قارىتىپ تۇرۇپ ئىككىنچى پاي ئوقنىمۇ خاتىرجەم ئېتىۋەتتى!

«قا... قاتىل!»

ماك كېنلىي ئۆزىنى قاچۇرۇۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن ئىككىنچى پاي ئوق ئۇنىڭ دوۋسۇنىغا كېلىپ تەگدى. قانغا بويالغان ماك كېنلىي تويۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، نەچچە قەدەم نېرىدىلا بىر ياش قاتىلنىڭ تاپانچىنى ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە توغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى ھەمدە بىرلا ۋارقىراپ، يەرگە دۈم يىقىلدى.

«پاڭ — پاڭ»!

يەنە ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. بىراق ئۇ ئوقلار نىشانغا تەگمەي، ماك كېنلىينىڭ كەينىدىكى تامغا تېگىپ، ئۇچقۇنداپ كەتتى!

«قاتىلنى تۇتۇڭلار! قاتىلنى تۇتۇڭلار!...»

ئاقسارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى شۇ چاغدىلا ئېسىنى يىغدى. جوئېرگېرسىت تۆت پاي ئوق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن تاپانچىسىنى تاشلىۋېتىپ، كارىدوردىكى لىفتقا قاراپ يۈگۈرۈشىگە، ئۇلار تۇشمۇ تۇشتىن ئېتىلىپ كېلىپ، قاتىلنى يەرگە يىقىتتى - دە، بىر دەمدىلا بويسۇندۇردى!

## زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغانىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى قازا قىلدى

«ئا... ! قا... قاتىل... !»

زۇڭتۇڭ ماك كېنلىي يەرگە يىقىلغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇرغان ئىدا خانىمنىڭ قورقىنىدىن بىراقلا نېرۋا كېسىلى قوزغىلىپ كەتتى!

ئىدانىڭ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا

يىگىرمە يىلچە بولۇپ قالغانىدى. ئوخىئو شتاتىدىكى كاتتا بادكىرنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق قىزى 1871 - يىلى ئەينى چاغدا تېخى نامرات ئادۋوكات ھېسابلىنىدىغان ماك كېنلىي بىلەن توي قىلغان چېغىدا ئوخىئو شتاتىدىكى ئەڭ گۈزەل قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى پاكىنەك كەلگەن، چىراي - تۇرقىنىڭمۇ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق ماك كېنلىينى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەن ھەم ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانىدى. لېكىن ئىدا ماك كېنلىينى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە بۇ نامرات يىگىتكە ئۆزىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىنى بېغىشلىدى. ئۇ ماك كېنلىينى كەلگۈسىدە چوقۇم كارامەت نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ دەپ قارايتتى. ئىشلار دەل ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى، ئۇ ماك كېنلىي بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، بۇ ياش ئادۋوكاتنىڭ تېزلا ئامىتى كېلىپ، ھەربىر قەدىمىدە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. دەسلەپتە شتات پالاتا ئەزاسى بولدى، كېيىن ئۆسۈپ فېدېراتسىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، ئوخىئو شتاتىنىڭ باشلىقى ھەم زۇڭتۇڭ بولدى.

«ئىدا، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشىشىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ ماڭا ئامەت ئەكەلگىنىڭىزدىن بولدى. مەن سىزگە چوقۇم تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىمەن!» دەيتتى ماك كېنلىي ئىداغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ. ئۇ ئالىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئىچكى - تاشقى سىياسەت جەھەتتە مۇستەبىت سىياسەتنى قوللىنىپ، نۇرغۇن قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋاپادار جۈپتى ئىداغا چەكسىز مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىداغا بولغان كۆيۈنۈشىدىنلا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك ئىپادىلىنىپ قالدى.

ئىدا ئەسلىدە نېرۋىسى نورمال سىپايە ئايال ئىدى. بىراق ئۇ ماك كېنلىي بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئىككىلا بالىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە،

نىرۇسى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى.

ماك كېنلىي ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا ئىداغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ ھوقۇق - مەنسىپىنىڭ قانچىلىك ئۆسۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئايالىغا ئوخشاشلا كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى، زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىنمۇ كېسەل ئايالىنىڭ ھالىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئىدانىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ھەم ئۇنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۇچۇن، ھەر قېتىم سىرتقا زىيارەتكە ياكى چوڭ پائالىيەتلەرگە قاتناشقىلى چىققان چېغىدا ئايالىنى بىللە ئېلىۋالاتتى.

بۇ قېتىم، ئىدانىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ماك كېنلىي بۇففالو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان پانئامېرىكا يەرمەنكىسىگە ئۇنىمۇ بىللە ئەكەلگەنىدى. كۇتۇلمىگەندە، قاتىلنىڭ تاپانچىسىدىن چىققان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئىدانىڭ نىرۇسىدىن يەنە چاتاق چىقتى.

ئۇ ئېرىنىڭ قانغا بويىلىپ يىقىلغانلىقىنى، بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ لىفت تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ قاتىلنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى ئېرىگە ئاتماستىن، بەلكى بايا ئۆزلىرى مېڭىپ كەلگەن غۇۋا كارىدور تەرەپكە قاراپ ساراڭدەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرگەن چاغدىكى جۆيلۈگەندەك ۋارقىراشلىرى ئەسلىدىنلا جىددىيچىلىككە تولغان ئۇچىنچى قەۋەتنى تېخىمۇ ئەنسىزلىككە سېلىۋەتتى.

ماك كېنلىي ناھايىتى تېزلا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى.

ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان، قايتا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان بۇ ئادەم شۇ تاپتا دوختۇرخانىدىكى ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا بىھوش ھالەتتە ياتاتتى.

كۆلەڭگىسىز لامپا ماك كېنلىينىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ

كالپۇكلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. كلىنىكىلىق تەجرىبىسى مول بىر تۈركۈم تاشقى كېسەللەر دوختۇرلىرى نيۇيوركتىن بۇففالو شەھىرىگە چاقماق تېزلىكىدە ئەكېلىندى. ئۇلار جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان زۇكتۇكغا ئاۋۋال جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قان توختىتىش ۋە يۇرەكنى كۈچلەندۈرۈش دورىسى ئارقىلىق ماك كېنلىينى ئەڭ ئاخىرقى خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تىرىشتى، ئەينى چاغدىكى ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بەھوش ياتقان ماك كېنلىينى ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇلار ناھايىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ماك كېنلىينىڭ تېنىگە كىرىپ كەتكەن ئىككى تال ئوقنى تېپىپ چىقىشى ھەم ئۇنى ئېلىۋېتىشى كېرەك ئىدى!

زۇكتۇكنىڭ كۆكرىكىگە كىرىپ كەتكەن ئوق تېزلا تېپىلدى. ئۇ ئۆپكىنىڭ سول قانىتىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئۆپكە ئارتېرىيىسىنى تېشىۋەتكەچكە، دوختۇرلار ماك كېنلىينىڭ كۆكرىكىنى يارغان ۋاقتىدا، كۆكرەك بوشلۇقىغا قان تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. دېمەك، بارلىق ئاماللار بىلەن قاننى توختىتىش كېرەك ئىدى! لېكىن زۇكتۇكنى داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق دوختۇرلارنى چىپ - چىپ تەرلىتىۋەتكىنى شۇ بولدىكى، قاتىل ماك كېنلىينىڭ دۈۋسۈنىغا قارىتىپ ئاتقان يەنە بىر پاي ئوقنىڭ نەدىلىكى تېخىچە ئېنىق بولمايۋاتاتتى!

ئەينى چاغدا رېنتگېن تېخى كەشىپ قىلىنمىغان شارائىت ئاستىدا، دوختۇرلار زۇكتۇكنىڭ بەدىنىدىكى يارا ئېغىزى ئەتراپىنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسە چىقىرىشقىلا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇلار دۈۋسۈندىكى ئوقنى ئېلىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە ئېلىپ بارسا، ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. مۇبادا بىر تال ئوقنى ئالىمىز دەپ زۇكتۇكنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ قويسا، بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى داۋالاش گۇرۇپپىسىدىكى ھەرقانداق دوختۇر ئۈستىگە ئالالمايتتى.

«ماك كېنلىي! مەن ماك كېنلىينى كۆرىمەن، ماك كېنلىي، سىز نەدە؟!…»

چۆچۈگىنىدىن كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئىدا خانىمۇ بۇففالودىكى ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ داۋالاندى. ئۇ ئۇستۇنكى قەۋەتتە ياتاتتى، نېرۋىسى سەل - پەل ئەسلىگە كېلىپ قالسىلا، ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتاتتى، ۋارقىرايتتى، ئۈن سېلىپ يىغلايتتى.

ماك كېنلىي ئايرىم بۆلمىلىك داۋالاش بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. يەنە كۈتۈلمىگەن بىرەر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ دوختۇرخانىدىكى باشقا بىمارلارنى ناھايىتى تېزلا تارقاقلاشتۇرۇپ، ماك كېنلىي ياتقان بۆلۈمنىڭ ئىچى - سىرتىغا ۋە بارلىق ئۆيلەرگە ئاقساراينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يەرلىك ساقچىلارنى كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز نۆۋەتچىلىك قىلىپ، دوختۇر، سېستىرالاردىن باشقا يات ئادەملەرنىڭ ماك كېنلىي داۋالىنىۋاتقان بالنىستتا رايونىغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلىدى.

ماك كېنلىي قانسىراش خاراكتېرلىك شوك بولۇش سەۋەبلىك جېنى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ قالدى. بىراق، قاتىل ئۇنىڭ دوۋسۇنىغا قارىتىپ ئاتقان ئوقنى دوختۇرلار تۆت كۈن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ تاپالمايۋاتاتتى! شۇڭا، ئۇنىڭ دوۋسۇنىدىكى يارا ئېغىزى ئوچۇق تۇرۇۋەرگەچكە، قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى.

بەشىنچى كۈنى سەھەردە، نەچچە كۈن بىھوش ياتقان ماك كېنلىي بىلىنەر - بىلىنمەس ھوشىغا كەلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىشى بىلەنلا ئەڭ ئاۋۋال:

— ئىدا قەيەردە؟!…، — دەپ سورىدى.

— خانىم ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئەنسىرىمەڭ، زۇڭتۇڭ! — دېدى ۋاشىنگتوندىن ئالايىتەن بۇففالوغا كەلگەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ

تېئودۇر روزۋېلت ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا تۇرۇپ. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان، سولغۇن ماك كېنلىيغا قارىغانسېرى ئۇنىڭ قەلبى تەسۋىرلىگۈسىز ئازابقا تولۇۋاتاتتى.

— تېئودۇر، مەن قىلماقچى بولغان ئىشلار بەك كۆپ ئىدى. بىراق، ئەمدىلا باشلىنىشىغا، ئاخىرلىشىدىغان ئوخشايدۇ...، — دېدى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ماك كېنلىي ئاستا پىچىرلاپ. ئۇ مۇشۇ گەپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان مۇشۇ پەيتتە، ئۆزى قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكچىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، «ماك كېنلىي تاموژنا بېجى قانۇنى»نى ئېلان قىلغان، يەنە بىر قاتار قانۇنلارنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ دۆلەت ئىچى تاموژنا بېجىنى كۈچەيتمەكچى بولغان ھەمدە يەتتە دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگونى «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغاندىن كېيىن، يەنە سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشنىڭ بىر قاتار پىلانىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يىراق ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت — جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇز قىلىش پىلانىمۇ بار ئىدى.

«جۇڭگو شەرقتىكى يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ زور، تەبىئىي بايلىقى مول، نوپۇسى زىچ دۆلەت. ئەگەر پاراخوت ـ زەمبىرەكلىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى تېخىمۇ كەڭ ئاچالىساق، ئۇ يەرنى ھېچبولمىسا ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسىدىكى بىر سودا بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بولاتتۇق! بۇنىڭغا قارىتا مەندە تولۇق ئىشەنچ بار ئىدى!...»

ماك كېنلىي يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ئاشۇنداق بىھوش ھالەتتە يېتىپمۇ، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئېسىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق

پارلامېنت يىغىنىدا يۇقىرىقى قارىشىنى بايان قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. ئۇ چاغدا، ماك كېنلىي ئۆزىنىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇقتا سايلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پارلامېنت ئەزالىرىغا يېڭى كېڭەيمىچىلىك ئىستىراتېگىيىسىدىن دوكلات بەرگەنىدى. بىراق، سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئىمجان ھالەتتە ياتقان بۇ پەيتتە، ئۇ يۇقىرىقى پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەمدى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولغاچقا، چەكسىز ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاۋاتاتتى. ماك كېنلىنىڭ خىيالىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئاجايىپ مۇنبەت بىر قۇرۇقلۇق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇ جۇڭگو ئىدى! ئىبلىس چاڭگىلىنى يىراقتىكى ئاسىيا قىتئەسىگىچە سوزۇش ئارقىلىق ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق زۇڭتۇڭلاردىن ئېشىپ كېتىش ھەم كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى بالدۇرراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ماك كېنلىي چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بارا ـ بارا ھوشىنى يوقاتتى!

مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ روزۋېلت ماك كېنلىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر غەمگە پاتتى. ئۇنىڭ دوۋسۇنىغا كىرىپ كەتكەن بىر تال ئوقنى ئامال بار تېزرەك ئېلىۋېتىش ئۈچۈن، روزۋېلت ئۇنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن ۋاشىنگتونغا يۆتكەپ كېتىشنى قارار قىلدى. ۋاشىنگتوندىكى ئەڭ ئىلغار بىر دوختۇرخانىنى زۇڭتۇڭنىڭ داۋالىنىش ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، دوۋسۇنىدىكى ئوق ئېلىپ تاشلانسىلا، خەتەرلىك ھالەتتە ياتقان ماك كېنلىنىڭ ئەھۋالى چوقۇم ياخشىلىنىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغاچقا، قانچىلىك چىقىم كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ياۋروپاغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە ۋە ئىتالىيىدىن داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ماك كېنلىينى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى!

ئەپسۇسكى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ روزۋېلتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيە قىلىش پىلانى تېخى ئەمەلىيلەشمەي تۇرۇپلا، 1901 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، يەنى ماك كېنلىي بۇففالودا قەستكە ئۇچرىغاننىڭ توققۇزىنچى كۈنى، ئوق زەخمىسى تۈپەيلىدىن سېپتىسېمىيە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ماك كېنلىي ئۇدا نەچچە كۈن بىھوش ياتقاندىن كېيىن، ئاخىر تىنىقتىن قالدى! شۇ چاغدا ئۇ ئەللىك سەككىز ياشتا ئىدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاقساراي ئىنتايىن قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا ماك كېنلىينىڭ جان ئۈزگەنلىك خەۋىرىنى ئېلان قىلدى.

دەل شۇ كۈنى، تېئودۇر روزېۋېلت زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى.

شۇ يىلى كەچ كۈزدە، ئاقساراي زۇڭتۇڭنىڭ ئايالى ئىدا ساكستوننىڭ تەلىپى بويىچە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، 1866 - يىلى ماك كېنلىي ئادۋوكاتلىق ھاياتىنى باشلىغان جاي — ئوخىئو شتاتى كاندون شەھىرىنىڭ سىرتىغا بىر قەبرىستانلىق ياساپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلىدە قەستكە ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغان ئۈچىنچى زۇڭتۇڭ ماك كېنلىينى شۇ يەرگە دەپنە قىلدى.

ماك كېنلىي دەپنە قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھېلىقى لېئون جوئېرگېرست ئىسىملىك قاتىل قايتا - قايتا سوراق قىلىنىش ئارقىلىق، ئانارخىست ۋە روھى بىنورمال رادىكال دەپ قارىلىپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

زۇڭتۇڭنىڭ ئايالى ئىدا يەنە ئوخىئو شتاتىنىڭ كاندون شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ماك كېنلىينىڭ قەبرىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان ئۆيدە ئۈن سېلىپ يىغلايتتى. بۇ يەر ئەينى چاغدا ماك كېنلىي ئىككىسى توي قىلغان جاي بولغاچقا، ئىدا خانىم تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماك كېنلىينىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن يىراق كەتمىدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

# تەستە ئەمەلگە ئاشقان ئېكسپېدىتسىيە چۈشى

## —— يىگىرمە بەشىنچى زۇڭتۇڭ تېئودۇر روزۋېلت



تېئودۇر روزۋېلت 1858 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ شەرقىي رايونىدىكى نيۇيورك شەھىرىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى گوللاندىيىلىك، دادىسى شۇ جايدىكى داڭلىق باي كىشى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا باي ئائىلىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ، تېنى ئاجىز، كېسەلچان بولۇپ قالغان؛

1878 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ھەم تەبىئىي پەنگە قىزىقىپ قالغان؛

1880 - يىلى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالمىشىپ، ئۆزى قىلچە قىزىقمايدىغان قانۇنچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، سۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە قەدەم قويغان؛ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، نيۇيورك شتاتىنىڭ پالاتا ئەزاسى بولغان؛

1889 - يىلى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇلكىي ئەمەلدارلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛

1895 ـ يىلى نيۇيورك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛
1897 ـ يىلى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى بولغان؛
1898 ـ يىلى كۇباغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ مايور دەرىجىلىك پولك كوماندىرى بولغان؛ شۇ يىلى 11 ـ ئايدا نيۇيورك شتاتىغا قايتىپ كېلىپ، شتات باشلىقلىقىغا سايلانغان؛
1900 ـ يىلى ماك كېنلىينىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ غەلىبە قىلغان؛
1901 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ماك كېنلىينىڭ قەستكە ئۇچراپ قازا قىلىشى بىلەن قىرىق ئىككى يېشىدا زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ياش زۇڭتۇڭ بولۇپ قالغان؛
1909 ـ يىل ئىككىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تەختتىن چۈشكەن؛
1919 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاتمىش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلدى

بۇ 1909 ـ يىل يازنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى.

تەختتىن چۈشكەن زۇڭتۇڭ روزېۋېلت داۋالغۇپ تۇرغان چەكسىز دېڭىزغا قارىغىنىچە ئاق يەلكەنلىك بىر قولۋاقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

يىراق ئۇپۇقتىن لەيلەپ كەلگەن تۇرۇم ـ تۇرۇم بۇلۇتلار دېڭىزغا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىنى توسۇۋالغانىدى، ئاسمان گۈمبىزىدە قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چىقىدىغان سوغۇق شامال چەكسىز كەتكەن دېڭىز يۈزىدە كۈچلۈك دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى. قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپلا تۇرسىمۇ، زۇڭتۇڭ روزېۋېلت ئولتۇرغان قولۋاق دېڭىز يۈزىدە ئۇيان ـ بۇيان لەيلەپ يۈرەتتى،

قىرغاققا دەماللىقا يېقىنلاشقۇدەك بىرەر جايمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— دادا، قانداق قىلىمىز؟ يامغۇر ياغايلا دەپ قالدى، بىز بولساق دېڭىزدا بىر كۈن لەيلەپ يۈردۇق، قورساقلىرىمىزمۇ ئېچىپ كەتتى، بىرەر قونالغۇنى تېپىپ، ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالساق بولاتتى! — دېدى ئۇنىڭ ئوغلى كېرمىت.

— جىددىيلەشمە!

روزېۋېلت كېرمىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان يەتتە - سەككىز نەپەر ياش ئېكسپېدىتسىيىچىگە قاراپ قويدى. ئۇ ياغايلا دەپ قالغان قاتتىق يامغۇردىن قىلچە چۆچۈگەندەك قىلمايتتى، ئەكسىچە، قولۋاقنىڭ گىرۋىكىدە قولۋاقنى دولقۇنلار ئارىسىغا ئىختىيارى قويۇپ بېرىپ، خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

روزېۋېلت ئىككى ئاي ئىلگىرى — 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ ئاقسارايدىكى سەككىز يىلغا سوزۇلغان زوڭتۇڭلۇق ھاياتىنى تاماملاپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرتى — ئويىربىستىتكى داچىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يىراق جايلارنى بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، تەبىئەت پەنلىرىگە ھېرىسمەن روزېۋېلت ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا كەڭ تەبىئەتنى كۆرۈپ كېلىش ئىستىكىدە بولۇپ كەلگەنىدى. ئويىربىستقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدىراش دۆلەت ئىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، جىمجىت داچىغا بېكىنىپ ياشاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، تەختتىن چۈشكەن كۈندىن باشلاپلا، خەلق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، ئادەمزات ئاياغ بېسىپ باقمىغان ئافرىقىغا بېرىپ كېلىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى.

— كارو، مەن بۇ يەردە كۈنلىرىمنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، تەبىئەت دۇنياسىنى بىر ئايلىنىپ چىقسام دەيمەن! — روزېۋېلت ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل-

لەپ ئافرىقىنى ئايلىنىپ كېلىش پىلانىنى 1886 - يىلى قايتا
نىكاھلانغان ئايالى ئېدىت كاروغا ئېيتقان چېغىدا، كىچىككىدىنلا
تىنچ تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان كارو ھەيران
بولدى ھەم تەڭقىسلىقتا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن
ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت ئوغلى بىلەن بىر قىزى پۈتۈنلەي
ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى، شۇڭا، كارو نائىلاج:

— ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىڭىزگە پۈكۈپ كەلگەن ئافرىقىنى
ئايلىنىپ كېلىش ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسىڭىز،
مەن ھەرگىز قارشى تۇرمايمەن. بىراق، سىز بىلەن بىللە بارال-
مايمەن - دە! — دېۋىدى، روزېۋېلت خۇش بولۇپ كەتتى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، كارو، كېرمىت مەن بىلەن بىللە
بارسۇن! — ئۇ تىلغا ئالغان كېرمىت ئالللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆت-
كەن تۇنجى ئايالى ئېلىس بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت جەۋھە-
رى ئىدى. روزېۋېلتنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى بىلەن، دۆلەت-
لىك مۇزېي ئۇنىڭ ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش پىلانىنى
ناھايىتى تېزلا قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. روزېۋېلتنىڭ بۇ قېتىمقى
سەپەردە دۆلەتلىك مۇزېيغا ئاتاپ كۆرگەزمە قىممىتىگە ئىگە ھەر-
خىل تاشقا ئايلانغان جىسىملارنى، قۇشلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى
ھەمدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-
نى ئالغاچ كېلىش خىيالى بار بولغاچقا، ئامېرىكا دۆلەتلىك
مۇزېيى ئۇنىڭ ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشىغا ئاتاپ مەخ-
سۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن، روزېۋېلت توققۇز كىشىدىن تەشكىللەنگەن
خەلق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، نيۇيورك پورتىنىڭ
سىرتىدىكى خودسۇن دەرياسى ئېغىزىدىن يولغا چىقتى ھەمدە
ناھايىتى تېزلا غەربىي ئافرىقىدىكى سېنگال دەرياسىغا كىردى.
بۇ دەريا ئاتلانتىك ئوكيانغا يانداش كېلەتتى، روزېۋېلتنىڭ ئېكس-
پېدىتسىيە ئەترىتى شىددەتلىك ئاقىدىغان بۇ دەرياغا كىرگەندىن

كېيىن، ئۇ ئافرىقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، قۇم بارخانلى-
رى ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، چەكسىز كەتكەن چوڭ
قۇملۇقنى تۇنجى قېتىم كۆردى. يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بارغانسې-
رى ئازىيىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چۆل - جەزىرە ئايان بولۇشقا
باشلىدى، ئۇلارنىڭ كېمىسى بەزىدە قىرغاققا يېقىنلاشقاندا تېرى-
سى قاپقارا، تىلىنى ئۇققىلى بولمايدىغان غەيرىي، ياۋا ئادەملەر
ئۇچراپ قالاتتى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەرنى بىر خىل
ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالغان بولسىمۇ، يارىلىنىشىدىنلا خەتەرگە تە-
ۋەككۇل قىلىشقا ئامراق روزېۋېلت ئۈچۈن ناتونۇش قىتئەگە قى-
لىنغان بۇ سەپەر ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ھېسابلىناتتى.

روزېۋېلت دەسلەپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان چاغ-
لىرىدىلا، تەبىئەتنى ئايلىنىپ كېلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپ
يۈرگەنىدى. 1908 - يىلى قىشتا، ئۇ بىر قېتىملىق دەم ئېلىش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ روك دەريا ۋادىسىنى ئايلىنىپ كەلگەن،
ئۇ چاغدا ئايالى كاروخانىمنى ۋە بالىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىۋالغان-
دى. گەرچە ئاقساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشى
تۇپەيلىدىن تازا كۆڭۈللۈك سەيلە قىلالمىغان بولسىمۇ، روك
دەريا ۋادىسىدىكى ئاشۇ قىشلىق سەپىرىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە
مۇنداق دەپ يازدى: «بىز ئادەت بويىچە تاغقا ياماشتۇق، ئاندىن
ئۆستەڭدە چۆمۈلدۇق؛ بەك كۆڭۈللۈك بولدى، بىز قىشلىق
كىيىم بىلەن ئۆتۈك كىيىۋالغاندۇق، مۇزدەك سۇ شارقىراپ
ئېقىپ تۇراتتى...» لېكىن ئاقسارايدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە
روزېۋېلت تەبىئەتنى ئايلىنىپ، سەيلە قىلىدىغان بۇنداق پۇرسەت-
لەرگە ئېرىشەلمىدى. سابىق زۇڭتۇڭ ماك كېنلىي بۇففالودا
قەستكە ئۇچراپ قازا قىلغان چاغدا، روزېۋېلت ئەمدىلا قىرىق
ئىككى ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى
ئۆتەۋاتاتتى، ئەسلىدە، تارىختىن بۇيان ھېچكىم بۇنچە ياش چېغى-
دا زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقىپ باقمىغانىدى. ھالبۇكى، ماك

كېنلىينىڭ تويۇقسىز قازا قىلىشى بىلەن، تارىخنىڭ ئېغىر يۈكى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايلا ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.

روزېۋېلت ئۆزىنىڭ تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، 1904 - يىلى ئامېرىكا ئارزۇسى بويىچە يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. شۇ چاغدا، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئاشكارا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

«كېيىنكى تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا مەن خەلق ئارىسىغا قايتىمەن. مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم داۋاملىق سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، تىرىك-چىلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىرەر خىزمەتنى ئىشلەشمۇ ئەمەس، مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار، ئۇ بولسىمۇ كەڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئايلىنىپ چىقىش! مەن تەۋەككۈلچىلىكنى ياخشى كۆ-رىمەن، دۇنيادا مېنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ ئايلىنىپ كېلىشىمگە ئەرزىيدىغان جايلار ناھايىتىمۇ كۆپ!… شۇڭا، تەڭرىنىڭ ماڭا ئاشۇنداق بىر پۇرسەتنى ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن!»

مانا بۇگۈن، تەڭرى روزېۋېلتقا ئەنە شۇنداق پۇرسەتنى ئاتا قىلدى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەتلىك مۇزېيىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بى-لەن، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ ناتونۇش ئافرىقا قىتئە-سىنى ئايلىنىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇسى ئىدى. يۇقىرى قاتلامدا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى بىمەنە سىياسىي كۈرەشلەردىن جاق تو-يۇپ كەتكەن روزېۋېلت كەڭ تەبىئەت دۇنياسىغا قايتىپ، يېڭى-يېڭى نەرسىلەردىن بەھرە ئېلىشقا تولىمۇ تەشنا بولۇپ كەلگەن-دى. دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزدا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. كىچىك يەلكەنلىك كېمىدىكى بارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئۈستۈېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. پەقەت روزېۋېلت-لا قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا پىسەنت قىلماي، غۇلىچىنى كەڭ كەرگىنىچە تىككىدە تۇرۇپ، شېكسپىرنىڭ «پادىشاھ لېئور»

ناملىق داڭلىق درامىسىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئۇنلۇك دېكلاماتـ
سىيە قىلىۋاتاتتى:

«ئاھ،
قورقۇنچ يوق يامغۇرنىڭ ئەسلىي،
قورقۇنچلۇقتۇر تەنھالىق ۋەسلى!...»

## ياۋروپا سەپرىدە ئەنگلىيىدىكى ئۇچ ئارالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

يەنە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى.

چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان روزېۋېلت يەنىلا كېمە پالۋبىسىدـ
ـدا يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە جىممىدە تۇراتتى. دولقۇنلاپ
تۇرغان زۇمرەتتەك دېڭىزنىڭ ئۇستىدە سانسىزلىغان ئاپئاق چايـ
كىلار ئۇيان - بۇيان ئەگىپ يۇرەتتى. ھەش - پەش دېگۇچە بىر
يىل ئۆتۈپ كەتتى، روزېۋېلت باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيىدـ
چىلەر ئولتۇرغان كېمە شۇ تاپتا سۇداننىڭ خارتۇم رايونى يېنىدىـ
كى دېڭىز يۇزىدە كېتىپ باراتتى، بۇ دەل 1910 - يىل 3 -
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، روزېۋېلتنىڭ تەختتىن چۇشكىنىگە
توپتوغرا بىر يىل، ئافرىقىنى ئايلىنىپ يۇرگىنىگە ئون ئاي
بولۇپ قالغانىدى.

ئون ئاي داۋامىدا، روزېۋېلت چۇشىدىمۇ كۆرمىگەن جاپا -
مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۇردى. قاقاس ھەم قورقۇنچلۇق ئافـ
ـرىقا ئىككى نۆۋەت ئامېرىكا ھۆكۇمىتىنىڭ ئالىي ھوقۇقدارى
بولغان روزېۋېلت ئۇچۇن شەك - شۇبھىسىزكى، يېڭى بىر دۇنيا
ئىدى. سېنېگال دەرياسىدا شىددەتلىك يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلەش ئىرادىسىدە
قىلچە تەۋرىنىش بولمىدى. ئۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ

ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى، ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى سالۋۇم دەرياسىغا، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى گامبىيە دەرياسىغا ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى كاتچامىنىس دەرياسىغا يېتىپ باردى. ئۇلار پات - پات قىرغاققا چىقىپ، قۇرغاق قۇملۇقتا پىيادە ماڭدى، بۇنداق مېڭىشنىڭ تولىمۇ جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى! چۈنكى، ئافرىقىدا ھەر يىلى تېمپېراتۇرا يىگىرمە توققۇز سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا بولاتتى. روزېۋېلت قۇملۇقتا ماڭسىلا چېپىلداپ تەرلەپ، نەپەس ئالالماي قالاتتى. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ۋايسىمىدى.

روزېۋېلت ئافرىقىدا مول ھوسۇلغا ئېرىشتى. ئامېرىكا دۆلەتلىك مۇزېينىڭ ئۇنىڭغا ئاجراتقان خىراجىتى بىكارغا كەتمىگەندى. ماۋرىتانىيىدىكى چۆللۈكتە، بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسى ماۋرىتانىيىنى بېسىۋالغان چاغدا قېپقالغان قورال - ياراغ پارچىلىرىنى تېپىۋالدى؛ ماراكەشكە بارغاندا، روزېۋېلت مىلادىيە VII ئەسىردە ئەرەبلەر ماراكەشكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە قېپقالغان ئۇرۇش ئاتلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى تېپىۋالدى؛ غەربىي ئافرىقىدىكى گۋىنىيىگە بارغاندا، روزېۋېلت ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكىلەر كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان زارون ئېگىزلىكىگە چىقتى، روزېۋېلت ئۇ يەردىكى ئورمانلىقتىن بىر قىسىم قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسىملىرىنى تېپىۋالدى...

1910 - يىل ئەتىيازدا، ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان روزېۋېلت ھېلىقى كىچىككىنە يەلكەنلىك كېمىسىگە ئولتۇرۇپ مىسىردىن يولغا چىقىپ، ئاق نىل دەرياسى بىلەن كۆك نىل دەرياسى ئۆزئارا تۇتىشىدىغان خارتۇم پورتىغا يېتىپ كەلگەندە، قەلبى چەكسىز ھاياجانغا تولدى.

«تېددى (روزېۋېلتنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى)! سىز قېرىپ كېتىپسىز، چىرايىڭىزمۇ قارىداپ كېتىپتۇ، كىشىلەرنىڭ ئافرىـ قىنى قارا ئافرىقا دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن!»

روزېۋېلت بىر يىل ئاۋۋال نيۇيورك ئارىلىدىكى ئويىرىستتىن يولغا چىققان چېغىدا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت بويىچە، ئايالى كارو خانىم بالىلىرىنى ئېلىپ سۇدانىنىڭ پايتەختى خارتومدا ئۇ. نىڭ بىلەن ئۇچراشتى. بىراق، چىرايلىرى قاقتەك قورۇلۇپ، قارىداپ ھەم ئورۇقلاپ كەتكەن روزېۋېلت ئۇستۇېشى توپا ـ چاڭ ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، كارو خانىم داڭقېتىپلا قالدى. يېشى ئەمدى ئەللىكتىن ئاشقان ئېرىنىڭ ھەش ـ پەش دېگۇچە بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى.

روزېۋېلت بولسا ناھايىتى خۇرسەن كۆرۈنەتتى. ئۇ خارتۇمـ دىكى كاتتا مېھمانسارايدا كارو خانىمغا ئافرىقىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇلار ئافرىقىدىكى چۆل ۋە ئورمانلىقلاردا نۇرغۇن قېتىم ۋەھشىي ياۋا تۈگكۈز، شىر ۋە پىللارغا ئۇچراپ قېلىپ، جاندىن ئايرىلىشقا تاس قالغان، بەزىدە ھەتتا يولدىن ئېزىپ كەتكەن، ئىچىدىغان سۇيى تۈگەپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، لېكىن، روزېۋېلتنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاشۇ خېيىمخەتەرلەرنىڭ ئىچىدىن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ چىققانىدى.

روزېۋېلت كارو خانىمغا مۇنداق دېدى:

— مەن قارا ئافرىقىنى تولۇق ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ كىچىكلا بىر يەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئافرىـ قىنى بىرەر ئامېرىكىلىقنىڭ ئايلىنىپ كېلىشى بىلەنلا ئىش پۈتـ مەيدۇ. ئۇ زۆڭتۈك ياكى باشقا ئادەم بولسۇن، ئىشقىلىپ، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش ئىدىيىسى قانچىلىك كۈچلۈك ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىپايان ئافرىقىنى بىر ئايلىنىپ چىقـ

سىلا، بۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلالايدىكەن!

سۇداندا تۇرغان مەزگىلدە، روزېۋېلت ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئالا-
ھىدە ئىمتىياز بىلەن كۈتۈۋېلىندى. سۇدان ھۆكۈمرانى ئامېرى-
كىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭى ۋە ئۇنىڭ خانىمى شەرىپىگە مەخسۇس
زىياپەت راسلىدى، ئاندىن ئۇلار سۇدان ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمە-
راھلىقىدا سۇدانلار، نىلوتلار ۋە نىل ھامىلىرىدىن تەركىب تاپ-
قان توققۇز ئۆلكىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 ـ ئايدىكى ئىللىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، روزېۋېلت
ئايالى كارو خانىم ۋە ئوغلى كېرمىت بىلەن بىللە ياۋروپا سەپىرى-
نى باشلىدى. قەدىمىي ۋە گۈزەل ياۋروپاغا بېرىپ ساياھەت قى-
لىپ كېلىشمۇ روزېۋېلت تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئەمەلگە
ئاشۇرالمىغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆت-
كەن بىرقانچە زۇڭتۇڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ياۋروپانى
ساياھەت قىلىپ كەلگەندى. كىچىكىدىنلا ساياھەتكە ھېرىسمەن
دەپ ئاتالغان روزېۋېلت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياۋروپانىڭ ئۆزگىچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە تاغ ـ دەريالىرى بىلەن قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى
ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇرۇلۇشلىرى باشقىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە
ئىدى.

روزېۋېلت ئىتالىيىدىكى مىلان، رىم ۋە سۇ ئۈستى شەھىرى
ۋېنتسىيىنى ئۆزىنىڭ ياۋروپا سەپىرىدىكى تۇنجى بېكەت قىلىپ
تاللىدى، دەرۋەقە، بۇ شەھەرلەر سۈرەتتەك گۈزەل بولۇپ، كى-
شىنى شېرىن تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ساياھەت
ۋە ئېكسپېدىتسىيىگە ماھىر روزېۋېلت ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى
ئىتالىيىدىكى ئاشۇ گۈزەل شەھەرلەرگىلا قارىتىۋالماستىن، يەنە
بۇككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان، چىلبۆرىلەر دەممۇ دەم پەيدا
بولۇپ قالىدىغان ئالىپ تېغىنىمۇ ئارىلاپ چىقتى. گۈزەل ئاپېن-
نېنىس تاقىم ئارىلى بىلەن ساردىگنا ۋە سىتسىلىيە ئارىلىدىمۇ

روزېۋېلت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالدى.

قەدىمكى گوللاندىيە پادىشاھلىقىنىڭ XVI ئەسىردە ئىسپانىيە-گە مۇستەملىكە بولغان تارىخى روزېۋېلتنىڭ قەلبىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر سىر ئىدى؛ مانا ئەمدى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياپپېشىللىقا تولغان بۇ سىرلىق ئەلگە يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئاجايىپ - غارايىباتلار ئۇنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى؛ ياۋروپانىڭ شىمالىدىكى ۋېنوئا تاقىم ئارىلىغا جايلاشقان نورۋېگىيە پادىشاھلىقىمۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنزىرىسى بىلەن روزېۋېلتتا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى سەپەر داۋامىدا قىلچە ھاردىم - تالدىم دېمەستىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئايالى كارو خانىم بىلەن بىللە ئاجايىپ - غارايىپ بىر دۇنيانى — كۆچمە مۇزلۇقنى تاماشا قىلدى. تاغلاردىكى بوككىدە ئورمانلىقلاردا نۇرغۇن قىم-مەتلىك ھايۋانلار ئۇچراپ قالاتتى، ئوۋچىلىققا ماھىر روزېۋېلت ئۆزىمۇ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەيدىغان نۇرغۇن ئۇچار قانات ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئېتىۋالدى؛ دېڭىز ياقىسىدىكى تىك ۋە ئېگىز يارلاردا، روزېۋېلت يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىپ، يېڭى - يېڭى سەپەر پىلانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇلار يەنە گېرمانىيە ۋە شىۋېتسىيىگە باردى.

— كارو، مەن ئېكسپېدىتسىيىنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرىمەن. چۈنكى ئېكسپېدىتسىيە مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ لەززەت، — دېدى.

تومۇز ئايلىرىدا، روزېۋېلت بىلەن كاروخانىم ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئەنگلىيىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل ئۈچ ئارالغا يېتىپ كەلدى. روزېۋېلتنى ئەنگلىيىگە ساياھەتكە كەلدى دېگەندىن كۆ-رە، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى تاپشۇرغان پەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلغىلى كەلدى دېگەن تۈزۈك ئىدى. 1909 - يىلى روزېۋېلت تەختتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئەتراپ-

لىق تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن قۇرۇق-
لۇق ئارمىيە مىنىستىرى تافتنى ئىزباسار قىلىپ تاللىغان بول-
غاچقا، ياۋروپادا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدىمۇ ھەربىي-
لىكتىن كېلىپ چىققان بۇ يېڭى زۇڭتۇڭ بىلەن داۋاملىق ئالاقە
قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە يېتىپ بارغان مەزگىلى
ئويلىمىغان يەردىن يېقىندا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن
ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد VII نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا توغرا كې-
لىپ قالغاچقا، تافت بۇ سابىق زۇڭتۇڭنى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە
ئەلچىسى سۈپىتىدە پادىشاھ ئېدۋارد VII نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا
قاتنىشىشقا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن، روزىۋېلت ئەنگلىيە سەپى-
رىدە ئالاھىدە مېھمانغا ئايلاندى.

ئۇ پادىشاھ ئېدۋارد VII نىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ
بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىدىكى ئۈچ ئارالغا بولغان ساياھىتىنى
باشلىۋەتتى. بۇ قېتىممۇ زۇڭتۇڭ تافت ئۇنىڭغا ئەنگلىيىنىڭ
بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالىنى تەكشۈ-
رۈپ بېقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى!

تافتنىڭ بۇنداق ۋەزىپىنى تاپشۇرۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ بۇ
سابىق زۇڭتۇڭنىڭ ئېكسپېدىتسىيىگىلا ئەمەس، يەنە تەبىئەت
ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشكىمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلى-
كىنى بىلەتتى. 1903 ـ يىل ئەتىيازدا، روزىۋېلت ۋەزىپە ئۆتە-
ۋاتقان مەزگىلدە ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ، ئامېرىكىنىڭ شى-
مالىدىكى ئېدىرلىقلارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر قې-
تىملىق ساياھەتنى تەشكىللىگەن، كېيىن بۇ ئىش ئامېرىكىنىڭ
سىياسىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى! روزىۋېلت ئاشۇ
قېتىمقى سەپىرىدە نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان ئورمانلىقنى
پىيادە بېسىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالدى ئەمەس، بەلكى
غەربىي رايوننىڭ بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرگەچ مېڭىپ، ئويلى-
مىغان يەردىن ئامېرىكىدىكى بىر چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىنى،

ئۆزى رەھبەرلىكىدىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى سەل قاراپ كەل-
گەن بىر مەسىلىنى، يەنى چەكسىز كەتكەن بۇكىدە ئورمانلىق-
لارنى ئانارخىستلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كېسىۋاتقانلىقى-
نى، كالىفورنىيە شتاتىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانلىقلارنى كې-
سىشتە ھەتتا ھېچقانداق ئورۇننىڭ تەستىقىنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى
يوق ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى!

تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىدىغان روزېۋېلت دەرەخلىرى كېسىپ تاشلىنىپ تاپتاقىر بو-
لۇپ قالغان ئېدىرلىق ۋە تۆپىلىكلەرگە قاراپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان
ھالدا ئازابلىنىپ يىغلىۋەتتى:

«بىزنىڭ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ
ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ! دۆلىتىمىزدە بۇنداق
قالايمىقان كېسىپ - چاناشلارغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك زادى
قانچىلىك ئورمانلىق بار؟! ...»

ئۇ، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە، روزېۋېلت دۆلەت ئىلكىدىكى
نۇرغۇن ئورمانلىقنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراۋاتقىنىنىلا ئەمەس،
يەنە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە كان، يەر ۋە
سۇ بايلىقلىرىنىڭمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلى-
قىنى كۆردى.

روزېۋېلت قايغۇرغان ھالدا ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلدى ھەم-
دە ئاقسارايدا فېدېراتسىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ
يىغىن ئېچىپ، قانداق قىلغاندا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى
ئورمان، كان ۋە سۇ بايلىقلىرىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ دېگەن
مەسىلىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا، روزېۋېلتنىڭ كۆ-
زىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقى ھەممەيلەننى چوڭقۇر
تەسىرلەندۈردى، مىنىستىرلار پىكىر بىرلىككە كېلىپ، تەبى-
ئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر لايىھىنى
تۈزۈپ چىققان بولسىمۇ، دۆلەتكە ھەم خەلققە پايدىلىق بۇ قارار

1906 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن پارلامېنتنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. روزېۋېلت قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكا خەلقى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. شۇڭا، يېڭى زۇڭتۇڭ تافت ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئەنگلىيىنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەچ كېلىشنى ھاۋالە قىلغانىدى.

1910 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، نيۇيورك ئارىلىدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان روزېۋېلت ئاخىر توپا - چاڭغا مىلەنگەن ھالدا يۇرتى ئويىربېستتىكى داچىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئارام ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئاقسارايغا يوللاش ئۈچۈن «ئەنگلىيىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» نى يېزىپ چىقتى. بۇ دوكلات ئەينى چاغدىكى تافت ھۆكۈمىتىنى ئورمان، يەر ۋە سۇ بايلىقلىرىنى قوغداشتا ناھايىتى ياخشى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

## مىلۋاۋكېدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا ئوق تەگدى

روزېۋېلتنىڭ دوكلاتى زۇڭتۇڭ تافتنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇ روزېۋېلت ئەنگلىيىدە مىڭ بىر جاپادا ئېرىشكەن بىر قىسىم يېڭى تەجرىبىلەر، ئامېرىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا پايدىلىق پىكىر - تەكلىپلەرگە نەزەر كۆزدىنمۇ سېلىپ قويمىدى. روزېۋېلت بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ناھايىتى سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەن بۇ قورۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى!

1912 - يىل ئەتىيازدا، روزېۋېلتنىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ نيۇيورك شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى داچىسىغا كېلىپ، زۇڭتۇڭ تافتنىڭ ئەينى يىلى ئۆزىنى قوللىغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ھەممە خەلق ئىزچىل نارازى

بولۇۋاتقان روكفېللېر مالىيە گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىۋالغان-
لىقىنى ئىنكاس قىلدى، تافتنىڭ پارا ئالغانلىقىغا دائىر ھەر
خىل خەۋەرلەرنىمۇ يەتكۈزۈپ تۇردى. روزېۋېلتنا تافتقا قارىتا
ئۇمىدسىزلىنىشتىن سىرت، يەنە غەزەپلىنىش ھېسسىياتىمۇ پەيدا
بولدى. ئۇ ئايالى كارو خانىمغا:

— كۆزۈم ھەقىقەتەن قارىغۇ ئىكەن، ئەينى چاغدا نېمىشقىمۇ
ئاشۇنداق ئادەمنى زۇڭتۇڭلۇق ئورنىغا چىقىرىپ قويغاندىمەن؟
ئەمدىلىكتە ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋې-
تىپتۇ ئەمەسمۇ! ، — دېدى.

تافت كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سەتچىلىكلەر روزېۋېلتنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلەر نۆۋەتلىك
زۇڭتۇڭ سايلىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىلگىرى ئىت-
تىپاقلىقى ناھايىتى ياخشى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تافتنىڭ
داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى قوللاش ياكى قوللىماسلىق مەسىلىسى-
دە بىرلىككە كېلەلمەي ئېغىر زىددىيەت ئىچىدە قېلىۋاتاتتى.

تافت قولىدىكى ھوقۇق ۋە روكفېللېر مالىيە گۇرۇھىنىڭ
قوللىشىغا تايىنىپ تۇرۇپ، داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشنى قولغا كەل-
تۈرۈش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشماقتا ئىدى؛ جۇمھۇرىيەت-
چىلەر پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بولسا سابىق زۇڭتۇڭ
روزېۋېلتنىڭ ئۇيۇرېستتىكى داچىسىغا كەينى - كەينىدىن
تېلېگرامما ۋە ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇق
ئورنىغا ئولتۇرۇشىنى سەمىمىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

روزېۋېلت ناھايىتى تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ بىر -
بىرىگە ئورا كولايدىغان سىياسىي كۇرەشتىن ئاللىبۇرۇن زېرىك-
كەن ھەم ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنى تەبىئەت دۇنياسىغا
ئاتىۋەتكەن، شۇنداقتىمۇ ئۆزى بۇرۇن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت
قىلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن تافتقا ئوخشاش ئاشۇنداق
چىرىك ئۇنسۇرنىڭ چىقىپ قالغانلىقى ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈر-

گەندى. روزېۋېلت ئۆزىنىڭ كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا
قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ
ۋەكىللىرىگە نائىلاج كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى:

— مەن زۇڭتۇڭ سايلىمىغا ئەمدى قاتنىشالمايمەن، چۈنكى
1908 - يىلىلا مەن پارتىيىمىزدىكى زاتلارغا ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى
ئۇلۇغۋار پىلانلىرىمنى، ئىككى نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن
يەنە زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتقان.
ئامېرىكا تارىخىدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۈچ نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولا-
لىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتوندىن
قالغان ئەنئەنىۋى قائىدە! مەن ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلسام
بولمايدۇ!

ھالبۇكى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ روزې-
ۋېلتنىڭ قايتا تەختكە چىقىشىنى تەلەپ قىلىش ساداسى بارغانسې-
رى كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى نۇرغۇنلىغان جۇمھۇرىيەتچىلەر
زۇڭتۇڭ تافتتىن كۈندىن - كۈنگە بىزار بولماقتا ئىدى. ياز
پەسلى يېتىپ كېلەي دېگەن مەزگىلدە، يەتتە شتاتنىڭ شتات
باشلىقلىرى ئويرېستتىكى روزېۋېلتقا بىرلەشمە خەت يېزىپ،
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈ-
چۈن، ئۇنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھازىرقى جىددىي
ۋەزىيەتنى ئوڭشىشىنى تەلەپ قىلدى. روزېۋېلت نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەمدى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا
قاتناشمايمەن دېگەچكە، ئۆز گېپىدە تۇرمىسا بولمايتتى؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ئېغىر زىددىيەت ئۇنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەگەر
ئۇ يەنە مۇشۇنداق مۇرەسسە قىلىۋەرسە، بارغانسېرى ھەددىدىن
ئېشىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەت بېشىدىكى تافتنىڭ يۇقىرى ئىنا-
ۋەتكە ئىگە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈ-
شىنى قوللىغانلىق بولۇپ قالاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا،

روزېۋېلت زوڭتوڭ سايلىمىغا قاتنىشىشقا قوشۇلدى.

گەرچە، تافتنىڭ روكفېللېر مالىيە گورۇھى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توپەيلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئىچىدىكى ئابرۇيى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا زوڭتوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇقتا سەل قارىغىلى بولمايتتى.

پارتىيە ئىچى ۋە خەلق ئارىسىدا تەسىرى زور بولغان روزېۋېلت سايلامغا قاتناشسا ئۆزىگە قانچىلىك تەھدىت ۋە ئېغىر بېسىم بولىدىغانلىقى تافتقا ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ قولىدىكى ھوقۇقى ۋە روكفېللېر مالىيە گورۇھىنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە شۇ يىلى 6 - ئايدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا كىچىككىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن زوڭتوڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىدىغان نامزاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى.

«بولمايدۇ، سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىش نامزاتلىقىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك. تافت دېگەن ئۇ مەلئۇنغا مۇشۇنداقلا ئۇتتۇرۇۋەتسەم بولمايدۇ!» جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا تافت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان روزېۋېلت ئۆيرېستتىكى داچىسىدا ئولتۇرالماي قالدى. 6 - ئايدىكى ئاۋاز بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۆز يۇرتىدا تىنچ ياشاۋاتقان روزېۋېلت ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر تۈركۈم جۇمھۇرىيەتچىلەر تەرىپىدىن سايلام رىقابىتىگە ئىتتىرىپ چىقىرىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىش نىيىتىگە كەلگەنىدى! ئۇ تافتنىڭ يۈزسىزلىكىگە چىدىمىغاچقا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نام - ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، روزېۋېلت باشچىلىقىدا بىر يېڭى پارتىيە دۇنياغا كەلدى. ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان رادىكاللاردىن تەشكىللەنگەن ئىلگىرىلەش پارتىيىسى ئىدى. بۇ پارتىيىدىكىلەرنىڭ سانى چەكلىك بولسىمۇ، مەشھۇر

شەخس روزۋېلت رەھبەرلىك قىلىۋاتقاچقا، بۇ پارتىيىنىڭ ئامې-
رىكىدىكى تەسىرى ئالاھىدە زور بولدى.

روزۋېلت يىل ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەملىكەتلىك
چوڭ سايلامدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، «ئىلگىرىلەش پارتىيە-
سى» كۆرسەتكەن زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن
دۆلەت ئىچىدە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان سەييارە نۇتۇق سۆزلەش
پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

«مەن ئادىل سودىنى قۇۋۋەتلەيمەن، چىرىكلىككە، پارىخور-
لۇققا قارشى تۇرىمەن! مەن يېڭىچە دۆلەت مەسىلىكىنى تەشەببۇس
قىلىمەن، بەزىلەرنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرد-
مەن!»

روزۋېلت سايلامغا قاتنىشىش قارارىغا كېلىشتىن ئىلگە-
رى، ئويىرېستتىكى داچىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى
ئەسىرى «يېڭى دۆلەت مەسىلىكى»نى يېزىپ چىققان ھەم نەشر
قىلدۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە تافت بىلەن بولغان سىياسىي كۈرەش-
نىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، «يېڭى دۆلەت مەسىلىكى» روزۋېلتنىڭ
ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىشىدىكى سىياسىي تېزىسى
بولۇپ قالدى. ئۇ نيۇيورك، تېكساس ۋە ئوخئىو شتاتلىرىدا
نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن
باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ نۇتقى ناھايىتى تېزلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ
بىردەك چۇشىنىشىگە، ھېسداشلىق قىلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئې-
رىشتى. ھەممىلا يەردە «روزۋېلت قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى!

ۋاشىنگتوندىكى ئاقسارايغا بېكىنىۋالغان تافتنىڭ يۈرىكى پو-
كۇلداشقا باشلىدى. ئۇ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان «روزۋېلت
قىزغىنلىقى»دىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالغان، جۇمھۇرىيەتچى-
لەر پارتىيىسىدىكى زور بىر قىسىم تەسىرى بار كۈچلەرنى روزۋې-
ۋېلت ئۆزىنىڭ «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى»گە تارتىپ كەتكەچكە،
يىل ئاخىرىدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ئۆزىنى قوللاپ مەيدانغا

چىقالايدىغان جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ساناقلىقلا قالغانلىقىنى كۆ-
رۈپ يەتكەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تافت قاتىل يالالپ،
ئۆزىنىڭ يېڭىلمەس رەقىبى روزېۋېلتنى كۆزدىن يوقىتىۋېتىشتىن
باشقا ئامال تاپالمىدى!

ئەڭ ھالقىلىق مەزگىل — 1912 - يىلىنىڭ 11 - ئېيىمۇ
يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. بۇ روزېۋېلت بىلەن تافتنىڭ ئاخىرقى
قېتىم شىددەتلىك ئېلىشىدىغان مەزگىلى ئىدى. بىرىنچى كۈنى،
روزېۋېلت ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا سايلامدىن بۇرۇنقى ئەڭ
ئاخىرقى سەييارە نۇتقىنى سۆزلەپ تۈگىتىش ئۈچۈن، مىلۋاۋكى
دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە باردى. ئۇ ئادەملەر بىلەن تولغان
مەيداننىڭ نۇتۇق مۇنبىرىگە شۇنداقلا چىقىشىغا، ئۇزۇنغا سوزۇل-
غان گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. سايلىغۇچىلارنىڭ ئال-
قىشى ۋە تەنتەنە ساداسىدىن روزېۋېلت ئۆزىنىڭ زوڭتۇڭ نامزاتى
بولۇشتىكى ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدى. بۇ
خىل قىممەتنىڭ ئۇنى ئاقسارايدىكى ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىغا
قايتىدىن ئېرىشتۈرۈش ئېھتىمالى بار ئىدى.

«مېنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش پرىنسىپىم — ھەممە پۇقرا-
لار بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك! ھەربىر پۇقرا ئىشقا ئورۇن-
لىشىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەر مەن ئاقساراي-
غا كىرسەم، ئالدى بىلەن پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىكنى
تۈگىتىمەن!»

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا، روزېۋېلت باشقا جايلاردى-
كىگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە نۇتۇق قابىلىيىتىنى تولۇق
ئىشقا سالدى ھەمدە «يېڭى دۆلەت مەسلىكى» تەلىماتىنى يېڭى-
ۋاشتىن شەرھلىدى. تۆۋەندە تۇرغان ئەر - ئايال، قېرى - ياش
ھەممىسى ئۇنىڭ پاساھەتلىك نۇتقىغا پۈتۈنلەي ئەسىر بولۇپ كەت-
تى!

«پاڭ!»

روزېۋېلتنىڭ نۇتقى تازا ھالقىلىق يېرىگە كەلگەندە، تېپىنچ

تۇرغان يىغىن مەيدانىدا تۇيۇقسىزلا قۇلاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى!

ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن نۇتۇق سۆزلەۋاتقان روزېۋېلت تۇيۇقسىزلا دۇدۇقلاپ قالدى ھەمدە بىر قولى بىلەن سول كۆكرىكىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قىپقىزىل قان ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى.

يىغىن مەيدانى پاتىپاراقچىلىققا تولدى. ئەرۋاھقىلا ئوخشايدىغان بىر گەۋدىنىڭ تۆۋەندىكى كىشىلەر توپى ئىچىدە قولىدىكى تاپانچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككىنچى پاي ئوقنى ئېتىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، غەزەپلەنگەن بىرتوپ ئامما «ئىپلاس قاتىل!» «تېز، ئۇنى تۇتۇۋالايلى!…» دەپ ۋارقىراشقىنىچە قاتىلغا قەھرى بىلەن ئېتىلدى.

— قاتىلدىن قورقۇپ كەتمەڭلار! — دېدى روزېۋېلت. گەرچە ئۇ سول كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن بولسىمۇ، بىرىنىڭ ئۆزىنى قەستلەۋاتقىنىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇ قانغا بويالغان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا مۇنداق دېدى، — بىرىنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنى بەزىلەرنىڭ مېنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىمنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار مەندىن قورقمىغان بولسا تېخىمۇ چاتاق بولاتتى.

پەستىكى ئامما قاتىلنى بىردەمدىلا بويسۇندۇردى. روزېۋېلت كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن تۇرۇقلۇقمۇ مەزمۇت ھالەتتە سۆزلەۋاتقاچقا، باياتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان يىغىن مەيدانى بىردەمدىلا تىنچلىنىپ قالدى.

— مەن ھەرقانداق قاتىلدىن قورقمايمەن! چۈنكى، مېنىڭ تېنىم ناھايىتى ساغلام، كىچىككىنە بىر تال ئوق مېنى نېمە قىلالايتتى؟

روزېۋېلتنىڭ كۆكرىكى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى،

بەدىنى جالاقلاپ تىترىمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ قىممەتلىك نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىدىن قولىدىن بېرىۋەتكۈسى كەلمىدى. شۇڭا، پۈتۈن ئەزايى چىپ - چىپ تەرلەپ، نەپسى قىسىلىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا كۆچەپ سۆزلەۋەردى:

— كۆپچىلىك قورقماڭلار! ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە تەگكەن بولسىمۇ، پەرۋايىم پەلەك! رەقىبلىرىم ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن قورققاچقا، بۇ قاتىلنى مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ھازىر ئەۋزەل شارائىتتا تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىمنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ! شۇنداق ئېيتالايمەنكى، مەن ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىنتايىن بەختلىك! ...

بىراق، روزېۋېلت ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئىلگىرىلەش پارتىيىسىنىڭ بىر توپ ئەزالىرى سەھنىگە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنى شۇ جايدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

## «گۇمانلىق دەريا» دا خەتەردىن ئامان قالدى

روزېۋېلت ساغلام ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جاسارەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ئۇ تۇيۇقسىز سۇيىقەستكە ئۇچرىغاچقا، يەنە كېلىپ، «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرى بەكلا ئاز بولغاچقا، 11 - ئايدىكى چوڭ سايلامدا ئاقسارايدىكى زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە قايتا چىقالماي قالدى.

تەبىئىيكى، ئۇنىڭ رەقىبى تافتمۇ بۇ سايلامدا ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى ۋىلسون زۇڭتۇڭلۇق تەختىنى تارتىۋالدى! ئەسلىدە غەلىبە قىلىشىدىن ئانچە ئۈمىد بولمىغان دېموكراتلار پارتىيىسى جۇمھۇ-

رىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەۋزەل شارائىتقا ئېرىشىۋالدى ھەمدە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەن روزېۋېلتنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى.

— كارو، مەن يەنە ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىمەن! ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىغا بارىمەن، ئۇ يەرمۇ ئۆزگىچە بىر دۇنيا!

بىر يىلدىن ئارتۇق داۋالىنىپ، دەم ئالغاندىن كېيىن، 1913 - يىل كۈزدە سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەن روزېۋېلت جىمجىت داچىدا يەنە ئولتۇرالماي قالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر يىل داۋامىدا تۈزۈپ قويغان پىلانىنى ئايالى كارو خانىمغا ئېيتتى.

كارو خانىم ئۇنىڭ پىلانىغا شۇ ھامان قارشى چىقتى:

— بولمايدۇ، يېشىڭىز ئەللىكتىن ئېشىپ قالدى، كۆكرىكىڭىزدە يارا ئىزى بار، شۇنداق تۇرۇقلۇق جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئۇ ناتونۇش جايلارغا ئېكسپېدىتسىيىگە بارىمەن دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

لېكىن روزېۋېلت ئاللىبۇرۇنلا قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغاچقا، ئۇنى قاراردىن ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سىياسىي ساھەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بىردىنبىر خۇشاللىقى سىرتلارغا سەيلە - ساياھەتكە چىقىش بولۇپ، داچىدىكى تىپتىنچ تۇرمۇشقا ئۇ ھەرگىزمۇ چىدىيالمايتتى.

كەچ كۈزنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى، روزېۋېلت يەنە ئوغلى كېرمىت ۋە باشقا ئۈچ نەپەر ئېكسپېدىتسىيىچىنى باشلاپ يولغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە سۇ يولىنى تاللىۋالدى ھەمدە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇلارنىڭ كىچىك يەلكەنلىك كېمىسى دەسلەپتە ئاتلانتىك ئوكياندا بىر ھەپتە لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن، ئارگېنتىنادىكى لاپلاتا دەرياسىغا كىردى.

ئارگېنتىنانىڭ پايتەختى بوئېنىس ـ ئايرېسقا يېتىپ بارغاند‍ىن كېيىن، ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى روزېۋېلت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ‍لىرىنى ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋالدى. بىراق، روزېۋېلت‍نىڭ بۇ دۆلەتتە ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن مېھمان بولۇش خىيالى يوق ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش، ئارگېنتىنا‍نىڭ تاغ ـ دالىلىرىنى ئىختىيارى ئايلىنىپ كېلىشنىلا خالايتتى. ئۇ ئالاھىدە رۇخسەتنامىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىس تاغ تىزمىسىدىكى شەرقىي چاكو ئورمان رايونى بىلەن پامپاس يايلىقد‍ىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كەلدى. جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، روزېۋېلت‍نىڭ قىزىقىدىغىنى بۇنداق گۈزەل ھەم رومانتىك تۇيغۇغا ئىگە مەنزىرىلەر بولماستىن، بەلكى تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئارگېنتىنانىڭ جەنۇبىدىكى پاتاگونىيە تاغلىق رايونىنى بىر ئايلى‍نىۋەتكەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئۇرۇگۋايغا يېتىپ باردى.

ئۇلارنىڭ ئاپئاق يەلكەنلىك كېمىسى سۇزۇكلۇكىدىن تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پاراگۋاي دەرياسى بىلەن پارانا دەرياسىدا كېتىۋاتقاندا، قىرغاقتىكى ئامامباي تاغ تىزمىسىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى روزېۋېلتنى مەھلىيا قىلىۋالدى. بىراق، ئېكسپېدىتسىيىگە ئامراق روزېۋېلت ناھايىتى تېزلا ئۈمىدسىزلەن‍دى. چۈنكى ئۇرۇگۋاي ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولغاچقا، دەريا ئېقىنلىرى تىنچ، تاغ ـ ئورمانلىرى ئاز بولۇپ، تەۋەككۈل قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر خەتەرلىك جاي يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى ئافرىقىدىكى ئادەمزات ئاياغ بېسىپ باقمىغان چۆللۈكلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ يەردىن رايى قايتقان روزېۋېلت پارانا دەرياسىنى بويلاپ، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغان برازىلىيىدىكى ئىچكى دەريا — سان فرانسىسكو دەرياسىغا يېتىپ كەلدى!

برازىلىيىدىمۇ تەۋەككۈل قىلغۇدەك جاي يوق ئىدى. بۇ

ۋاقىت 1914 ـ يىلىنىڭ باش باھارى ئىدى. روزېۋېلت برازىلىيە-
نىڭ شىمالىدىكى سازلىقنى توپتوغرا بەش كۈن ئايلىنىپمۇ،
ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىرەر خەتەرلىك جاينى تاپالمىدى.
كېيىن ئۇ غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى ئۇرۇگۋاي دەرياسى ۋادىسىغا
كەلدى. بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىمۇ روزېۋېلتنى قىزىقتۇرالمى-
دى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ساياھەتنى تېز-
دىن ئاخىرلاشتۇرۇش، نيۇيوركقا قايتىپ بېرىپ، ئېكسپېدىتسى-
يە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك باشقا بىر جاينى تېپىش نىيىتىگە كەلدى.

روزېۋېلت برازىلىيىنىڭ پايتەختى رىئودى ـ ژانىرودا ھۆ-
كۈمەت باشلىقلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەندە، ئويلىمىغان
يەردىن ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ
قالدى. برازىلىيە زۇڭتۇڭى ئۇنىڭغا برازىلىيە دۆلەتلىك مۇزېيىدا
ئۇنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئۇچۇرلارنىڭ
بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى. روزېۋېلت ناھايىتى تېزلا مۇزېي بىلەن
ئالاقىلەشتى. ئۇ برازىلىيە بىلەن ئامازۇن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا
سۈيى بەكلا تېز ئاقىدىغان بىر ئېقىننىڭ بارلىقىنى، برازىلىيە-
نىڭ نۇرغۇن سودا كېمىلىرىنىڭ ئاشۇ نامسىز ئېقىندىن ئۆتىدى-
غان چاغدا غايەت زور سۇ دولقۇنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆرۈلۈپ
كەتكەنلىكىنى، بۇ پاجىئەلەردىن چۆچۈگەن كىشىلەرنىڭ برازىلى-
يىدىن ئامازون دەرياسىغا بارماقچى بولغاندا باشقا يول بىلەن
ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولغانلىقىنى، برازىلىيىلىكلەرنىڭ ئۇ دەريا-
غا «گۇمانلىق دەريا» دەپ نام قويغانلىقىنى ئۇقتى!

«ھەببەللى، ئەمدى ياخشى بولدى! مەن دەل شۇنداق يەرنى
ئىزدەۋاتاتتىم، مەن ئۇ گۇمانلىق دەريانى چوقۇم كۆرۈپ كېلى-
مەن!»

روزېۋېلتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، برازىلىيە ھۆكۈمىتى نېمە
قىلارىنى بىلمەي قالدى. چۈنكى روزېۋېلت برازىلىيىگە ئەركىن
ساياھەتچى سۈپىتىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ تەسىرى

زور سابىق زۇڭتۇڭى، يەنە كېلىپ، ئامېرىكا «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى» نىڭ رەھبىرى بولغاچقا، مۇبادا برازىلىيىنىڭ يېنىدى-كى «گۇمانلىق دەريا» دا پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا، ئاقىۋىتىد-گە جاۋاب قىلماق تەس بولاتتى. برازىلىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر روزېۋېلتنىڭ «گۇمانلىق دەريا» غا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش تەلى-پىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن بىر تۈركۈم قابىل كۆچلەرنى تاللاپ ئەكېلىپ، ناھايىتى تېزلا بىر ئېكسپې-دىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىللىدى.

روزېۋېلت قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە پەقەت ئۇنىڭلا يېشى چوڭ بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى-نىڭ ھەممىسى (كېرمىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياش ھەم قاۋۇل كىشىلەر ئىدى. فېۋرال ئېيىدا ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقىدا ھاۋا ئىنتايىن سالقىن بولاتتى، روزېۋېلت ئوچۇق بىر كۈننى تاللاپ، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئېۋدون ئىسىملىك بىر پولكوۋنىك ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇپ بىللە سەپەرگە ئاتلاندى.

روزېۋېلتنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان «گۇمانلىق دەريا» نىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئېقىنى تېز، دولقۇنلىرى كۈچلۈك ۋە ھەيۋەت-لىك ئىدى. ئۇنىڭ لاتقا ئارىلاش دولقۇنلىرى تارغىنە دەريا يولىدا بەئەينى يۇگەنسىز ياۋا ئاتتەك شىددەت بىلەن ئاقاتتى. روزېۋېلت-نىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدە جەمئىي تۆت كىچىك يەلكەنلىك كېمە بار ئىدى. بۇ كېمىلەر سان فرانسىسكو دەرياسىدىن «گۇ-مانلىق دەريا» غا ئاستا - ئاستا لەيلەپ كىرگەندىن كېيىن، دەھ-شەتلىك دولقۇننىڭ زەربىسىدە ئۇيان - بۇيان داۋالغۇشقا باشلى-دى. غايەت زور كۈچلۈك دولقۇنلارنىڭ بۇ كىچىك كېمىلەرنى ھەر ۋاقىت يالماپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

«گۇمانلىق دەريا» غا كىرگەن تۇنجى كۈنىلا، روزېۋېلتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىر پېشكەللىككە يولۇقتى. ئۇلارنىڭ

بىر كىمىسى كۈچلۈك دولقۇننىڭ زەربىسىدە قىرغاقتىكى يوغان بىر قورام تاشقا زەربە بىلەن ئۇرۇلۇپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. كىمىدىكى ئادەملەر سۇغا چۆكۈپ كەتتى. روزېۋېلت بىلەن پول- كوۋنىك ئېۋدون ئىككىسى مۇزدەك سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى ئېكسپېدىتسىيىچىنى بىر ئاماللار بىلەن قۇتقۇزۇۋالغان بولسىمۇ، يەنە بىرى بەختكە قارشى قازا قىلدى.

ئىش ئوڭغا تارتمىدى. روزېۋېلت نائىلاج قالغان كېمىلەرنى قىرغاقتا توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئارا - ئارد- سىدىن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان خادا تاشلارنى دالدا قىلىپ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان قاپقارا لاتقىلارغا قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بەزىلەرنى قورقۇنچ باسقان بولسىمۇ، روزېۋېلت ئۆزىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پىلانىنى قەتئىي ئۆزگەرتمىدى. ئەتىسى ئەتىگد- نى، ئۇلار دەريادىكى تۇمان تارقالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ قېتىم ئۇلۇم - يىتىم ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۈچ كېمە شىددەتلىك دولقۇننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن، خادا تاشقا كەينى - كەينىدىن ئۇرۇلۇپ، ئېغىر زەخمىگە ئۇچرىدى.

سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. «گۇمانلىق دەريا» دا ئۇدا ئىككى قېتىم ئېغىر پېشكەللىككە يولۇققان ئېكسپېدىتسىيە ئەت- رىتى دەريا بويىغا يېقىن بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا قاپسىلىپ قالدى، ھەممىسىنىڭلا روھى چۈشكۈن ئىدى. ھەتتا ئېكسپېدىت- سىيىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان روزېۋېلتنىمۇ غەم - ئەندد- شە چىرمىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ كېمىلىرى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپلا قالماي، تېخد- مۇ ئېغىر بولغىنى، ئۇلار رېئودى - ژانىرودىن ۋاقىتلىق ئېلد- ۋالغان تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، ئېكسپېدىتسىيە دا- ۋامىدا زۆرۈر بولغان ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى سۇدا ئېقىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىرلا كېمىسى ساق

قالغان، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئالغا يۈرۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئېغىر خورسىنىشلىرىنى ئاڭلىغان روزې-ۋېلت قاتتىق ئازابلاندى.

«تىنىقمىزلا بولىدىكەن، ھەرگىز يېرىم يولدا توختاپ قال-مايلى!» ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، روزېۋېلت، پولكوۋنىك ئېۋ-دون ۋە روزېۋېلتنىڭ ئوغلى كېرمىت ھەل قىلغۇچ جەڭگە قوماند-دانلىق قىلىش يادروسى بولۇپ تەشكىللەندى. ئۇلار ئې-غىر يارىلانغان ئۈچ ئادەمنى ئورمانلىقتا قالدۇرۇپ قويۇپ، قال-غان سەككىز نەپەر ئەترەت ئەزاسىنى باشلاپ، بىردىنبىر ساق قالغان ھېلىقى كېمە بىلەن داۋاملىق سەپەرگە ئاتلاندى. بۇ — ئىلگىرى ئاتا - بالا روزېۋېلتلارنى ئافرىقىغا ئېلىپ بارغان، ھەر خىل خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن كېمە بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇ مۇنۇ «گۇمانلىق دەريا» دا كېتىپ باراتتى. روزېۋېلتنىڭ يېشى ئاتمىشقا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، جىسمانىي قۇۋۋىتى بۇرۇنقىدەكلا ئۇرغۇپ تۇراتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىسى مۇنۇ دەھشەتلىك ئېقىندا داۋاملىق ئالغا ئىلگى-رىلىشىگە مەدەتكار بولماقتا ئىدى.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالغاچقا، روزېۋېلت بىلەن ئېۋدون ئىككىسى رولنى نۆۋەتلىشىپ تۇتۇپ، بىرنەچچە قېتىملىق خېيىمخەتەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەت-تى. ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا، روزېۋېلتنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى «گۇمانلىق دەريا» دا ئۈچ كۈن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى، ئاخىر، كېمىدىكى بارلىق يېمەكلىك تۈگىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كېمىنى داۋاملىق كونترول قىلىش-قا ئىلاجسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، كېمە غايەت زور دولقۇنلار-نىڭ سىلجىتىشى بىلەن پەسكە قاراپ لەيلەپ مېڭىپ كەتتى.

ئاچلىق ۋە جىددىيچىلىكنىڭ، توختىماي ياغقان يامغۇرنىڭ

تەسىرىدە روزىۋېلتىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. چارچاپ ما-
جالى قالمىغان ئېۋدون دېڭىز ساھىلىدا بىر ياتقىنىچە ئورنىدىن
تۇرالماي قالدى. قاۋۇل كېرمىت دادىسى ۋە باشقا ھەمراھلىرى-
نىڭ ماڭغۇدەك مادارى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تاغ ئارىسىدىكى
ئورمانلىقتىن بىرەر ھايۋاننى ئوۋلاپ كەلمەكچى بولدى. ھېلىمۇ
ياخشى ئۇنىڭدا ئوۋ مىلتىقى بولغاچقا، قىرغاۋۇل ۋە ياۋا ئۆردەك-
لەرنى ئېتىپ كېلىپ، قورساقنى ئانچە - مۇنچە «ئەستەرلىگەن»
بولدى. بىراق، ئۇلار ئىچىدىغانغا سۇ تاپالمىدى. «گۇمانلىق
دەريا» نىڭ سۈيىنى كىمكى ئىچىپ قويسىلا ئىچى سۈرۈپ
كېتەتتى.
بىر كۈنى كەچتە، ئەترەت ئەزالىرى ئېچىنىشلىق چىرقىرى-
غان بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. روزىۋېلت بىر ياش
ئەترەت ئەزاسىنىڭ ئېغىر جاپاغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئېلىشىپ
قالغانلىقىنى بايقىدى. تەلۋىلىكى تۇتقان بۇ ياش ئۆزىنى قوغلاپ
كەلگەن يەنە بىر ئەترەت ئەزاسىنىڭ بېشىغا توقماق بىلەن ئۇ-
رۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى! كېيىن ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي
قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.
— توختا! توختا دەيمەن!
پولكوۋنىك ئېۋدون يۈگۈرۈپ بېرىپ، نېرۋىسىدىن ئاداشقان
ئۇ ياشنى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋېدى، يەردە مىدىرلىيالماي ياتقان
روزىۋېلت ئىككى قولى بىلەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئېۋدونى-
نىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ يەردە ياتقان روزىۋېلتى-
تىن سورىدى:
— ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۇ ئەبلەخنى ئاشۇنداقلا قاچۇرۇۋېتەم-
دۇق؟
روزىۋېلت ئەقلىدىن ئازغان ئۇ ياشنىڭ ئېۋدوننىمۇ يارىلان-
دۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە چەكسىز
ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن ئۇ ياشقا چوڭقۇر ئېچىندى. چۈنكى

ئۇنىڭ قىياسىچە، ئادەم ئۆلتۇرگەن ئۇ ياش ئىنسانىي جازادىن قېچىپ قۇتۇلغىنى بىلەن، تەبىئەتنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇ-لالمايتتى. ئورمانلىقتا يىرتقۇچ ياۋايى هايۋانلارنىڭ نۇرغۇن ئە-كەنلىكى روزۋېلتقا ئايان ئىدى.

ئاتا - بالا روزېۋېلتلارنى كېسەل چىرمىۋالدى. روزېۋېلت-نىڭ قىزىتمىسى بەكلا ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، تۇرۇپ - تۇرۇپلا هوشىدىن كېتەتتى. ئۇ بۇ هاياتىدا ئېكسپېدىتسىيىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان ھەم ئادەمزات ئاياغ باسمىغان نۇرغۇن تاغۇ دەشتىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن، بىراق، بۇنداق خەتەرلىك جاينى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى بويسۇندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان دەھ-شەتلىك بىر ئېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋايى ھايۋانلار پات - پات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىچىدىغانغا سۇ، يەيدىغانغا يېمەكلىك يوق، يەنە كېلىپ يامغۇر توختىماي شارقىد-راپ يېغىپ تۇرغاچقا... بەزى ئەترەت ئەزالىرى ئاچلىقتىن جان ئۈزدى، يەنە بەزىلىرى ئازابلىق شارائىتتا جان تالىشىش-قا باشلىدى.

— بىز بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىۋەرسەك بولمايدۇ، چوقۇم هاياتلىق يولى تېپىشىمىز كېرەك.

بۇ قورقۇنچلۇق دەريا بويىدا ئۇن بىر كۈندەك تىرىشىپ - تىرماشقاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەزايى ئوت - ئاتەش بولۇپ قىزىپ تۇرغان روزېۋېلت ئېسىنى يىغدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت ئوغلى كېرمىتلا هايات قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپىدىكى ھەم-راھلىرىنىڭ جەسەتلىرىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، ئوغلىنىڭ يۆلىشى بىلەن بىر نىشانغا قاراپ ئاستا ماڭدى.

يەنە ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئاتا - بالا ئىككىسى ئاران دېگەندە ماتتونىس دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا يېتىپ بېرىۋالدى.

بۇ يەر بىلەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق «گۇمانلىق دەريا» نىڭ ئارىلى-
قى مىڭ ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇقراق كېلەتتى. ئۇلار ئاخىرقى
ھېسابتا گۇر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، بىرازىلىيىنىڭ پايتەختى
رېئودى - ژانىروغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار برازىلىيە دۆلەتلىك
مۇزېيىدا پەيدا بولغاندا، كۆپچىلىك ھالاكەت ئېغىزىدىن قۇتۇلۇپ
چىققان ھەمدە زور خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ تۇرۇپ،
«گۇمانلىق دەريا» غا ئائىت بەزى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئالغاچ
كەلگەن بۇ ئاتا - بالىغا قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى. كېيىن،
برازىلىيە ھۆكۈمىتى ئۇ قورقۇنچلۇق دەرياغا «روزېۋېلت دەريا-
سى» دەپ نام بەردى!

## يۇرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى سەۋەبىدىن جان ئۈزدى

گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىققان روزېۋېلت نيۇيورك ئۆزۈن
ئارىلىدىكى يۇرتى ئويىرېستقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىرتقا
ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىمەن دېگەن گەپنى قايتا تىلغا ئېلىپ باق-
مىدى. ئۇ قورقۇپ جېنى چىقاي دەپ قالغان ئايالى كارو خانىمغا
مۇنداق دېدى:

— مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇنلىغان خەتەرلەرنى باشتىن كەچۇ-
رۇپمۇ، ھېچقانداق قىيىنچىلىققا باش ئېگىپ باقمىغانتىم. لېكىن
بۇ قېتىم شۇنچىۋالا خەتەرلىك ئەھۋالدا قالارمەن دەپ ئويلىماپتى-
كەنمەن. بۇ قېتىم تەۋەككۇلچىلىكنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتى-
دىم!

ئېرىنىڭ شۇنچىۋالا خەتەرلەردىن ئامان - ئېسەن قايتىپ
كەلگىنىگە ئىچىدە مىڭ شۇكرى ئېيتىۋاتقان كارو خانىم:

— كېيىنچە يەنە مۇشۇنداق ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىدىغان
پۇرسەت بولۇپ قالسا بارامسىز؟ — دەپ سورىۋېدى. روزېۋېلت:

— مەن هازىرغا قەدەر تەبىئەت دۇنياسىغا ئالاھىدە ئىشتىياق
باغلاپ كەلدىم. يەنە پۇرسەت بولسىلا، سالامەتلىكىم يار بەرسىلا،
چوقۇم كۆكرەك كېرىپ چىقىمەن! — دېدى.

ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغۋار ئىرادە ئەينى يىللاردىكىدەكلا مۇستەھ-
كەم بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەت دۇنياسىغا يەنە بىر
قېتىم تەۋەككۇل سەپىرى قىلىش پۇرسىتى كەلمەي قويدى. ئېھ-
تىمال، برازىلىيىدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق «گۇمانلىق دەريا»
ئۇنىڭدا ئۇنتۇلماس قاباھەتلىك تەسىرات قالدۇرغانمۇ ياكى يېشى-
نىڭ چوڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ كۈچ - ماغدۇرىدىن كەتكەن-
مۇ، ئىشقىلىپ، برازىلىيىدىكى «گۇمانلىق دەريا» دا ھاياتىدىكى
ئەڭ چوڭ خەتەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، روزېۋېلت تاكى ئالەم-
دىن ئۆتكەنگە قەدەر قايتا ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىپ باقمىدى!

روزېۋېلتنىڭ جەسۇرلۇقى كېيىن سىياسىي ۋە ئۇرۇش ۋەزى-
يىتىدە قايتا گەۋدىلەندى. بۇ ئۇنىڭدىكى تەۋەككۇلچىلىك خاراك-
تېرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى چۈ-
شەندۇرۇپ بېرەتتى. 1917 - يىل باھاردا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-
شىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ياۋروپادىن ئامېرىكا قىتئەسىگە تۇتاشتى،
گېرمانىيىنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئامېرىكىنىڭ
مەنپەئىتىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. زۇڭتۇڭ ۋىل-
سون ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قايند-
مىغا كىرىپ كەتكەن چاغدا ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتۇپ تۇرۇ-
ۋالغانىدى.

نيۇيوركتا تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ روزېۋېلت بولسا ئور-
نىدا ئولتۇرالماي قالدى، ھەتتا بەزى خىياللىرىنى تاقەتسىزلىك
بىلەن سىناپمۇ باقتى. دەسلەپىدە، ئۇ ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشقا
تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشى كېرەك دەپ قارىدى، بىرىنچى
دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇ ئويرېستىتىكى
داچىسىدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى دەۋەت قىلىپ ئاقسارايغا توختى-

ماي خەت يېزىپ تۇردى. بىراق، ۋىلسون پەرۋايىغىمۇ ئالمىدى، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تەشەببۇسى بار ئىدى. ۋىلسوننىڭ يىراق نيۇيوركتىكى ئويىرىستتا تۇرۇۋاتقان روزۋېلتنىڭ خەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. كېيىنچە، ئۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلە-شىپ، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئامېرىكىغا تۇتىشىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى. 1917 - يىل 4 - ئايدا، يىراقنى كۆرەر زۇڭتۇڭ ۋىلسون گېرمانىيىگە قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناش-مىسا بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى.

ئويىرىست دەرياسى بويىدىكى كىچىك داچىسىدا تۇرۇۋاتقان روزۋېلت ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزى ئويلىغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئايالى كارو خانىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ ئۆزى غەلىبە. ئامېرىكا ئۇرۇ-شۇشقا تەۋەككۈل قىلالىسىلا، نىمىسلارغا ئەجەللىك زەربە بېرە-لەيدۇ، رەزىل ئۇرۇش بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئاخىرلىشى-دۇ! — دېدى.

روزۋېلت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلىرىدا، پارلامېنت-تا كۆپ قېتىم: «سىلىق - سىپايە بولساق، كالتەك قولىمىزدا بولسىلا، چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز!» دېگەنىدى. كىچىكىدىنلا يېتىلىپ قالغان تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرى ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولغان؛ ئۇ زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، دېڭىز ئارمىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەرقانداق زۇڭتۇڭدىن بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتلىرىغا ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ ئارىلىقىدا چارلاش ئې-لىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

كۇبانى جازالاش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان؛ پاناما قانىلىنى چېپىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغان؛ ئەسكەر چىقىرىپ گۇئام ئارىلى بىلەن فىلىپپىننى بېسىۋالغان؛ ئاقسارايدىكى ئاخىرقى بىرنەچچە يىلدا دومىنىكاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ، ئەسلىدە شۇ دۆلەتكە تەۋە بولغان تاموژنا بېجىنى يىغىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندى. 1905 - يىلى روزېۋېلت ھەتتا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئۈچ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئەمما، ئارىلىق يىراق، ئەسكىرىي كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاسىيا قىتئەسىگە ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىيىتى زاكىسىدىلا تۇنجۇققاندى!

ئەمەلىيەتتە، ئۇ قولىدىكى بارلىق ھوقۇقتىن ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سالالايدىغان ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا كۈچلۈك تەۋەككۈلچىلىك خاھىشى بولغاچقا، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشماقچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن مۇنداق دېدى: «مەن ئۇرۇشخۇمار ئەمەس، بەلكى تەۋەككۈلچى. ئامېرىكىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تاجاۋۇزچىلارغا ۋە ئۇرۇش تەلۋىلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ياشىرىپ كەتكەندەك بولدۇم! شۇڭا، تىرىكلىكىمدە يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن. بىراق، بۇ قېتىم تاغ - ئورمانلارغا ئەمەس، بەلكى ماڭا ئوخشاش ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر باتۇرلار بىلەن بىللە فرانسىيىگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشسام دەيمەن! ئىشىنىمەنكى، مەن چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن!»

روزېۋېلتنىڭ بۇ گېپى گېزىت ئارقىلىق ھەممە يەرگە تارقىلىپ، نيۇيورك شتاتىنى ئالاھىدە جانلاندۇرۇۋەتتى. قېنى قىزىق ياشلار ھەرقايسى ئەسكەر قوبۇل قىلىش پونكىتلىرىغا بېرىپ

ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ئۇلار ۋىلسوننىڭ ئۇرۇش سەپەر-ۋەرلىكىدىن ئىلھاملىنىپ ئەمەس، بەلكى روزىۋېلتنىڭ يۇقىرىقى گېپىدىن تەسىرلىنىپ شۇنداق قىزغىن ھالەتكە ئۆتكەنىدى. ياش-لارنىڭ تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشىمەن دەپ چىققانلىقى، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئىككى يۈز مىڭغا يېقىن ياشنىڭ ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقانلىقىدىن، روزىۋېلتنىڭ ئامېرىكا خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنىڭ يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

روزىۋېلت دېگىنىنى قىلىدىغان ھەم ئۇنىڭدىن چوقۇم بىر نەتىجە چىقىرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئارزۇسىنى ئېغىزىدىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيىتىدىمۇ ئىپادىلىدى. ئۇرۇش باشلانغان مەزگىلدى-لا، ئۇ ۋاشىنگتوندىكى زۇڭتۇڭ ۋىلسونغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت يازدى:

*«قەدىرلىك ۋوئودروۋ ۋىلسون ئەپەندى، سىزنىڭ ئۇرۇش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىڭىز پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان مۇشۇ پەيتتە، مېنىڭمۇ ئاشۇ جەسۇر يىگىتلەرگە ئوخشاش بۇ ئۇرۇشقا ئاتلانغۇم كېلىۋاتىدۇ! زۇڭتۇڭ، ئەگەر ماقۇل ئىشەنسىڭىز، مېنىڭ پېشقەدەم ئەسكەر سۈپىتىدە ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىد-شىمغا رۇخسەت قىلىڭ! مەن سىز ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا بىر دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىپ بېرەلەيمەن!...»*

ۋىلسون روزىۋېلتنىڭ نيۇيورك شتاتىدىن ئەۋەتكەن يۇقىرد-قى خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى - دە، مىيىغىدا كۈلگىنىچە ئۇنى ئىشخانىسىدىكى ئەخلەت چېلى-كىگە تاشلىۋەتتى.

روزىۋېلت ئۇيرىستىكى داچىسىدا ئاقسارايدىن كېلىدىغان

ھەربىي ۋەزىپىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئاقسارايىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، روزۋېلت بەكلا بىتاقەت بولدى، خۇددى ئەينى يىلى ئۆزى چەت ئەلگە ئېكسپېدىتسىيىگە چىقماقچى بولغان چاغدا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەتلىك مۇزېينىڭ راسخوت ئاجرىتىپ بېرىشىنى ساقلىغىنىدەك تاقەتسىزلىنىپ كەتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، شىددەتلىك ئۇرۇش ئىككىنچى يىلى قىش پەسلىگىچە سوزۇلغان بولسىمۇ، روزۋېلتقا ئاقسارايدىن ھېچقانداق جاۋاب كەلمىدى. ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن ۋىلسوننىڭ ئەمدىلىكتە نېمىشقا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى روزۋېلت پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالدى. ئەجەبا، ئۇ روزۋېلتنى قېرىپ كەتتى دەپ ئويلىغانمىدۇ ياكى ئىككى يىل ئاۋۋال ئۆزى داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن سايلامغا قاتناشقاندا روزۋېلتنىڭمۇ زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزىگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقانمىدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، روزۋېلتنىڭ ئارمىنى يوق ئىدى. چۈنكى، 1916 - يىلى ئۇنىڭ ئامېرىكا «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى» نىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى سۈپىتىدە ئەينى چاغدىكى زۇڭتۇڭ ۋىلسونغا قارشى سايلامغا قاتنىششى پۈتۈنلەي ئۆز پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغانىدى. بىراق ئۇ چاغدا ئالدىنقى قېتىمدىكى مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالغان روزۋېلت «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى» نىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا داۋاملىق قاتنىشىۋېرىشنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلغان. ھوقۇق تۇتۇش ئىستىكىدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كېچىپ، ئۆز يۇرتىدا تىپتىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ سابىق زۇڭتۇڭ ۋىلسونغا ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە چوڭ تەھدىت شەكىللەندۈرمىگەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ۋىلسون ئۇنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقىغا

نېمىشقا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىغاندۇر؟

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

يېشى ئاتمىشقا بېرىپ قالغان روزېۋېلت زوڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ ئۆزىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرمىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن نارازى بولدى.

روزېۋېلتنىڭ غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە سىرتلارغا ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىش خىيالىنى ئايالى كارو خانىم قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، روزېۋېلت ئويرېستتىكى داچىسىغا بېكىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ قىلغۇدەك ئىشى يوق ئىدى. بىر قېتىم يېقىن ئەتراپتىكى كۆل بويىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپ يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، كارو خانىم ئۇنىڭ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشىگىمۇ چەك قويىدىغان بولۇۋالدى. چۈنكى، دوختۇرلار روزېۋېلتتا يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرلار روزېۋېلتنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

1919 - يىل يېڭى يىل ھارپىسىدا، نيۇيورك شتاتىدا قاتتىق سوغۇق بولدى. ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىنىغا نەچچە كۈن بولغان روزېۋېلتنىڭ ئويرېستتىكى چاڭغا تېيىلىش مەيدانىغا بېرىپ، ئاز - تولا ھەرىكەت قىلغۇسى كېلىپ قالدى. بىراق، ئېرىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان كارو خانىم بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمىدى. ئىچى كۆچلۈك روزېۋېلت ئايالىنىڭ بۇ قىلىقىغا پەقەتلا قايىل بولمىدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن — 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېرىم كېچىدە، ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقان كارو خانىم تۇيۇقسىزلا ئاستىنقى قەۋەتتىكى ھۇجرا ئۆيدىن ئېچىنىشلىق ئىڭرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. كارو خانىم كېچىلىك كىيىمىنى يېپىنچاقلىغىنىچە ئېرى ياتقان قاراڭغۇ ھۇجرىغا كىردى ھەمدە لامپى-

نى يېقىپ، روزېۋېلتنىڭ كەڭ كارىۋاتتا ئادەتتىن تاشقىرى خا-
تىرجەم، تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق، كارو خانىم
قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى ـ دە، دەرهال ئېرى-
نىڭ كارىۋىتى يېنىغا بېرىپ، قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تۇتتى،
روزېۋېلت ئاللىبۇرۇن تىنىقتىن قالغانىدى.

ئۇ ئۇخلاۋاتقان چېغىدا تويۇقسىز جان ئۈزگەنىدى. بىرنەچچە
كۈندىن كېيىن، دوختۇرلار روزېۋېلتنىڭ جەسىتىنى ئوپېراتسىيە
قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى
دەلىللىدى.

روزېۋېلتنىڭ جەسىتى نيۇيورك ئارىلىدىكى ئويرېست قولتۇ-
قىغا دەپنە قىلىندى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# تافتنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى قەبرە يادنامىسى: مەن بۇرۇن ئادۋوكات بولغىنىمنىلا بىلىمەن

### —— يىگىرمە ئالتىنچى زۇڭتۇڭ ۋىليام خوۋارد تافت



ۋىليام خوۋارد تافت 1857 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوخىئو شتاتىدىكى سىنسىناتىدا تۇغۇلغان. دادىسى شۇ يەرنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى تافت ئويۇنغا ئامراق ھەم كەپسىز بولسىمۇ، تۇغما ئەقىللىق بولغاچقا، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغان؛

1874ـ يىلى يالې ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنە سىنسىناتى قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىرىپ قانۇن ئۆگەنگەن، ئوقۇش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىدا بولغان؛

1880 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. دەسلەپتە سىنسىناتى شەھەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولغان، بىر يىلدىن كېيىن

مىلتون ناھىيىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، ئۇ قوبۇل قىلغان خەلق ئىشلىرى دېلولىرى قانۇن بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ نامى تېزلا تارقالغان؛

1884 ـ يىلى ئوخىئو شتاتى بىرىنچى رايون فېدېراتسىيە باج باشقار- مىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛ 1887 ـ يىلى ئوخىئو شتاتى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى بولغان؛

1890 ـ يىلى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى بولغان؛ 1892 ـ يىلى فېدېراتسىيە سەييارە سوت مەھكىمىسىدە باش سودىيە بولغان؛

1900 ـ يىلى فىلىپپىندە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن؛

1903 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن مۇۋەققەت دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان؛

1908 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇل- تىيىدا زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ھەم شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان؛

1913 ـ يىل 3 ـ ئايدا تەختتىن چۈشۈپ، جورجىيە شتاتىغا قايتىپ بىر مەزگىل دەم ئالغان، كېيىن يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان؛

1918 ـ يىلى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئەم- گەك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1921 ـ يىلى ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئالىي باش سودىيە بولغان؛

1930 ـ يىلى يەتمىش ئىككى يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## باش سودىيە سوت مەيدانىدىلا ھوشىدىن كەتتى

1929 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پاكىنەك ھەم سېمىز كەلگەن، چېكە چاچلىرىغا ئاق سانجىغان تافت ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ئالىي سوت مەھكىمىسىدە بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ پارا يېگەنلىك دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىد- ۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىز بېشى قېيىپ كەتتى. ئېھتىمال، بۇ باش

سودىيەنىڭ دېلو بېجىرىش تارىخىدا بۇنداق جاھىل جىنايەتچىنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، غەزەپلەنگەن-سېرى قان بېسىمىمۇ بىراقلا ئۆرلەپ، ئېگىز ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشتى!

سوت مەيدانى پاتپاراق بولۇپ كەتتى.

زاسېداتېللىقنى ئۇستىگە ئالغان بارلىق سوت ئەمەلدارلىرى چۆچۈگەن ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پولدا ياتقان تافتقا قاراپ ئېتىلدى. كۆپچىلىك تۇشمۇ تۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ۋارقى-رىدى:

— باش سودىيە، نېمە بولدىڭىز؟

— باش سودىيە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭە!

تافت يەنىلا كۆزىنى ئاچمىدى.

نېمىلا دېگەنبىلەن تافتنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئېشىپ قالغان بولۇپ، بەكلا سېمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ گەرچە ۋاشىنگتوندىكى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالىي باش سودىيىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، ئۆزىدىمۇ ئاشۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئالاھىدە خىزمەت تارىخى ۋە قانۇنغا پىششىق كاللا بولسىمۇ، ياشىنىپ قالغان چېغىدىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بۇ بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەرگە ئەمدى بەر-داشلىق بەرگۈچىلىكى يوق ئىدى.

سوت ساقچىلىرى سوراق قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىنى مەيدان-دىن يالاپ ئاچىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئالىي باش سودىيىنىڭ ئەمدى سوتقا داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئۇلار ئالدىن تەييارلىنىۋالغان بىر يۇرۇش سوت لايىھە-سى تافتنىڭ ھوشىدىن كېتىشى بىلەن بىراقلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

سوتچىلار يەردە ياتقان ئالىي باش سودىيە تافتنى ھۆرمەتلەيت-

تى ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى، شۇڭا، دەماللىققا نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالدى. ئاشۇ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئۇلار دەرھال بې-
رىپ دوختۇر چاقىرتىپ كېلىشنى ھەمدە يەردە بىھوش ياتقان
تافتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

تافت ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، خاتىرىسى يەنىلا ياخشى
ئىدى، ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى: «مەن ئەزەلدىن بىرەر سىيا-
سىي مەقسەت ئۈچۈن قايغۇرۇپ باققىنىم يوق. مەن ھەرقانداق
ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ئىستىقبالىمغا قانداق تەسىر كۆرسىتىد-
شىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈم ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغ-
ان ئىشنى قىلىشقا تىرىشىپ كەلدىم!…»

تافتنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى سوتچىلار نۇرغۇن قېتىم ئاڭلى-
غانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىدىكى چاچلىرى ئاقارغان
بۇ بوۋاينىڭ يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھ-
نىسىدىكى داڭدار شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تافت ئىلگىرى
تەسىرى كۈچلۈك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ
ئاقسارايدا تۆت يىل ھوقۇق تۇتقان، ئاقسارايدىكى ئىشخانىدا ئول-
تۇرۇپ، ئۆزى زورۇر دەپ قارىغان ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەر-
نى يۈرگۈزگەنىدى. ھالبۇكى، تۆت يىللىق زۇڭتۇڭلۇق ھاياتى
ئاخىرلىشاي دېگەن چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ساھەگە ماس
كەلمەيدىغانلىقىنى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇشقا تېخىمۇ مۇناسىپ
كەلمەيدىغانلىقىنى چۆچۈگەن ھالدا ھېس قىلدى. چۈنكى، قول
ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ۋە خەلق ئاممىسى ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈز-
گەن تۆت يىل جەريانىدا قىلغان ئىشلاردىن قىلچە رازى بولمىغا-
نىدى. شۇڭا، ئۇ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كۆرسەتكەن
تىرىشچانلىقلىرى كۆپۈككە ئايلانغان چاغدا، ئېغىر خۇرسىنىپ
تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن زۇڭتۇڭ بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسكەنمەن! ئەمەلد-
يەتتە، مەن سىياسىي داھىي بولۇشقا ئەمەس، بەلكى سوتچى

بولۇشقا تىرىشسام بوپتىكەن! مەن ئەسلىدىنلا قانۇننى تەتقىق قىلىپ كەلگەن تۇرسام!...

سوتچىلار بىردەملىك پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن، ئالىي باش سودىيە تافت مۇشۇنداق بىھوش ھالەتتە يېتىۋەرسە، ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلىشتى ھەمدە دەرھال دوختۇر چاقىرتىپ كېلىش نىيىتىگە كەلدى.

بىرنەچچە دوختۇر ۋە سېسترا ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، بىھوش ياتقىنىغا خېلى بولغان تافتنى ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلتۈردى.

دوختۇرلار سوتچىلارغا:

— تافت ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىز ئاچچىقى كېلىپ قالغاچقا، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، — دېدى ھەمدە خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن تافتنىڭ ئايالى خېلىن خانىمغا مۇنۇلارنى تاپىلىدى، — تافت ئەپەندى يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلى تۈپەيلىدىن ھوشىدىن كەتكەن، ئۇ ئەمدى ئاچچىقلانسا بولمايدۇ. باش سودىيىلىك خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەۋېرىش ئەمدى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ!

## ئالىي باش سودىيىلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە قەتئىي ئۇنىمىدى

ۋاشىنگتوندىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ رەڭگىرويى خېلىلا تۈزىلىپ قالدى.

— مەن ناھايىتى ياخشى، بەدىنىم سەل سېمىزراق شۇ. لېكىن مەن ئالىي باش سودىيىلىك ۋەزىپەمدىن بۇنداقلا ئىستېپا بېرىۋەتسەم بولمايدۇ!

تافت ئۆزىگە بەكلا ئىشىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئايالى خېلىن

خانىمنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈشلىرى جېنىغا تەگكەچكە، ئۇ
ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى. خېلېن خانىم 1886 - يىلى
سىسىناتىدا تافتقا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن
جاپالىق كۈنلەردە بىللە بولغانىدى. سىسىناتىدا ئۆزىنىڭ تافتنى
بىرلا كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالغانلىقى خېلېن خانىمنىڭ ھازىرمۇ
ئېسىدە ئىدى. ئەينى چاغدا، ئەقىللىق ھەم سەبىي خېلېن تەلەتى
سۇرلۇك تافتنى ئائىلە شارائىتىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقى-
دىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانۇن كەسپىگە مەجنۇنلارچە ئىشتى-
ياق باغلىغانلىقى سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

تافتنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىسىناتىدىكى بىر گېزىتتە قانۇن مۇخبىرى بولغاندىن باشلاپلا قانۇن بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى خېلېن ناھايى-
تى ئېنىق بىلەتتى. تافت قانۇننى يېنىنى چىڭداشقا ئىمكان
بېرىدىغان ھەرقانداق ئەمەل - مەنسەپتىنمۇ مۇھىم بىلگەچكە،
ئەمەلدار بولۇش يولىنى تاللىماي، قانۇن بىلەن شۇغۇللىنىش
يولىنى تاللىۋالغانىدى. ئۇ ھېلىقى گېزىتخانىدىن يېنىپ چىققان-
دا، ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بول-
غان دادىسى ئۇنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىپ باج ئىشلىرى ئەمەلدارى
بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، تافت قىلچە ئىككىلەنمەس-
تىن يىراق ھەم چەت جايغا جايلاشقان مېلتون ناھىيىسىگە بې-
رىپ، ئادەتتىكى بىر سوت مەھكىمىسىدە ياردەمچى تەپتىش ئە-
مەلدارى بولۇشنى تاللىغانىدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۇ دادىسىنىڭ
كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىنمۇ يانمىغانىدى. تافت شۇ چاغدا:
«مەن ئەمەلدارلىقتىن ۋاز كەچسەم كېچىمەنكى، ئۆزۈم ئۆگەنگەن
قانۇندىن ۋاز كېچەلمەيمەن. دۇنيادا مېنى ھەممىدىن بەك قىزىق-
تۇرىدىغىنى پەقەتلا قانۇن!» دېگەنىدى.

خېلېن خانىم تافتتىكى مۇشۇ خىل كەسپچانلىقتا قايىل
بولغان ھەم شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. تافتقا

ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئېرىنى دادىسى بىلەن بولغان قاتمال مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇندىدى . دادىسىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنگەن-لىكىدىن مېلتون ناھىيىسىدىكى ياردەمچى تەپتىش ئەمەلدارلىقى-دىن ۋاز كېچىشنى دەۋەت قىلىشۋاتقانلىقىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەت-تى. شۇڭا، ئايالى خېلىن خانىمنىڭ پىكرى بويىچە ئۇ كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ئوخىئو شتاتىغا قايتىپ باج ئەمەلدارى بولدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، باج ساھەسىدە ئىشلە-ۋەرسە ئۆزىنىڭ تېزلا بېيىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىراق كىچىكى-دىن قىزىقىپ كەلگەن قانۇن كەسپىدىن يىراقلاپ كېتىدىغانلىقى-نى ھېس قىلىپ قالدى ـ دە، باج ئەمەلدارلىقىدىن قەتئىيلىك بىلەن ئىستېپا بەردى. خېلىن ئەينى چاغدا چوڭقۇر ئەپسۇسلى-نىش ھېسسىياتى بىلەن:

— تافت، شۇنداق ياخشى ھوقۇقتىن ئىستېپا بېرىۋېتىپ، كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىسىز! — دېۋىدى، تافت جاھىللىق بىلەن بېشىنى چايقىدى:

— ياق، قانۇندىن ئايرىلىپ قالسام ئاندىن پۇشايمان قىلى-مەن! — دېدى. خېلىن تازا قايىل بولماي:

— قانۇن بىلەن شۇغۇللانسىملا، كەلگۈسىدە زۇڭتۇڭ بو-لۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ قارىماڭ، ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر كەسپنى تىرىشىپ ئىشلىسىڭىزلا، ھەرقانداق ئورۇندا ياخ-شى نەتىجە يارىتالايسىز ئەمەسمۇ! — دېدى جاۋابەن.

تافت ئۇنىڭ گېپىگە دەرھال رەددىيە بەردى:

— خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، خېلىن. توغرا، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن زۇڭتۇڭلىرى ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان. بىراق مېنىڭ قانۇن كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىم ھەرگىزمۇ كۆڭلەر-نىڭ بىرىدە زۇڭتۇڭ بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانۇنغا ھې-رىسمەن بولغانلىقىم ئۈچۈنلا باج ئەمەلدارلىقىدىن ئىستېپا بەر-مەكچى بولۇۋاتىمەن!

ئۇزاق ئۆتمەيلا، تافت ئۆز ئارزۇسى بويىچە شتات سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئادەتتىكى سودىيە بولدى. كېيىن ئۇ ئاشۇ ئاددىيغىنە خىزمەت ئورنىدا نام چىقىرىشقا باشلىدى، بىرقانچە تەسىرى زور ھەق تەلەپ دەۋاسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1890 - يىلىغا بارغاندا ئۇ ئاخىر دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈلۈپ، ۋاشىنگتوندىكى ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى ھەمدە مۇئاۋىن باش تەپتىشلىككە تەيىنلەندى.

كېيىنكى كۈنلەردە، خېلىن خانىم تافتنىڭ سودىيىلىك ئورنىدا دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئېرى بىراقلا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. شۇنداقتىمۇ، ھوقۇق پەلەمپىيىدە قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەپ كېتىۋاتقان تافت ئايالىغا تۇرۇپ - تۇرۇپلا:

— مەن قانۇنغا مۇناسىۋەتسىز ھەرقانداق ھوقۇقتىن بىزار، ھەرقانچە چوڭ ھوقۇق بولسىمۇ، مەن بەربىر قىزىقمايمەن! — دەپ غودۇڭشىپ قوياتتى.

1908 - يىلىغا بارغاندا، مۇۋەققەت دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تافت جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا بىردەك كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى ھەمدە شۇ يىلى قىشتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلاندى. ياش ھەم چىرايلىق خېلىن خانىم ئېرىگە ھەمراھ بولۇپ تۇنجى قېتىم ئاقسارايغا كىرگەن چېغىدا، ئىچ - ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەينى ۋاقىتتا سىز ئوخىئو شتاتىدا سودىيە بولۇپ توغرا قىپتىكەنسىز. ئەگەر سودىيە بولماي باج ئەمەلدارى بولۇۋەرگەن بولسىڭىز، بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشەلمەس ئىكەنمىز! — دېدى.

تافت ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا مۇنداق رەددىيە بەردى:

— يەنە خاتالاشتىڭىز، خېلىن، ئەگەر بىرى مېنى ھازىرلا بېرىپ سوتچى بول دېسە، مەن ئاقسارايدىكى بۇ ئالىي ھوقۇقتىنمۇ ۋاز كېچىشكە رازى!

1912 - يىلى — تافتىنىڭ تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئاخىرقى يىل ئىدى. 6 - ئايدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىپ، كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتىنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. تافتىنىڭ خىيالى بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئايالى خېلىن خانىم ۋە ئەتراپىدىكى ئەلەمدار - قەلەمدارلارنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۇ يەنە بىر قېتىم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققىتى تىكىلگەن شەخس بولۇپ قالدى. بىراق، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تافتىنىڭ داۋاملىق ھوقۇق تۇتۇشىنى قوللىغان بولسىمۇ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بىر تۈركۈم رادىكاللار سابىق زۇڭتۇڭ روزۋېلتنىڭ قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنى قوللاپ تۇرۇۋالغاچقا، پارتىيە ئىچىدىكى بۇ خىل بۆلۈنۈش تۈپەيلىدىن، تافت داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنالماي قالدى.

— خېلىن، مەن شۇ تاپتا ئۈمىدسىزلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزۈمنى ناھايىتى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى، مەن باش - ئاخىرى يوق سىياسىي كۆرەش قاينىمىدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ چىقتىم!

1913 - يىل باش باھارنىڭ بىر كۈنى كەچتە، تەختتىن چۈشكەن تافت ئايالى خېلىن خانىم بىلەن بىللە ئاقسارايدىن يېنىپ چىقتى. ئۇلار ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلاردەك ئۆز يۇرتىغا قايتماستىن، بەلكى جورجىيە شتاتىدىكى ئاۋگۇستا دەپ ئاتىلىدىغان مەنزىرىسى گۈزەل ئارامگاھقا باردى. تافت زۇڭتۇڭ ۋاقتىدا دائىم مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئالغاچقا، ئەر - ئايال

ئىككىلىسى مۇھىتى تىنچ بۇ يېشىللىزارلىقنى ھەمدە سۈپسۈزۈك كۆل بويىغا سېلىنغان ئاپئاق ياغاچ ئۆيلەرنى ياقتۇرۇپ قالغاندى. ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى، تافت ئالىي ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن - ئازادە تۇتۇپ يۈرۈۋەردى.

ئاۋگۇستادىكى داچىدا تۇرغان بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ئۆزىنى يەنىلا ناھايىتى روھلۇق تۇتۇپ يۈرگەن تافت ئايالى خېلىن خانىم بىلەن بىللە بۇ يەرنىڭ سۈرەتتەك گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھوزۇرلاندى. ئوۋغا چىقتى، ئات مىندى، داچىنىڭ ئالدىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈكتە گولف توپ ئوينىدى.

خېلىن خانىم:

— تافت، سىز تېخى قېرىپ كەتمىدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىز تېخى ئۇزۇن. بىز بۇنىڭدىن كېيىن نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدايمىز؟ — دەپ سورىدى.

تافت:

— بىزنىڭ ئاۋگۇستادا مەڭگۈ تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەن ھازىر زۇڭتۇڭ ئەمەس - دە، بىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە كۈن بويى گولف توپ ئويناپ ئۆتكۈدەك تۇرمۇش راسخوتىمىزمۇ يوق، — دېدى.

— تۆت يىلدىن كېيىن يەنە ئاقسارايغا كىرىشكە تىرىشىشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى يەنە خېلىن.

تافت دەرھال بېشىنى چايقاپ:

— ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. ئاقسارايدا تۇرغان تۆت يىل جەريانىدا، مەن زۇڭتۇڭ بولۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ بولغان. جۇمھۇرىيەتچىلەر مېنى باغلاپ ئاپارسىمۇ، ئۇ يەرگە ئەمدى ھەرگىز بارمايمەن! — دېدى.

خېلىن خانىم پۈتۈن زېھنى بىلەن گولف توپ ئويناۋاتقان

ئېرگە خۇرسىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا، ئەمدى نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— قانۇن، ئەلۋەتتە يەنە قانۇن بىلەن ھەپىلىشىمەن! — دېدى تافت.

— يەنە ئادۋوكات بولامسىز؟ سىز دېگەن ئىلگىرى زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم تۇرسىڭىز، يەنە خەلق ئارىسىغا قايتىپ ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرسىڭىز تازا قاملاشمايدۇ جۇمۇ، — دېدى خېلىن خانىم.

ئەمەلىيەتتە، تافت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىدىن بوشانغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئاللىبۇرۇن ئويلىشىپ بولغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ خېلىن خانىمغا مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ يېشىمدا يەنە ئادۋوكاتلىق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن مەن قانۇن ساھەسىدە بىرەر ئەپلىكرەك خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسام بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ!

ئۇنىڭ بۇ گېپى خېلىننى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى:

— ئۇنداقتا سىز بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ قانۇنچىلىقتىن دەرس ئۆتسىڭىز بولامدۇ؟ مۇنبەردە تۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ قانۇن توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭىزنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرسىڭىز، سۈپىتىڭىزگىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ، كېيىنكى تۇرمۇش راسخوتىمىزمۇ ھەل بولىدۇ!

تافت ئايالىنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلدى. ئۇ يالې ئۇنىۋېرسىتېتىغا خەت يازدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يالې ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنى قانۇن پەنلىرى پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلدى.

1913 ـ يىل 4 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، تافت يالې ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسورلۇق ھاياتىنى باشلىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇ قانۇن بىلىملىرى دېگىنىغا شۇڭغۇپ كىرىپلا كەتتى. ئۇ دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا قانۇندىن لېكسىيە سۆزلىگەن ۋاقىتىدا، ئۆزىنىڭ ئاقسارايدا تۇرغان مەزگىلىدىكى تووراسقا قارشى دېلولارنى

قانداق ئادىل بىر تەرەپ قىلغىنىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قوياتتى. تافت تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، قانۇنچىلىق مائارىپى ساھەسىدە داۋاملىق يېڭى تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كېيىن ئامېرىكا ئادۋوكاتلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەنىدى.

تافتنىڭ ئۆيدە خاتىرجەم دەم ئالماي، خىزمەتكە ئۆزىنى بەكلا ئۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن خېلىن خانىم ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى:

— تافت، سىز ئەمدى دوختۇرلارنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز بولمايدۇ. ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەيلى دېسىڭىز، ئۆتۈنۈپ قالاي، ھېلىقى نەس باسقان سودىيىلىك ۋەزىپىڭىزدىن دەرھال ئىستېپا بېرىڭ!

تافتنىڭ كۈنلىرى باشتىن - ئاخىر جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ ئۇ ئالىي باش سودىيىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى ئۆزى بىۋاستە بېجىرىش داۋامىدا شەكىللىنىپ قالغان ئادەت ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئەقىل - ئىخلاسىنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قانۇنچىلىققا بېغىشلىۋەتكەچكە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭ قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارشى تۇرىدىغان گېپى ھەرگىزمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. شۇڭا ئۇ خېلىنغا غەزەپ بىلەن دوق قىلدى:

— ئىستېپا بېرىڭ؟ ئۇخلاپ چۈشىڭىز! مېنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىمنى ئەجەبا سىزمۇ چۈشەنمەيۋاتامسىز؟ كۆڭلۈمدىكىدەك مۇشۇ كەسىپكە ئېرىشىمەن دەپ بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدىم. ئەمدىلىكتە مۇرادىمغا يەتكىنىمدە مېنى ئىستېپا بېرىڭ دەۋاتىسىزغۇ. نېمىدېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ!

ئېرىنىڭ جاھىللىقىنى كۆرۈپ، خېلىن خانىم كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

— تافت، قەلبىڭىزنى نېمىشقا چۈشەنمىگۈدەكمەن؟ لېكىن

سىز يەتمىش بىر ياشقا كىرىپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىڭىز ئېغىر. ئەگەر سودىيىلىك ۋەزىپىڭىزدىن تېزرەك ئىستېپا بەرمىسىڭىز، كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋېتىدىغان ئاشۇ دېلولارنى داۋاملىق بېجىرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇبادا ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك تۇيۇقسىز ھوشىڭىزدىن كېتىپ قالسىڭىز، بۇنىڭغا مەن قانداق چىدايمەن؟

— ياق، ھەرگىز ئىستېپا بەرمەيمەن!

يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان تافت خېلىن خانىمنىڭ گەپلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، سودىيىلىك ۋەزىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا يەنىلا چىدىماي قالدى.

1930 - يىل يېڭى يىلدا، ئۆيدە ئارام ئېلىپ، سالامەتلىكى خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغان تافت ھېلىقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ پارا ئالغانلىق دېلوسىنى داۋاملىق سوت قىلىش ئۈچۈن، ئەتىگەندىلا سوت مەھكىمىسىگە بارماقچى بولدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا ئايالى خېلىن خانىم خېلى يالۋۇرۇپ، توسۇپ باققان بولسىمۇ، جاھىل تافتنى يەنىلا نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. ماشىنا ۋاشىنگتوندىكى ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىشىغا، تافتنىڭ بېشى تۇيۇقسىز قايغاندەك بولدى. شوپۇرى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغىلا، ئۇ سېمونت پەلەمپەيگە گۈپپىدە يىقىلدى.

## باش سودىيىلىكتىن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا ئىستېپا بەردى

1930 - يىل 2 - ئايدا، تافت دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان بىر كۈنى قاق سەھەردە، خېلىن خانىم ئۈستۋاشلىرى قار هالدا تافت ياتقان لىنكولن دوختۇرخانىسىغا يەنە كەلدى. تافت بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك داۋالاش بۆلۈمىدە يېتىۋاتاتتى. هېلىقى كۈنى ئەتىگىنى تافت ئالىي سوت مەهكىمىسىگە ئىشقا ماڭغان چېغىدا پەلەمپەيگە يىقىلىپ چۈشۈپ، يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلى قوزغىلىپ قېلىش تۈپەيلى هوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، خېلىن خانىم ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتىسىز دەپ قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالدى. تافت ئۇزاق ئۆتمەيلا هوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئالىي باش سوتىيىلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ داۋاملىق دېلو بېجىرىشكە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەمدى يار بەرمەيدىغان هالەتكە يەتكەنىدى. تافتنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سوتىيىلىك ئورنىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئايالى خېلىن خانىم ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىشى ئاستىدا، ئۇ بۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا تەستە ماقۇل بولدى.

دوختۇرخانىدا ياتقان دەسلەپكى كۈنلەردە، تافت خېلىنغا:

— بۇ دوختۇرخانىدا بىرنەچچە كۈنلا ياتىمەن، قان بېسىمىم تۆۋەنلىسىلا چىقىپ كېتىمەن. ۋاقتىم ئاز قالغاندەك، باش سوتىيىلىك ئورنۇمدا بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالاي. ئەگەر راستىنلا ساناقلىق كۈنۇم قالغان بولسا، ئۆلسەممۇ سوت زالىدا ئۆلەي. خېلىن، مېنىڭ سوتىيىلىككە قانچىلىك ئامراق ئىكەنلىكىمنى پەقەت سىزلا چۈشىنىسىز جۇمۇ!...، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، كېسىلىڭىز راستىنلا ياخشىلىنىپ قالسا، سىزنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشىڭىزگىلا ئەمەس، بەلكى سوت مەهكىمىسىگە قايتىپ بېرىشىڭىزغىمۇ قوشۇلىمەن، — دېدى خېلىن جاۋابەن.

ئەپسۇسكى، تافتنىڭ كېسەللىك ئەهۋالىدا هېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى.

تافت شۇنچىۋالا ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكى ئالىي باش سودىيىلىك ئورنىدىن نېمىشقا مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى خېلىن خانىم ئوبدان چۈشىنەتتى. تافت ھوقۇققا ۋاي دەپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى، ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە ئۇ ھوقۇققا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمىگەن بولۇپ، ئاقسارايدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئارىسىدىكى كۆرەش، ئەمەل سورۇنلىرىدىكى ھىيلە - مىكىرلەر كىچىكىدىنلا قانۇنغا ئالاھىدە ئىخلاس باغلىغان تافتنى جاق تويدۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، تۆت يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشاي دېگەندە، ئۇ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇش خىيالىدىن ۋاز كەچكەن، شۇغىنىسى، ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ روزۋېلتنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىنلا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا روزۋېلت بىلەن تىركىشىشكە مەجبۇر بولغانىدى. كېيىن چوڭ سايلامدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تافت خەلق ئارىسىغا قايتىپ، قانۇن ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ يالې ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە، بەزىلەر ئۇنى كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىشقا ئۈندەپ كەلگەن بولسىمۇ، چېچەن تافت دوستلىرىنىڭ بۇ ياخشى تەكلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىپ قوللىغۇچىلىرىغا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئاقسارايغا قايتا كىرىشنى خالىماسلىقىم ھەرگىزمۇ يەنە بىر نۆۋەت زۇڭتۇڭ بولغۇدەك قابىلىيىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مەن سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن!

ئۇ يالې ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. قانۇننى تەتقىق قىلىش ۋە قانۇندىن دەرس بېرىش داۋامىدا، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشتى. ئۇ ھايا-

جانلانغان هالدا ئايالى خېلىنغا:

— قانۇن ئىلمى بەئەينى چوڭقۇر بىر دېڭىز، مەن بولسام ساھىلدىن سۇ مەنبەسىنى ئىپىۋالغان بىر تال بېلىق. ئەگەر سىياسىي سەھنىدە داۋاملىق تۇرۇۋەرسەم، قۇرۇپ تۈگەيمەن. قانۇن كەسپىگە قايتىپ كەلسەم ياشىرىپ كېتىمەن!

تافتنىڭ يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئىشلەۋەرگۈسى بار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ 1912- يىلى داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە تىرىشقان ۋاقتىدىكى سايلام رىقابەتچىسى، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن كۆرسىتىلگەن زۇڭتۇڭ نامزاتى ۋۇئودروۋ ۋىلسون 1917 - يىلى داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىن، سىياسەتچىلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈكى تۇتۇپ قالدى ھەمدە سابىق زۇڭتۇڭ تافتنى يادىغا ئالدى. ئۇ بۇ پېشقەدەم جۇمھۇرىيەتچىنىڭ سىياسىيدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، يالې ئۇنىۋېرسىتېتىدا غوردىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزى يەنە مۇشۇنداق ئىچى تار پېتى كېتىۋەرسە، كېيىنكىلەرنىڭ كۆلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى تۇساتتىن ھېس قىلىپ قالدى.

شۇڭا، زۇڭتۇڭ ۋىلسون بۇ سابىق زۇڭتۇڭغا ئۆزى يېڭىدىن تەشكىللىگەن فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىش قارارىغا كەلدى. تافت ۋىلسون بىلەن بىر پارتىيىدىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھوقۇق تۇتقۇزۇپ قويسا بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق، ۋىلسون تافتنى ھەم ھوقۇقى، ھەم پايدىسى بار، ئەمما كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدىغان بىر ۋەزىپىگە، يەنى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇش مەزگىلىدىكى ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقى يالې ئۇنىۋېرسىتېتىغا چۈشۈرۈلگەندە، ھازىرقى كۈنگە شۈكرى - قانائەت قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈشكە نىيەت باغ-

لىغان تافتنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ ۋىلسوننى قاتتىق خىجىلچىلىقتا قويدى. تافتنىڭ ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇشنى رەت قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۇ ئاقسارايدا خېلى مەزگىلگىچە پەرىشان بولۇپ يۈردى.

تافت ۋاشىنگتونغا بارمايمەن دەپ، ئاقسارايدىكىلەر بىلەن بىر يىلدەك تىركەشتى. كېيىن، خېلىن خانىم ۋە ۋىلسون ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىشى ئاستىدا، 1918 - يىلى باھاردا ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ۋاشىنگتوندىكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە كېلىپ، يەنە بىر نۆۋەت ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولدى.

ئۇ ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدا ئۆزىنى زورلاپ دېگۈدەك ئىككى يىل ئىشلىدى. بۇ يەردىكى خىزمەتلەرنىڭ قانۇن بىلەن تۈزۈك ئالاقىسى بولمىغاچقا، ئۇ ھەركۈنى ئىچى پۇشۇپ، غۇدۇراپلا يۈرەتتى ھەمدە دوستلىرىغا: «بۇ مەنىسىز ئەمەلدارلىق تۇرمۇشۇمنى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئاخىرلاشتۇرۇۋەتسەم دەيمەن، چۈنكى مەن قانۇن ئۈچۈنلا يارالغان ئادەم. ئاۋارىچىلىكى تولا بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا مەن ئەسلىدىنلا ماس كەلمەيتتىم. كۈندە بىر تەرەپ قىلىدىغان تايىنى يوق ئىشلار مېنى جاق تويدۇرۇۋەتتى» دەپ قاقشاپ بېرەتتى، دوستلىرى بولسا ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى. بەزىلىرى: «سەن ۋىلسوننىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويما. ئۇ ھېلىمۇ ئۆزى بىلەن بىر پارتىيىدىن بولمىغان سەندەك ئادەمنى مۇشۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. سىياسىي سەھنىدە ئۆز رولۇڭنى جارى قىلدۇرىدىغان بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمە» دەيتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا: «سەن روزۋېلتنىڭ قول ئاستىدا مۇۋەققەت دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن چېغىڭدا، قىيىن ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىقتىدارىڭ بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمەسمىدىڭ؟ سەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاش ئۈچۈن

ياپونىيىنىڭ باش ۋەزىرى كاتارۇ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن چېغىڭدىمۇ ئاجايىپ تالانتىڭنى نامايان قىلغانىدىڭغۇ؟ شۇنچىلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ئادەم ئەمدىلىكتە بىر ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايۋاتامسەن؟» دەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە ئادا قىلىش - قىلالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەتلا، ئەمەل سورۇنىدىن زېرىككەن تافت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قانۇن ساھەسىگە قايتىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

تافتنى بىزار قىلغان بۇ كۈنلەر تاكى 1921 - يىلى ۋىلسوننىڭ ئاقسارايدىكى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكى كونا دوستى ۋاررېن خاردىنگ ئامېرىكىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى زۇڭتۇڭى بولدى. ئالىبۇرۇنلا ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدا زېرىكىپ ئولتۇرغان تافت زۇڭتۇڭ خاردىنگقا ئىنتايىن سەمىمىي تەلەپپۇزدا ياردەم سوراپ بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خېتىدە: «مېنىڭ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدە ھەرقانداق مۇھىم ۋەزىپىنى ئەمدى ئۆتىگۈم يوق. كونا دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، مېنىڭ بەش يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان يالې ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ بېرىپ، داۋاملىق كونا كەسپىمنى قىلىشىمغا رۇخسەت بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. چۈنكى مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزۈم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرمىشىپ كەلگەن قانۇن كەسپىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. مەن قانۇن بىلەنلا ھەپىلەشسەم، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم!...» دېدى.

يېڭى زۇڭتۇڭ خاردىنگ تافتنىڭ ئىستىپا سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئايغىچە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. 6 - ئايدا، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان بىر

ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقى سۇرلۇك ئاقسارايدىن تافتنىڭ ۋا-
شىنگتون شەھەر ئەتراپىدىكى تۇرالغۇسىغا يەتكۈزۇلدى. خېلىن
خانىم ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى قولىدا كۆتۈرگىنىچە خۇ-
شاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— سودىيە، قەدىرلىكىم تافت، زۇڭتۇڭ خاردىنگ سىزنى
ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالىي باش سودىيىلىكىگە
تەيىنلەپتۇ!...

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز؟

تافت ھاياجانلانغان ھالدا ۋەزىپىگە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى قو-
لىغا ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ساقىپ چۈش-
تى. ئۇ ئەينى چاغدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان چېغىدىمۇ
بۇنچىلىك خۇش بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ زۇڭتۇڭ خاردىنگقا ھې-
لىقى خەتنى ئۆزىنىڭ يالي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ بېرىپ داۋام-
لىق ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىشىنى
ئىلتىماس قىلىپلا يازغان بولۇپ، خاردىنگنىڭ كۇتۇلمىگەندە ئۆ-
زىنى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىشقا بۇيرۇشىنى، يەنە كې-
لىپ، ئالىي باش سودىيىلىككە تەيىنلىشىنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ
باقمىغانىدى. ئۇ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، بىراقلا ئون ياش
ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى ھەمدە ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا
خېلىن خانىمغا:

— ئامېرىكا تارىخىدا، تەختتىن چۈشكەن ھەرقانداق بىر
زۇڭتۇڭ ئۇزاق يىل بىكار يۇرگەندىن كېيىن، يەنە بۇنداق مۇھىم
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ باقمىغان! زۇڭتۇڭ خاردىنگقا ھەشقاللا،
مەن چوقۇم راۋۇرۇس ئىشلەيمەن! — دېدى.

شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئاتمىش ئۇچ ياشقا كىرىپ
قالغان تافت ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالىي باش
سودىيىلىك ئورنىغا ئولتۇردى. ئۇ بۇ مۇھىم ئورۇندا توققۇز يىل
ئىشلىدى. شۇ ۋەجىدىن، ھازىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان

بولسىمۇ، بۇ ئورۇندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. خېلىن خانىم ئېرىنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇ جاپالىق ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىشكە ئۈندىدى. خېلىن خانىمنىڭ توختىماي يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشى ئاستىدا، تافت ئاخىر 2 - ئاينىڭ قار يېغىۋاتقان بىر كۈنى، ئايالى يېزىپ بەرگەن ئىستېپا سوراش دوكلاتىغا كۆڭلى قىيمىغان هالدا ئۆز ئىمزاسىنى قويدى.

## جان ئۈزۈش ئالدىدا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتتى

3 - ئاينىڭ دەسلەپىدە، تافتنىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالدى.

ئۇ دوختۇرخانىدىكى كېسەل كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، دوختۇرغا قەتئىي تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— مېنى ئەمدى شەھەر سىرتىدىكى ئۆيۈمگە كەتكىلى قويۇڭلار. مەن بۇ يەردىكى دورا - ئوكۇل پۇراقلىرىغا پەقەتلا كۆنەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قان بېسىمىمۇ نورماللىشىپ قالدىغۇ؟

دوختۇرلار تەڭقىسلىقتا قالدى. قان بېسىمى ئىزچىل ئۆرلەپ كېتىۋاتقان تافت دوختۇرخانىدا ياتقان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن كونترول قىلىشى ئاستىدا خېلى ئوڭشىلىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىي باش سودىيىلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى جىددىيچىلىكمۇ پەسىيىپ، قان بېسىمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنىدى. لېكىن دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ھەدېگەندىلا قايتا قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بولۇپمۇ تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئامراق، مىجەزى چۇس تافتنىڭ دوختۇرخانىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىتتىن ئايرىلسىلا، كېسىلىنىڭ

قايتا قوزغىلىپ قېلىش ئېھتىمالى زور ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
تافتنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولغاچقا، كېسەلى يەنە
قوزغىلىدىغانلا بولسا، ئاقىۋەتى ئالدىنقى قېتىمقىدىن خەتەرلىك
بولاتتى. شۇڭا، دوختۇرلار تافتنى توسۇپ قالالمىغاندىن كېيىن،
خېلىن خانىمغا ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، تافتنىڭ يېمەك ـ
ئىچمىكىگە قاتتىق دىققەت قىلىشنى، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈر-
مەسلىكنى تاپىلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.
شۇنىڭ بىلەن، 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن،
تافت ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر سىرتىدىكى تۇرالغۇسىغا قاي-
تىپ كەلدى.
بۇ يەر ئىنتايىن تىپتىنچ ئىدى. قورۇلمىسى ئۆزگىچە بول-
غان ئەنگلىيە پاسونىدىكى ئۆينىڭ ئالدىدا بىر كىچىك گۈللۈك
بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە تافت ياخشى كۆرىدىغان ياپونىيىنىڭ نو-
رۇزگۈلى تېرىۋېتىلگەنىدى. 3 ـ ئايدىكى جانغا راھەت قۇياش
نۇرى ئاستىدا، ياپونىيىدىن ئەكېلىنگەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسى
ھۇپپىدە ئېچىلغان ئاجايىپ رەڭدار غۇنچىلار بىلەن تولۇپ كەتكە-
نىدى. تافت بۇ گۈللەرنى ئۆزى تەختتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن
سېتىۋالغانىدى. بۇ گۈللەرنى سېتىۋېلىشقا خېلىن خانىم سەۋەب-
چى بولغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق شتا-
تىدىن نورۇزگۈلىنى تاپقىلى بولمايتتى. 1912 ـ يىلى تافت
ئاقسارايدا زۇڭتۇڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، خېلىن خانىم بىر قې-
تىملىق دىپلوماتىيە سورۇنىدا ئۆزى فىلىپپىندە كۆرگەن ياپونىيە
نورۇزگۈلىنى ماختاپ قويۇۋېدى، سورۇندا ئولتۇرغان ياپونىيە
ئەلچىسى بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندى ھەمدە دەرھال ياپوند-
يە باش ۋەزىرىگە دوكلات يوللاپ، پاراخوت ئارقىلىق ئامېرىكىغا
نورۇز گۈلى مايسىسىدىن ئازراق يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
شۇ يىلى ئەتىيازدا، ئۈچ مىڭ تۈپتىن ئارتۇق نورۇزگۈلى مايسى-
سى ۋاشىنگتونغا ئەكېلىندى. خېلىن خانىم بىلەن ياپونىيىنىڭ

ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ھېلىقى ئەلچىسى ئۇلارنى ئاقسارايدىكى گۈللۈككە ئۆز قوللىرى بىلەن تىكتى. كېيىنچە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا شۇنچىۋالا كۆپ چىرايلىق نورۇزگۈلىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى پۈتۈنلەي تافتنىڭ ئايالى خېلىن خانىمنىڭ تۆھپىسى دېيىش كېرەك ئىدى. شۇڭا، تافتنىڭ شەخسىي تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدا ھال رەڭ نورۇزگۈللىرىنىڭ ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

تافت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەيپىياتى دوختۇرخانىدىكىدىنمۇ ياخشى بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ مەڭگۈ تىنىم تاپمايدىغان بىر بوۋاي ئىدى. گەرچە، ئۇ خېلىن خانىمنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن باش سودىيىلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن بولسىمۇ، سالامەتلىكى ئازراقلا ياخشىلىنىۋېدى، يەنە بىر ئىشلارنى قىلىپ باققۇسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىلگىرىكى ھەممە ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، ئۆيىدىكى مۇشۇ بىكار ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر ئەسلىمە يازماقچى بولدى.

تافت ئۆزى ئاقسارايدىكى مەزگىلدە ئىشلەتكەن ھۆججەتلەرنى رەتلەۋاتقاندا، نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭ تېئودۇر روزۋېلت بىلەن بىللە چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ 1904 - يىلى ئۇ فىلىپپىندە باش ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە روزۋېلتنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرتىشى بىلەن ۋاشىنگتونغا قايتىپ كەلگەن چاغ بولۇپ، ئىككىسى ئاقسارايدىكى ئېلىپس شەكىللىك ئىشخانىدا چۈشكەن سۈرەت ئىدى. سۈرەت ساغىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا روزۋېلتنىڭ ئىنتايىن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تافتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان دوستانە ھالىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. تافت ئىختىيارسىزلا: «مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن! ···» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ياندىكى ئۆيدە ئارام ئېلىپ ياتقان خېلىن خانىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كىرىپ، نەچچە

كۈندىن بۇيان خېلى تېتىك ھەم خۇشال يۈرۈۋاتقان ئېرىنىڭ نېمىشقىدۇر يەنە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، بىر نەرسىگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆردى. تافت ئۆزىنىڭ روزۋېلت بىلەن بىللە چۈشكەن ھېلىقى سۈرىتىنى قولىدا چىڭ تۇتقىنىچە، ھەسرەتلىك تىنىپ تۇرۇپ:

— خېلىن، مەن ھاياتىمدا يۈز كېلەلمەيدىغان ئادەم دەل روزۋېلت!…، — دېدى.

تافت بىلەن روزۋېلت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئاداۋەتتىن خېلىن خانىمنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. 1904 - يىلى تافت روزۋېلتنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى يۇقىرى قاتلامغا كىرىپ، فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى بولغان، كېيىن، روزۋېلتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ، ئىزباسار تاللايدىغان چاغدا، ئۇ شۇ مەزگىلدە مۇۋەققەت دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇپ ئىشلەۋاتقان تافتنى تاللىغان. 1908 - يىلى فىلادېلفىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا تافت روزۋېلتنىڭ كۆرسىتىشى ۋە كۈچەپ قوللىشى بىلەن زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ھەمدە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ ئاقسارايىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغانىدى.

ھالبۇكى، تافت تەختكە چىققاندىن كېيىن، شاپائەتچىسى روزۋېلت تۈزۈپ بەرگەن سىياسىي پروگراممىدىن چەتنەپ، روكفېللېر مالىيە گۇرۇھىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم پارلامېنتتا نۇتۇق سۆزلىگەندە: «بەزىلەر ئوت - چۆپنى روزۋېلت ئورۇپ بولغان، تافت ئاشۇ ئوت - چۆپلەرنى يىغىۋاتىدۇ دەپتۇدەك. مەن بۇنداق دېيىشكە قوشۇلمايمەن. كۆپچىلىككە شۇنى دەپ قويماقچىمەنكى، روزۋېلت ئىلگىرى مېنى يېتەكلىگەن، لېكىن مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس سىياسەت يۈرگۈزۈش پروگراممام

بار!» دېدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، روزېۋېلتنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالدى، ئىككىلىسى ئۆز يولىغا ماڭدى.

شۇلارنى ئويلىغىنىدا، تافتنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇ ئايالىغا مۇنداق دەپ پىچىرلىدى:

— خېلىن، مەن روزېۋېلت تۈزگەن سىياسەتكە تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىكىم ئۈچۈن قايغۇرمايمەن. لېكىن، 1912 - يىلىدىكى چوڭ سايلامدا ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلىنىمەن. مەن، مەن راستتىنلا تۈزكور ئىكەنمەن!...

ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ چاغدىكى ئىشلار قايتىدىن نامايان بولماقتا ئىدى: فىلادېلفىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ۋەكىل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان تافت جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رادىكاللىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئىلگىرىلەش پارتىيىسى»نىڭ ۋەكىلى روزېۋېلت بىلەن يۈزمۇيۈز تىركەشتى. كېيىن، ئۇ قولىدىكى ھوقۇققا تايىنىپ تۇرۇپ، ئىلگىرى ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلغان روزېۋېلتنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىشىگە يول قويمىدى. شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە، روزېۋېلت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى روھى چۈشكەن ھالدا يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى...

«مەن، مەن تۈزكور ئىكەنمەن!...»

ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلىدىكى بولمىغۇر ئىشلىرىنى ئويلىغانسېرى، تافت يىغىسىنى توختىتالماي قالدى. توساتتىن، ئۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئىشخانىسىدا گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇنىڭ كېسىلى يەنە قوزغالغانىدى!

يۇقىرى قان بېسىمى تۈپەيلىدىن ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى. بۇنى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، خېلىن خانىم ئامال قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرلارنىڭ خېلىن خانىمغا ئەسكەرتكىنىدەك، بۇ قېتىم تافتنىڭ كېسىلى ئېغىر باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى.

تافت شۇ يىقىلغىنىچە ئىككى كېچە - كۈندۈز بىھوش ياتتى. دوختۇرلار شۇنچە تىرىشىپمۇ قان بېسىمى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرىلاپ كەتكەن تافتنى خەتەرلىك ھالەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ئۇ مېڭىسىگە قان چۈشكەچكە، بىھوش ھالەتتە ياتاتتى.

«تېئودۇر، سىز مېنىڭ ئۇستازىم. ھازىر ئەسلىسەم، ئالدىڭىزدا بەك خىجىل بولىمەن. چۈنكى، مەن نۇرغۇن قېتىم ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكلىرىمنى تېپىپ چىقتىم!» دەپ پىچىرلىدى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بىھوش ياتقان تافت. ئۇ ئون ئىككى يىل ئاۋۋال سابىق زۇڭتۇڭ روزېۋېلت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان ھېلىقى كۈننى ئېسىگە ئالغانىدەك بولدى. ئۇ 1918 - يىلى كۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولۇپ، زۇڭتۇڭلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا ياشاۋاتقان روزېۋېلت بىلەن تافت — چىكاگو شەھىرىدىكى بىر مېھمانسارايدا ئويلىمىغاندا ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئەينى چاغدا، تافت كاماندىروپكىغا چىقىپ، چىكاگودىن ئۆتەر چېغىدا ئاشۇ مېھمانسارايدا تاماق يېگەن، ئارىلىقتا، كىشىلەر ئارىسىدىن بىر تونۇش چىراينى — روزېۋېلتنى كۆرۈپ قالغانىدى! ئەسلىدە، بۇ موپىسىپىتمۇ چىكاگوغا ساياھەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى زېرەك ھەم خۇشخۇي، يۇمۇرىستىك ئەپتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە چىقىش ۋە تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى ئوڭۇشسىز شارائىت تۈپەيلىدىن بەكلا قېرىپ كەتكەن، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ،

چىرايىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۇششاق قورۇقلار قاپلاپ كەتكەندى! تافت ئۇ چاغدا ئەينى يىللاردىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالەتتىن خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغان، ۋاشىنگتوندا ئەمگەك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ئورنىغا ئولتۇرغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، سىياسىي ساھەدىكى چىرىكلىكتىن ئىچ - ئىچىدىن بىزار بولۇپ يۈرگەنىدى. چىكاگودا روزېۋېلتنى ئۇچرىتىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ مويسىپىتقا يۈز كېلەلمەسلىك ھېسسىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا:

— تېئودور ئەپەندى! … ، — دەپ توۋلىغىنىچە ھېچنېمىگە قارىماي، روزېۋېلت تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئىككىسىنىڭ چىڭ قۇچاقلاشقىنىنى، ھەر خىل ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئىككى مۆتىۋەرنىڭ مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتا بارلىق ئۇچمەنلىكلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، قايتىدىن جەم بولغانلىقىنى كۆرگەن ئامما تەسىرلەنگەن ھالدا قىزغىن چاۋاك چېلىپ كەتتى…

«ئاھ، تېئودۇر روزېۋېلت! سىزگە ئۆمۈر بويى يۈز كېلەلمەيمەن! …»

تافت جان ئۈزۈش ئالدىدا بىھوش يېتىپ تۇرۇپ شۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلدى. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ قېرىغان مەزگىلىدىكى ھەقىقىي ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسى، چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزى بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پۇشايمان سۆزى بولۇپ قالدى!

1930 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېرىم كېچىدە، تافت ۋاشىنگتوننىڭ شەھەر سىرتىدىكى تۇرالغۇسىدا جىمجىتلا كۆز يۇمدى.

ئۆنىڭ مېيىتى ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئارېندون دۆلەت قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئۆنىڭ مەرمەر تاشتىن قوپۇرۇلغان قەبرە تېشىغا: «ئىلگىرى زۇڭتۇڭ بولغىنىم ئېسىمدە يوق، مەن پەقەت ئادۋوكات بولغىنىمنىلا بىلىمەن! ... — تافتنىڭ كېسەل ياتقان چاغدىكى سۆزى» دەپ يېزىپ قويۇلغاندى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

# نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى

## —— يىگىرمە يەتتىنچى زۇڭتۇڭ ۋۇئودروۋ ۋىلسون



ۋۇئودروۋ ۋىلسون 1856 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ستاۋنتون شەھىرىدە تۇغۇلغان. شىمالىي ئىرلاندىيىلىك باستىر جەمەتىنىڭ ئەۋلادى. كىچىكىدىنلا ئائىلىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن، 1873 - يىلى شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى داۋىسسون ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن،

1875 - يىلى يېڭى جېرسېي ئىنستىتۇتىغا كىرىپ، داۋاملىق ئوقۇغان؛

1882 - يىل ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ھەمدە جورجىيە شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە ۋىۋىسكا ئېسىپ ئادۋوكاتلىق قىلغان؛

1883 - يىلى يەنە خوپكىنس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، تارىخ ۋە سىياسەت كەسپىنى ئۆگەنگەن؛ ئىككى يىلدىن كېيىن «ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ناملىق

مەشھۇر ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ شۇ يىلى تەكلىپ بويىچە پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى برىنمار ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغان؛

1888 - يىل كوننېكتىكوت شتاتىدىكى ۋېسلىيات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان ھەمدە «دۆلەت ھەققىدە» دېگەن مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەسىرىنى ئېلان قىلغان؛

1890 - يىلى يېڭى جېرسېي ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور بولغان؛

1902 - يىلى پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان؛

1910 - يىل 10 - ئايدا يېڭى جېرسېي شتاتىنىڭ شتات باشلىقى بولۇپ سايلانغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلىم ساھەسىدىن سىياسىي ساھە-گە قەدەم قويغان؛

1912 - يىلى بالتىموردا ئۆتكۈزۈلگەن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا كېلەر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسى-تىلگەن، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان؛

1913 - يىل 3 - ئايدا ئاقسارايغا كىرىپ، سەككىز يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ۋەزىپە ئۆتەش داۋامىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتقان، «خەلق-ئارا ئىتتىپاق» نىڭ قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرگەن؛

1920 - يىلى شۇ سەۋەبتىن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

1921 - يىلى تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ۋاشىنگتوندا تىنچ تۇر-مۇش كەچۈرگەن، 1924 - يىلى سەكتە كېسىلى بىلەن ئاتمىش يەتتە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ قالدى

1921 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتە، بىر كۆل رەڭ پىكاپ ئاقسارايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چىملىقتىن چىقىپ ۋاشىنگتوننىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئادەم شالاڭ بىر خالتا كوچىغا كىردى.

بۇ پىكاپ بىردەمدىلا ۋاشىنگتوننىڭ جەنۇبىي چوڭ كوچىسى-

دىكى 2340 ـ نومۇرلۇق قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىپپىدە توختىدى.

— ۋوئودروۋ، مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز!

پىكاپتىن ئەڭ ئاۋۋال پۇزۇر كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال چۈشتى. ئاندىن، ئۇ ھەم ئورۇق، ھەم ئېگىز بىر بوۋاينى پىكاپتىن يۆلەپ چۈشۈردى. بۇ بوۋاي تېخى بايىلا ئاقسارايدا يېڭى زۇڭتۇڭ خاردىنگنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان سابىق زۇڭتۇڭ ۋىلسون ئىدى!

ئۇ پىكاپتىن چۈشكەن چاغدا، بەدىنىنىڭ سول تەرىپىنى تازا ھەرىكەتلەندۈرەلمەي قالدى. بولۇپمۇ سول پۇتى دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغاچقا، ئايالى ئېدىت خانىمنىڭ يۆلىشى بىلەن قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكەپ ماڭدى.

— بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز مۇشۇمۇ؟

ۋىلسون سول پۇتىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە يۆتكەپ، مېھرىبان ئايالىنىڭ يۆلىشى بىلەن ياپيېشىل چىملىقنى كېسىپ ئۆتۈپ بىر كۆل رەڭ بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كېسەلچان ئېرىنىڭ تەختتىن چۈشىدىغان ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ئېدىت خانىم بىر يىل ئىلگىرىلا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ فرانسىيىلىك بىر كاتتا سودىگەر سالدۇرغان بۇ داچىنى سېتىۋالغانىدى. نەچچە يىل ئىلگىرى، ۋىلسون سايلامدا يەنە زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان چاغدا، ئايالى ئېدىت خانىمغا 1921 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ھامان ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭلارغا ئوخشاش، يۇرتىغا — ۋىرگىنىيە شتاتىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. چۈنكى، سىرتتا يۇرگىنىگە ئون نەچچە يىل بولغان ۋىلسون ئۆزى تۇغۇلغان ستاۋنتون شەھىرىنى تولىمۇ سېغىنغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئېدىت خانىم ئېرىنىڭ بۇ خىيالىغا قەتئىي قوشۇلمىدى.

ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— سالامەتلىكىڭىز بۇرۇنقىدەكلا ياخشى بولسا، مەن سىز بىلەن بىللە ۋىرگىنىيەگە كېتىشكە رازى ئىدىم. لېكىن، سىز ھازىر پالەچ بولۇپ قالدىڭىز! دۆلەتنى دەپ مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدىڭىز، شۇڭا، ۋاشىنگتوندا قېلىپ ئوبدانراق ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك!

— ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن! ۋاشىنگتوندا بىرەر ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچساممۇ بولۇۋېرىدۇ!

ۋىلسون ئالدىنقى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا نىكاھلانغان بۇ چىرايلىق ئايالىنىڭ گېپىنى ئالدىراپ يىرالمايتتى. ئېدىتنىڭ يۇقىرىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ۋىرگىنىيە شتاتىغا قايتىپ كېتىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ ۋاشىنگتوننىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىن بىر داچا سېتىۋېلىشقا ھەمدە كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى.

— بۇ داچا بەك چىرايلىق ئىكەن! شارائىتىمىز ئاقسارايدا تۇرغان چېغىمىزدىكىدىن قېلىشمىغۇدەك. ئېدىت، مەن غايىۋى جەننەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇشۇنداق تىنچ مۇھىتنى بەك ياقتۇرىمەن!

ۋىلسون ئاتمىش ياشتىن ھالقىپ قالغان بولۇپ، ئاقسارايدا كۆپ بويىى سىياسىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن مالال بولۇپ يۈرگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ قارامتۇل ھەم ياداڭغۇ، سوزۇنچاق يۈزى ھەمىشە جىددىي ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمدىلىكتە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ يېنىكلەپ قالغان، جەنۇبىي كوچا 2340 - نومۇرلۇق قورۇدىكى ياپيېشىل چىملىقنى ۋە سۆسۈن رەڭلىك سىرىن دەرەخلىرى قاپساپ تۇرغان ئۆزگىچە پاسوندىكى داچىنى كۆرگەن بۇ بوۋاينىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. ئېدىت خانىم ۋىلسوننى يۆلىگىنىچە داچىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى.

— بەك تىنچ ئىكەن، ھەقىقەتەن بولىدىكەن!
داچىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئۆيلەرنى، قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك گىلەملەرنى، ئايال خىزمەتچىلەر سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەت-كەن ياغاچ پەلەمپەيلەرنى كۆرگەندە، بەدىنىنىڭ سول تەرىپىنى تەستە يۆتكەپ مېڭىۋاتقان ۋىلسون چىن قەلبىدىن رازى بولدى. بىراق، ئۇ پەلەمپەيگە زورۇقۇپ تۇرۇپ چىققان چېغىدىلا، ئۆز سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كەتكىنىنى يادىغا ئېلىپ، كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئېدىت خانىم غەمكىن ئۇھ تارتقىنىچە:
— ۋۇئودروۋ، ئەينى چاغدا مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بول-سىڭىز، بۇگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىڭىز. ئەمدىلىكتە دۆلەت ئۇچۇن شۇنچىۋالا جاپا چېكىپ، ئۆزىڭىزنى كېسەلچان ھەم پالەچ قىلىۋالدىڭىز! — دېدى.
— ھەي ...
ۋىلسون مېڭىشتىن توختاپ، دېمىنى رۇسلىدى. ئېدىت خانىمنىڭ ۋايساشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تىمەن چاغلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئەينى يىللىرى، ئۇ ياپپېشىل چىملىقلاردا مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭالايتتى. لېكىن، ئۇ 1919 ـ يىلى باھاردا فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىگە تىنچلىق يىغىنىغا قاتناشقىلى بېرىپ، ۋېرسال سارىيى-دا ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىگە سۆز قىلغان چېغىدا «خەلقئارا ئىتتىپاق» قۇرۇشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەيدان سىياسىي كرىزىسقا پېتىپ قالغان-دى. ئەسلىدە، ۋىلسون تەشەببۇس قىلغان «خەلقئارا ئىتتىپاق» فرانسىيىدىكى يىغىنغا قاتناشقان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. كىم بىلسۇن، ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم سىياسەتچىلەرنىڭ قەتئىي قار-شىلىقىغا ئۇچرىدى. پارلامېنتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئامېرى-كىنىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق»قا كىرىشىگە گۇمانىي پوزىتسىيە

تۇتتى. كېڭەش پالاتاسىنىڭ زور كۈچ بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشى ئاستىدا، زۇڭتۇڭ ۋىلسون ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكىنى «خەلقئارا ئىتتىپاق»قا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ بىرقانچە قېتىملىق ئاۋاز بېرىشتە ئۇدا ماقۇللۇقتىن ئۆتمىدى. بۇ «خەلقئارا ئىتتىپاق»نىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ۋىلسونغا قاتتىق ئار كەلدى، ئۇ ئامېرىكا «خەلقئارا ئىتتىپاق»قا كىرسە پايدىسى زور بولىدۇ. ئەڭ ئاساسلىقى، «خەلقئارا ئىتتىپاق» ئارقىلىق دۇنيانى كونترول قىلىپ تۇرالايدۇ دەپ قارايتتى. لېكىن يامان نىيەتلىك بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى، ھەر قېتىمقى ئىپادە بىلدۈرۈش يىغىنىدا ئۇنىڭغا قارشى ئاۋاز بېرىپ تۇرۇۋالدى.

— ياق، مەن ھەرگىز مۇرەسسە قىلمايمەن، مەن ئاخىرغىچە تىرىشىمەن! — ۋىلسون پارلامېنتتىكىلەرنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكىگە قاراپ تۇرالمايتتى. ئامېرىكىنىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق»نىڭ سىرتىدا قېلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئازابلىق ئىش ئىدى. بىر دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارلامېنتقا قارشى كۈرەش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ بىر خىل يېڭىچە تاكتىكا ئويلاپ چىقتى. ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىمەكچى، ئۆزىنىڭ فرانسىيەدە نېمىشقا «خەلقئارا ئىتتىپاق» قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق»قا كىرگەندىن كېيىن ئوينايدىغان رولىنى، «خەلقئارا ئىتتىپاق»نىڭ سىرتىدا قالسا تارتىدىغان زىيىنىنى ئۆز خەلقىگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى. پارلامېنتتا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن ۋىلسون ئەمدىلىكتە ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە قاراتقانىدى. ئۇ «تەشەببۇسۇمنى خەلق ئاممىسى قوللىسىلا، ئامېرىكا ئاخىرقى ھېسابتا ‹خەلقئارا ئىتتىپاق›قا ئەزا بولالايدۇ» دەپ قارايتتى.

بىراق، ۋىلسون پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەشنى قارار قىلىپ تۇرغان چېغىدا، ئېرىنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئېدىت خانىم ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقتى. يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان ئېرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يىگىلەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئېدىت خانىم:

— دۇنيادا سالامەتلىكتىنمۇ مۇھىم نەرسە يوق. شۇڭا ئاقسارايدا تۇرۇۋېرىڭ، خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىش - قاتناشماسلىقنى بۇنچىۋالا جىددىي قاراپ كېتىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ نەسىھەت قىلىۋېدى، ئۇنىڭ بۇ خىل پاسسىپ پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولغان ۋىلسون:

— ياق، مەن سىزگە ئوخشاشمايمەن. مەن دېگەن ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى، مېنىڭ قارىشىمچە زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۇنۇملۇك ئادا قىلىش ھەممىدىن مۇھىم! — دېدى.

ئېدىت خانىم ئۇنىڭغا قىلچە يول قويمىغان ھالدا:

— مەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا قىزىقمايمەن، مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم ئېرىم ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكى! — دەپ تۇرۇۋالدى.

ۋىلسون ئايالىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارلامېنتنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىدىن قەتئىي يانمىدى.

ئىلاجىسىز قالغان ئېدىت خانىم ۋىلسوننىڭ ئاقسارايدىكى ئىشەنچلىك دوختۇرى ۋېنئىلتونغا يېلىنىپ، ئۇنىڭ ۋىلسونغا خىزمەت ئىشلىشىنى ئۆتۈندى.

ۋېنئىلتون ۋىلسوننىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ بۇ قېتىمقى سەييارە نۇتۇق سۆزلىشىگە يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئۇ

ۋىلسوننىڭ كۈندىلىك قان بېسىمى ۋە قان سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتىن زۇڭتۇڭنىڭ مېڭە قان تومۇرىدا ھەرۋاقىت خەتەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى بايقىغانىدى. بولۇپمۇ يۇقىرى قان بېسىمى بار ياشانغان كىشى ئارتۇقچە ھاياجانلىنىش ۋە ھېرىپ - چارچاشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئىنتايىن مۇشكۈل سىياسىي ۋەزىيەت ئاستىدا تۇرغان ۋىلسوننىڭ ئايالى ۋە دوختۇرنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالىدىغان تۇرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ باش كۈزنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنى كەسكىنلىك بىلەن يولغا چىقتى! ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى جاپالىق ھەم خەتەرلىك بىر يول ئىدى. ۋىلسون ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋىرگىنىيە شتاتىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى نۇتقى ناھايىتى تېزلا ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا، ئۇ بۇ يولنى ئاخىرغىچە بېسىپ تۈگىتىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ خاس ماشىنا ئەترىتى بىلەن ئوخىئو شتاتى، كالىفورنىيە شتاتى ۋە تېكساس شتاتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ داۋاملىق نۇتۇق سۆزلىدى.

ۋىلسون يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا، ئۇ ئاممىغا پارىژدا ۋە ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئۆزى كۆپ قېتىم شەرھلىگەن ئاساسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«مەن تەشەببۇس قىلغان دۇنيا تىنچلىق تېزىسىنى ئون تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ! ئۇنىڭ مەزمۇنى: دىپلوماتىيىدە ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، ئوچۇق دېڭىزدىن ئەركىن پايدىلىنىش، خەلقئارا سودا پۇرسىتىدىن ھەممە ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىش، مۇستەملىكىلەرنى ئادىل بىرتەرەپ قىلىش، فرانسىيىنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈش، بالقان رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، بېلگىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈركىيىنى

بۆلۇۋېتىش، روسىيىنى ئەركىن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىدە ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پولشانى مۇستەقىل قىلىش، ئىتالىيىنىڭ يېڭى چېگرىسىنى بېكىتىش ھەمدە خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش دېگەنلەردىن ئىبارەت! كۆپچىلىك، مېنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشنى تەشەببۇس قىلىپ يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى مەقسەت — دۇنيادا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈندۇر. بىز خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرسەك، سودا ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور ئەركىنلىككە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئۆز تەسىرىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتەلەيمىز! ...»

ۋىلسون يول بويى توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ۋاشىنگتوندىن يولغا چىققاندىن تارتىپ بارغانلىكى يېرىدە، سۆزلىگەن نۇتقى خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بەزىدە ئۇنىڭ نۇتقى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالاتتى. سەپەر يېرىم بولغاندا، ئاقسارايىنىڭ دوختۇرى ۋېنئىلتون ۋىلسونغا ئەمدى بولدى قىلىشنى ئېيتتى. لېكىن سەپەرنىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ بولغان، ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن ۋىلسون ئامېرىكىنىڭ باشقا شتاتلىرىغىمۇ بېرىش نىيىتىدىن يانمىدى.

1919 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ ماشىنا ئەترىتى كولورادو شتاتىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە قىلغان سەپىرىدىكى بىر بېكەتلا ئىدى، خالاس. دوختۇر ۋېنئىلتون «بەك چارچاپ كەتتىڭىز، قان بېسىمىڭىزمۇ ئۆرلەپ قالدى، سەل ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سۆزلەڭ» دەپ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ۋىلسون روھىي كەيپىياتى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ بولغاچقا، كولورادو شتاتلىق ھۆكۈمەتكە يېتىپ بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىنلا، ھۆكۈمەت مەيدانىدىكى يىغىلىشقا قاتناشتى.

«مېنىڭ تەشەببۇسۇم ئامېرىكا خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ!
بىراق، پارلامېنتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر خەلق بىلەن قارشى
مەيداندا تۇرۇۋېلىپ، بىزنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشىمىزگە
قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ ئامېرىكا خەلقىگە قارشى ئېلىپ
بېرىلىۋاتقان جىنايەت ئەمەسمۇ!…»

ۋىلسون ئاممىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
سۆزلىمەكتە ئىدى. يول بويى توختىماي سۆزلەپ كەلگەچكە،
نۇرغۇن گەپلەر ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزىگە قايىللىق
نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئالدىدا ۋىلسون سۆز-
لىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ تازا تەسىرلىك
يېرىگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز بېشى قايغاندەك بولدى. ئېگىز كۆتۈ-
رۈلۈپ تۇرغان سول قولى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئاغزى-
دىن شالى ئېقىشقا باشلىدى ـ دە، يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى!

ئادەملەر توپى شۇ ھامان پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئاقسارايى-
نىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئالمان ـ تالمان ۋىلسوننى يۆلەپ تۇرغۇ-
زۇپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىگە
ناھايىتى تېزلا دىئاگنوز قويدى: ئۇ زىيادە چارچاپ كېتىش تۈپەي-
لىدىن سەكتە بولۇپ قالغانىدى!…

ئەمدىلىكتە، ۋاشىنگتوننىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىكى
2340 ـ نومۇرلۇق داچىدا تۇرۇۋاتقان سابىق زۇڭتۇڭ ۋىلسون
ئىككى يىل ئىلگىرى كولورادو شتاتىدا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ يىقىل-
غانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بەدىنىنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ
قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا قەلبى چەكسىز پۇشايمانغا تولدى.
ئۇ ئايالى ئېدىت خانىمغا تايىنىپ تۇرۇپ، ياغاچ پەلەمپەيدىن
زورۇققان ھالدا بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئۈستىگە ئۆرلىدى.
ئۇ ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە «ھايات دېگەن راستتىنلا غەلىتە بولىدى-
كەن! ئەگەر شۇ چاغدا ئېدىتنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالغان
بولسام، بۇگۈنكىدەك ئاقىۋەتكىمۇ قالماس ئىكەنمەن…» دەپ

پچىرلىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىچى كۆچلۈك بولغاچقا، بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقارمىدى.

## ئايالى ئۇنىڭ ئادۋوكات بولۇشىغا يول قويمىدى

جەنۇبىي كوچا 2340 ـ نومۇرلۇق قورۇدىكى تىپتىنچ تۇرمۇش بەكمۇ زېرىكىشلىك ئىدى.

ئالدىراش ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان ۋىلسون بىردىنلا شۈكلەپ قالدى. ئۇ بەزىدە بۇ خىل تىمتاسلىققا چىدىيالماي قالاتتى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى پەقەت ئېدىت خانىملا ئىدى. ئۇ ئېدىت خانىم بىلەن توي قىلىشتىن ئاۋۋال باستېرنىڭ قىزى ئېللىن لېۋىس ئاككېرسىسان بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن؛ ياش ۋاقتىدا خوپكىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، بىر قېتىملىق تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، چىرايلىق قىز ئاككېرسىسان بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ، مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇلار ۋىرگىنىيە شتاتىدا توي قىلدى! سەنئەت تالانتىغا ئىگە ئاككېرسىسان كېيىنكى كۈنلەردە جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋىلسون بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولدى. ۋىلسوننىڭ ئامېرىكا تارىخىدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بىردىنبىر زۇڭتۇڭ بولالىشىمۇ پۈتۈنلەي چېچەن ئاككېرسىساننىڭ مەدەت بېرىشى ۋە قوللىشىدىن بولغان. ئۇ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ئۈچۈنلا، ۋىلسون «ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ناملىق مەشھۇر ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ چىقىپ تەسىر قوزغىغان ھەم ئەينى چاغدىكى داڭلىق برىنمار ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغانىدى.

دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋىلسون يەنە شۇ ئايالىنىڭ قوللىشى ئاستىدا سىياسىي ساھەگە قەدەم قويدى. ئاككېرسىسان-

نىڭ «ئەگەر سىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نام قالدۇرماقچى بولسىڭىز،
ئىلىم ساھەسىدە تۇرۇۋەرمەي! ھۆكۈمەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك
ئەمەلدار بولسىڭىز، ئاندىن كېيىنكىلەر ئۇنتۇمايدىغان ئادەم بولا-
لايسىز!» دېگەن گېپى ھېلىمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ
تۇراتتى. دەل شۇ ئايالىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن، ۋىلسون ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يېڭى جېر-
سېي شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئىككى يىلدىن كېيىن،
ئۇ يەنە زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى ھەمدە ئاقسارايىنىڭ
خوجايىنى بولدى. دەرۋەقە، ئۇ ئاككېرسىسان خانىمنىڭ تىلىكى-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۇنياۋى داڭلىق شەخسكە ئايلانغانىدى.
لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەككە - يېگانە ئەھۋالدا قالدى.

ۋىلسون ئۆزىنىڭ يېڭى ئايالى ئېدىت خانىم بىلەن بىللە
كىچىككىنە ھويلىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئەينى يىلى سىياسىي
ساھەگە قەدەم باسقىنىدىن ئۆكۈنۈپ قالدى: «ئەگەر ‹پۇشايمان
خاتىرىسى› يېزىپ قالسام، ئەينى چاغدا ئىلمىي تەتقىقاتتىن ۋاز
كەچكىنىمگە ھەممىدىن بەك پۇشايمان قىلىمەن!» دەيتتى. ئې-
دىت گويا: «نېمىشقا؟ سىز زۇڭتۇڭلۇق ئورنىڭىزدا ئامېرىكا
ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىپ ئىشلىگىنىڭىزدىن پەخىرلىنەتتىڭىزغۇ؟»
دەپ سوراۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھاڭۋاققان ھالدا قاراپ قالدى. ۋىل-
سون: «ئىلگىرى مەن زۇڭتۇڭ بولسام ئۆز رولۇمنى تېخىمۇ
ياخشى جارى قىلدۇرالايمەن دەپ ئويلاپ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن
شۇغۇللانسام ئۇنىڭدىنمۇ زور نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلى-
قىغا سەل قاراپتىكەنمەن. ئەگەر ئەينى چاغدا ئۆزۈمنىڭ ئىلمىي
تەتقىقاتىمدىن ۋاز كەچمىگەن بولسام، بۈگۈنكى كۈندە يازغان
ئەسەرلىرىم بويۇم بىلەن تەڭلىشەتتىكەن!» دېدى.

ئۇ جەنۇبىي كوچىدىكى كىچىككىنە ھويلىسىدا ئاپتاپسىنىپ
ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىشلارنى پۇشايمان ئىچىدە ئەسلىگەن چېغى-
دا، مەرھۇم ئايالى ئاككېرسىسان ئىختىيارسىزلا يادىغا كېلىپ

قالاتتى. ۋىلسون كېيىنچە ئۇنىڭ كېيىنگە كىرىپ سىياسىي ئىشـ-
لار بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئائىلىدىن ئايرىلغاندىن كې-
يىن، مەرھۇم ئايالى بىلەن ئائىلىدا بىللە ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن
كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ «ھو-
قۇق تۇتۇپ، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، بۇ
ئاككېرىسساننىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم ئامېرىكىنى
خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرگۈزەلمىدىم» دەپ قارايتتى.

ۋىلسون كەچكى شەپەقنىڭ خىرە يورۇقىدا سېرىن دەرەخلە-
رى ئورىۋالغان كۆل رەڭ داچىسىغا قارىغىنىچە ئائىلىدىكى
ئىشخانىنى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى مەخسۇس زۇڭتۇڭ ۋە
ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەرنى خىيال قىلىپ تۇراتتى.

«سىياسىي دېگەن شەپقەتسىز ھەم قورقۇنچلۇق بولىدۇ،
لېكىن، سىياسىي بىلەن شۇغۇللانغان ئادەممۇ خۇشاللىقتىن بەھ-
رە ئېلىشى كېرەك.» بۇ مەرھۇم ئايالىنىڭ ئەينى يىللاردىكى
سۆزى ئىدى. ۋىلسون ئۆزىنىڭ دەسلەپ ئائىلىگە كىرىپ، سى-
ياسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىگەن
چاغلىرىدا، ئاككېرىسسان خانىم ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئۈچ قىزى
بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ھەرگىزمۇ
ئۇنتۇيالمايتتى. ئاككېرىسسان خانىم ئۇنىڭغا پىئانىنو چېلىپ
بېرەتتى، گۈدەك ئۈچ قىزى ئۇنى چۆرىدەپ ناخشا ئېيتاتتى ياكى
شېئىر دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئائىلىدىكى بۇ كىچىككىنە ئائىلە
ناھايىتى ئېجىل ھەم ئىللىق كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. بىراق،
ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى، 1914 ـ يىلى يازدا، ئۇنىڭ
بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان ئاككېرىسسان خانىم
كېسەل بىلەن بىرلا يىقىلغان پېتى ئورنىدىن تۇرالماي، ئۇ ئالەم-
گە كېتىپ قالدى.

ئايالىنىڭ ئۆلۈمى سىياسىي سەھنىدىكى ۋىلسون ئۈچۈن
تولىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە

تەڭرى ئۇنىڭغا ئېرىدىن تۇل قالغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى سايە قىلدى! ئۇ ۋاشىنگتوندىكى بىر چوڭ ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرىنىڭ تۇل قالغان ئايالى ئېدىت خانىم ئىدى! ۋىلسونغا ئوخشاشلا ئۆز جورىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئېدىت چىرايلىق، نازاكەتلىك ئايال بولۇپ، يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، كىشىنى يەنىلا جەلپ قىلغۇدەك خۇلق - مىجەزگە ئىگە ئىدى. ئېدىت خانىمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاقسارايدىكى جىمىپ قالغان ۋىلسون ئائىلىسى قايتىدىن جانلاندى!

تېپىنىچ داچىدا تۇرۇۋەرگەنسېرى، ۋىلسوننىڭ ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى. ئۇنى پەقەت ئاقسارايدىكى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بىرنەچچە بۇرادىرىلا پات - پات يوقلاپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك كېلىدىغىنى ۋىلسوننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئىدى.

ئۇ كەلسە، ۋىلسوننىڭ كەيپىياتى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. بىر كۈنى ۋىلسون ئۆزىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىغا:

— بىز مۇشۇ ئولتۇرغانچە جىمىپ كېتىمىزمۇ؟ سىياسىي ھاياتىمىز ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىرەر ئىجتىمائىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانساق بولمامدۇ؟ — دېدى.

سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىمۇ شۇنداق ئويدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

— ئالىيلىرى سىياسىي ساھەگە كىرىشتىن بۇرۇن نەچچە يىل ئادۋوكاتلىق قىپتىكەنسىزغۇ؟ ئەگەر ھازىرمۇ خالىسىڭىز، بىز ۋاشىنگتوندا بىر ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچىدىغان بولساق، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن، ھەتتا ئاقسارايدا تۇرغان ۋاقتىڭىزدىكىدىنمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىڭىز مۇمكىن! — دېدى.

بۇنى ئاڭلىدىغان ۋىلسون ئىنتايىن خۇش بولدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن سافا تۇتقۇچىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ياخشى! ياخشى پىلان بولدى! مەن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي تىتىلداپ يۈرگەنتىم. ئەگەر ئىشلار سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولىدىغانلا بولسا، ئادۋوكاتلىق ئورنى ئاچايلى! ئۇ چاغدا مەنمۇ خەلقنىڭ دەرد ـ ھالىغا ئانچە ـ مۇنچە يېتەلىگۇدەكمەن! — دېدى.

سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى:

— سىزنىڭ نامىڭىزنى قوللانساقلا بولىدۇ. سىزنىڭ ۋىلسون دېگەن ئىسمىڭىزنى نام قىلىپ قوللانساقلا بولىدى. چۈنكى، ھەر-قانداق جەمئىيەتتە داڭلىق شەخسلەرنىڭ قۇدرىتىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ھەتتا پۇل بىلەنمۇ سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا «ۋىلسون ئادۋوكاتلىق ئورنى» ئۇزۇن ئۆتمەيلا تىجارەت باشلىدى. بىراق، ۋىلسون ئۇ يەرگە ئىشلىگىلى جابدۇنغان چېغىدا، ئايالى ئېدىت خانىمنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

— سىز قانداقلا بولمىسۇن ئامېرىكا تارىخىدىكى ئۇدا ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتىگەن زۇڭتۇڭ، مەن ئىلگىرى زۇڭتۇڭلۇقنى بەك ۋاي دەپ كەتمەيمەن دېگەن بولسامۇ، سىز يەنىلا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ۋەزىپىڭىزدىن قالغان بولسىڭىزمۇ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرسىڭىز بولماي-دۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەندە سىزنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى خا-تىرجەم ئۆتكۈزۈشىڭىزگە يېتىپ ئاشقۇدەك پۇل بار!

ۋىلسون ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكچى بولدى:

— قەدىرلىكىم ئېدىت، ھازىر مېنى ھەممىدىن بەك چۈشەـ نىدىغان ئادەم سىز، مېنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىم بىلەن

ئادۋوكاتلىق ئورنى ئېچىشىم ھەرگىزمۇ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئە-
مەس. قولىمىزدا يېتىپ - ئاشقۇدەك پۇلنىڭ بارلىقىنى بىلد-
مەن، بىكارچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىمەن!
ئېدىت ئۇنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىگە قايىل بولمىدى:
— سىز دېگەن بىر سىياسەتچى، مەشھۇر ئادەم. سالاھىيىتىد-
ڭىز ئاشۇنداق ئالاھىدە بولغاندىكىن، بۇ خىل زېرىكىشلىك تۇر-
مۇش مۇھىتىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك! مەيلى قانداق چاغدا
بولسۇن، سىز ئەمدى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ
بارسىڭىز بولمايدۇ!
ۋىلسون تىت - تىت بولۇپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ
ئايالىدىن ئۆزىنىڭ بۇ تالىلىشىنى قوللىشىنى ۋە چۈشىنىشىنى
قايتا - قايتا ئۆتۈندى.
بىراق، ئېدىت خانىم ئۆز پىكرىدە قەتئىي چىڭ تۇرىۋالدى:
— مەن سىزگە بوپتۇ، ئادۋوكاتلىق ئورنىغا بارسىڭىز بې-
رىڭ، دېگىنىم بىلەنمۇ، سىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ سول تەرىپى
ھەرىكەتلىنەلمىسە، ھەر كۈنى ئىشقا قانداق بارىسىز؟
ئۇ ۋىلسوننىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغانىدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئامېرىكىنىڭ سورۇنلارغا بېرىپ ئىشلەش
نىيىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ۋىلسون سىرتقا چىقىمەن دېگەن گەپ-
نى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالمىدى. ئۇ رېئاللىقتا يۈزلەنمىسە
بولمايتتى. ھېلىقى چاغدىكى سەييارە نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىدە
ئۇنىڭ بەدىنى ئۇزۇل - كېسىل نابۇت بولغانىدى.
ۋىلسون باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۈندىلىك
ۋاقتىنى بىكارچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، سىرتلارغا چىقىش ئويىد-
دا بولمىدى.
بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇ قېرىپ كەتتى. بۇرۇنقى ئېلىپ-
تەك تۇز قەددى ئېگىلىپ، سېپى ئۆزىدىن بوۋايغا ئايلىنىپ
قالدى!

# ئوغۇشسىز شارائىتتا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

1923 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان خاتىرە كۈن يېتىپ كەلدى. ۋىلسون جەنۇبىي كوچا 2340 ـ قورۇدىكى داچىسىدا چەكسىز شادلىققا چۆمدى!

بەش يىل ئاۋۋالقى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدا ئولتۇرۇۋاتقان ۋىلسون ئامېرىكا ئارمىيىسى-گە فرانسىيىگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى ۋە گېرمانىيىدە ئىنقىلاب پارتلىشىنى تېزلەتكەنىدى. پۈتكۈل ۋاشىنگتون بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن بۈگۈنكى كۈندە، بەدىنى يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان بۇ سابىق زۇڭتۇڭمۇ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى.

داچىدا تۇرۇۋاتقاندىن بۇيان، ۋىلسون بۇنچىلىك ھاياجانلى-نىپ باقمىغانىدى. ئۇ ناشتىدىلا، ئايال خىزمەتكارغا دەپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەررى سېلىپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى بىلەن كۈچلۈك مادوررى ھارىقىنى ئەكەلدۈردى. 1919 ـ يىلى كۈزدە ۋىلسون كولورادو شتاتىدا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ سەكتە بو-لۇپ قالغاندىن بېرى، ئايالى ئېدىت خانىم ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشى-نى ئىزچىل چەكلەپ كېلىۋاتاتتى.

— بۈگۈن بىر رۇخسەت قىلىڭ، چۈنكى، مەن بەك خۇشال. بۇنداق پەۋقۇلئاددە مىنۇتلار ھەدېگەندىلا كېلىۋەرمەيدۇ!

ۋىلسون تەختتىن چۈشۈپ، جىمجىت تۇرمۇشقا قايتقاندىن كېيىن، ئېدىت خانىم ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئېرىنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ھاراققا قەتئىي يېقىن يولاتمىغانىدى. چۈنكى ئۇ ئەينى چاغدا ۋىلسون كولورادو شتاتىدا سەكتە بولۇپ قېلىپ، ئاقسارايغا جىددىي قاي-تۇرۇپ كېلىنگەن ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى.

شۇ چاغدا، ئۇ ئېرىنىڭ نۇرغۇن مۇساپىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىمىغان يەردىن يېرىم پالەچ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەنىدى.

— سىز خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئىشىنى دەپ جېنىڭىزنىمۇ سېلىپ بەرمەكچىمۇ؟ — ئېدىت خانىمنىڭ ئىدىيىسى ئېرىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ مۇھىم بىلىدىغىنى زۇڭتۇڭنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ئەمەس ئىدى. ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ۋىلسونغا ياتلىق بولغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ ۋىلسوننىڭ ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس سالاپىتى ۋە مول بىلىمىگە چىن كۆڭلىدىن مەپتۇن بولغانىدى. شۇڭا، ئېرىنىڭ ئامېرىكىنى «خەلقئارا ئىتتىپاق»قا ئەزا قىلالماي ئۆزىنىمۇ بىراقلا تۈگەشتۈرۈۋالغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق ئازابلانغان ھالدا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتتىگە كەسكىن چەك قويىدى.

سەكتە بولۇپ قالغان دەسلەپكى ئىككى ئايدىن بېرى ۋىلسوننىڭ ئېغىر خەۋپ ئىچىدە ياتقانلىقى ئېدىت خانىمنىڭ يادىدا ئىدى. كېيىن دوختۇرلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى ئاستىدا، ۋىلسوننىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئاستا - ئاستا ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى ساغلام ھالىتىگە قايتالمىدى. بەدىنىنىڭ سول تەرىپى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالغاچقا، ئايالى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن ماڭىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

«مەن خىزمەت قىلىمەن! پارلامېنتنىڭ مېنىڭ ئامېرىكىنى خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكرىمگە قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك!»

ۋىلسوننىڭ سالامەتلىكى ناچار بولغاچقا، ئېدىت خانىم پارلامېنتنىڭ ئۇنىڭ تەكلىپ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەرنى قاتتىق كونترول قىلغان، كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنىڭ

ئېرىنىڭ روھىي ئازابىنى يەنىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقانىدى. لېكىن، 1920 ـ يىل ئەتىيازدا ۋىلسوننىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سەل ـ پەل ياخشىلانغان-دا، ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئۇ ئىشنى تۈيۈقسىز يەنە تىلغا ئېلىپ قالدى.

— سىز ھازىر ساقسىز بولغاندىكىن، باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرۇڭ! — دېدى ئېدىت خانىم.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىش ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ۋىلسون ئۆز سالامەتلىكىنى قايرىپ قويۇپ، ھەرقايسى شتاتلاردا سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، پارلامېنتنىڭ يول-سىز قىلمىشىنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى پەملەپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ پارلامېنتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۆزىگە ۋاكالىتەن خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن زۇڭ-تۇڭ بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنى يېنىغا چاقىرتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۇ ئىككىسى ھەقىقىي ئەھۋالنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى: پارلامېنت ئەڭ ئا-خىرقى ئاۋاز بېرىشتە، كۆپ سانلىق ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن، ئامېرىكىنىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق» قا كىرىشىنى ماقۇل-لىمىغانىدى!

بۇ ۋىلسونغا يەنە بىر قېتىملىق روھىي زەربە بولدى. خېلى-دىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىدە يېنىپ كېلىۋاتقان كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنىمۇ شۇ ھامان غايىب بولدى. ئۇنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيانقى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كۆپۈككە ئايلانغانىدى! ئۇ پارلا-مېنتتىكى ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەردىن نەپرەتلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ قولىدىكى زۇڭتۇڭلۇق ھوقۇقىنى ئۈنۈم-لۈك يۈرگۈزەلمىگەنلىكىدىن چوڭقۇر ئۆكۈندى. لېكىن ئۇ ئې-

دىت خانىمنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك، بۇ مەغلۇبىيەت ئالدىدا بىراقلا تۈگىشىپ كەتمىدى.

«ياق، مەن يەنە ئىشلەيمەن، ئاشۇ بىر ئوچۇم بەتنىيەتلەر بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىمەن!» ۋىلسونىنىڭ شۇنچىۋالا ئېغىر زەربە ئالدىدا يىقىلىپ قالماي، بەلكى كېسەل كارىۋىتىدىن تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېدىت خانىم پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

ۋىلسون ئاقسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىدا يەنە پەيدا بولدى، بۇ 1920 - يىل 2 - ئاينىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ئىدى. ئۇ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كابىنېت ئەزالىـرىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

«پارلامېنت ئاخىرقى ھېسابتا كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ئامېرىكىنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىن مەڭگۈ ئايرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، مەن مۇشۇ ئورنۇمدىلا بولىدىكەنمەن، ھەرقايسى كابىنېت ئەزالىرىملا بولىدىكەن، خەلقئارا ئىتتىپاق بىلەن يەنىلا دوستانە ھەمكارلىق ئورنىتىمەن! تاكى تەختتىن چۈشكىنىمگە قەدەر شۇنداق قىلىمەن!»

ۋىلسون ھۆكۈمىتى دەرۋەقە ئۇنىڭ مۇشۇ تەۋرەنمەس ئىدىيىسى بويىچە «خەلقئارا ئىتتىپاق» بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. خەلقئارادىكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئىشلاردا، ۋىلسون ھۆكۈمىتى ئۆز رولىنى باشتىن - ئاخىر ئاكتىپ جارى قىلدۇردى. بەزىدە، ۋىلسون ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن «خەلقئارا ئىتتىپاق» نىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى. لېكىن، ئاقسارايدىكى بۇ يېتۈك ئىستراتېگىيىچىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ تەختتىن چۈشكىچىمۇ، ئامېرىكا «خەلقئارا ئىتتىپاق» قا رەسمىي ئەزا بولالمىدى! بۇ ۋىلسونىنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت بولۇپ قالدى.

ۋىلسون ئامېرىكىنىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق» قا مەڭگۈ ئەزا

بولالمىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ يۈرگەن چېغىدا، يەنە بىر ئېغىر روھىي زەربىگە دۇچ كەلدى! 1920 ـ يىلى قىشتا، ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ سايلىمىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئەسلىدە، «خەلقئارا ئىتتىپاق» نىڭ ئىشى بولمىغان بولسا، ۋىلسون ئۆزىنىڭ خەلق ئىچىدىكى يۇكسەك ئىناۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغقىدىچە ئامېرىكا تارىخىدا تېخى ھېچكىم ئۇچ قېتىم ئۇدا زۇڭتۇڭ بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ۋىلسون ئۆزىنىڭ سايلامدا يەنە يېڭىپ چىقىپ، مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى! كىم بىلسۇن، ئۇ ئامېرىكىنى «خەلقئارا ئىتتىپاق» قا كىرگۈزۈش ئۇچۇن سەييارە ئۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا سەكتە بولۇپ قالغاچقا، يۇقىرىقى پىلانى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. 1920 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلام يېتىپ كەلگەندە، ۋىلسون يېرىم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ سايلام نۇتقى سۆزلىگۈدەك ھالى قالمىغان بولغاچقا، دېموكراتلار پارتىيىسى كوكسىنى زۇڭتۇڭ نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. ۋىلسون ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى!

ئاقسارايدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدىغان ئاخىرقى پەيتلەردە، زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ھېلىقى يىلى تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن ئاقسارايغا كىرىپ، بۈيۈك پىلانلىرىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان ھەم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان چاغلىرىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىقلارغا پەقەتلا چىدىيالماي قالدى. ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئېدىت خانىمغا مۇنداق دېدى:

— ئېدىت، دۇنيادا ئادالەت دېگەن نەرسە زادىلا قالمىغانمىدۇ؟ مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان، دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلدىم. مەن تۈزگەن

بەزى يېڭى سىياسەتلەرنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزگىنىنى بىلمەن. ئالايلۇق، «يېڭى تاموژنا بېجى قانۇنى»، «فېدېراتسىيە زاپاس ساقلاش قانۇن لايىھىسى» ۋە «تووراسقا قارشى قانۇن» دېگەنلەر-نىڭ ھەممىسى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى، خەلق ئۇلاردىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. لېكىن، ھازىر مەن ئۇ-چۇن لىللا گەپ قىلىدىغان بىرەرىنىڭ چىقمىغىنى نېمىسى؟

ئېدىت خانىم ئېغىر روھىي ئازابقا دۇچار بولغان ئېرىگە تەسەللى بەردى:

— باشقىلارنىڭ سىز ئۇچۇن لىللا گەپ قىلىشىنىڭ، سىز-گە ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سىزنى چۈشەنسەملا، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك!

ۋىلسون ئېدىت خانىمنى باغرىغا چىڭ باستى. بۇ ئىككىنچى ئايالى ئۇنىڭ قېرىغان مەزگىلىدىكى ھەقىقىي سىردىشى ۋە روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

ۋىلسوننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يۈكسەك ئابرۇيى تۆۋەنلىگەن، پارلامېنت بىلەن فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈ-شىنى رەھىمسىزلەرچە كۈتۈپ تۇرغان ئاشۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەر-دە، خەلقئارادىكى دوستلىرى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى!

1920 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاشىنگتوندا ئىنتايىن سوغۇق بىر كۈن بولغان بولسىمۇ، چەت ئەلدىن كەلگەن بىر خۇش خەۋەر جىمىپ كەتكەن ئاقسارايىنى تەۋرىتىۋەتتى: خەلق-ئارا نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتى زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ «خەلقئارا ئىتتىپاق»نى قۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1919 ـ يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى تەختتىن چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان بۇ زۇڭتۇڭغا بەرگەنىدى! شۇ كۈنى كەچتە، ئاقساراي قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى!

«ياشىسۇن ۋىلسون!»

ۋىلسوننىڭ كابېنت ئەزالىرى، ياردەمچىلىرى سول پۇتىنى

تەسلىكتە يۆتكەپ مېڭىۋاتقان ۋىلسوننى ئارىغا ئېلىۋالغىنىچە خۇ-
شاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. ۋىلسوننى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇ-
نىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بۇ كىشىلەرنى نوبېل مۇكاپاتى ئۇ-
چۈن تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، ھەققانىيەتنىڭ يەنە ۋىل-
سون تەرەپتە تۇرغانلىقىغا تـەنتەنـە قىلىۋاتـدۇ دېگـەن تۇزۇك
ئىدى.

ۋىلسون نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىدىن كېلىدىغان زور ئىقتى-
سادىي مەنپەئەتكە ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمىدى، ھەممىدىن مۇ-
ھىمى، ئۇنىڭ ئامېرىكىنى «خەلقئارا ئىتتىپاق» قا ئەزا قىلىش
ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى
ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ،
خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇنى ئالىي مۇكاپات بىلەن تارتۇقلىغانلى-
قىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۇنىڭغا ئاجايىپ زور تەسەللى بولغان-
دى. شۇ كۈنى كەچتە، خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەل-
مىدى. ئۇ ئېدىت خانىمغا:

— ئېدىت، بىز ئـاخىرقـى ھېسابتـا يـەنـىلا غـەلىبـە
قىلدۇق! — دېدى.

ۋىلسون نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى ئېلىپ ئاقسارايدىن ئاي-
رىلدى! بۇ ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك مىنۇتلىرى بولۇپ قالدى.

ئەمدىلىكتە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان خاتىرە
كۈن يېتىپ كەلگەندە، ۋىلسون خۇشلۇقىنى باسالماي بىرەر قە-
دەھ ئىچىپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ئايالى ئېدىت خانىم قوشۇلمى-
غان بولسىمۇ، قەلبى چوڭقۇر ھاياجانغا تولغان ۋىلسون ئىچمەن
دەپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشى-
شىغا ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا زۇڭتـۇڭى ۋىلسـونمۇ تـۆھپە
قوشقان ـ دە!

ۋىلسون بىرنەچچە قەدەھ ھاراق ئىچىپ، غەلىبە تەنتەنىسى-
نىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇرغان چېغىدا، ئۇنىڭ قورۇسى ئالدىدا
تۇيۇقسىز شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى.

## بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان خاتىرە كۇنىدە سۆز قىلدى

ۋىلسون ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چۆچۈپ كەتتى.

چۈنكى، ئۇ 1921 ـ يىل 3 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ۋاشىنگتوننىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىكى 2340 ـ نومۇرلۇق قورۇغا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى، بۇ كىچىككىنە ھويلىدا ئەزەلدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلمىگەن، ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ باقمىغانىدى. بىراق بۈگۈن بىر توپ ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىۋالغىنى قانداق گەپ؟ ئېدىت خانىم بىردەمدىلا چۈشەندى. ئەسلىدە، ۋىلسوننى ھىمايە قىلىدىغان بۇ بىر توپ ئادەم بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان خاتىرە كۇنىدە سابىق زۇڭتۇڭ ۋىلسونغا ھۆرمەت بىلدۈرگىلى كەلگەنىدى!

«ۋىلسون ئەپەندى، بىز سىز بىلەن كۆرۈشىمىز!»

«كېيىنكى ئۆمرىڭىز بەختلىك ئۆتكەي!»

«ۋىجدانلىق ئامېرىكىلىقلار سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ!»

«سىزنىڭ تۆھپىلىرىڭىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!»

......

كىچىككىنە قورۇ ئادەم بىلەن لىق تولدى، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ھال سوراشلىرى ئۇستۇنكى قەۋەتتە ناشتا قىلىۋاتقان ۋىلسوننىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

— ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن، ھازىرلا چىقاي!...

ۋىلسوننىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بايىلا بىرنەچچە قەدەم ھاراق ئىچىۋالغاچقا، ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزى ئازاردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئېدىت خانىم ئۇنىڭ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلمىدى ھەمدە ئەنسىرىگەن ھالدا ئۇنى توسۇپ تۇرۇپ:

— سىز هاراق ئىچىۋالدىڭىز، ئارتۇقچە هاياجانلىنىپ كەتتىڭىز بىرەر ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

بىراق، قورۇدىكى كىشىلەر قىزغىن كەيپىياتتا ۋارقىرىشىپ تۇرغان بۇنداق ئەهۋالدا، ۋىلسون ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالسا قاملاشمايتتى. نىهايەت، جاهىل ئېدىت خانىممۇ ئۇنىڭغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى هەمدە ئايال خىزمەتكار ئىككىسى ۋىلسوننى ئوڭ ـ سول تەرەپتىن يۆلەشتۇرۇپ، داچىنىڭ بالكونىغا ئاچىقتى!

بۇ — ۋىلسوننىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئامما بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشى ئىدى. ئۇ بالكونغا چىقىپ، قورۇدىكى ئۆزىگە هۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان بىرنەچچە يۈز كىشىنى كۆرگىنىدە، چىرايىدا خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. ئۇ بىر قولىنى كۆتۈرۈپ، جامائەتكە سالام ئىشارىسى قىلدى.

شاۋقۇن ـ سۈرەن قىلىپ تۇرغان ئامما بىردىنلا تىنچلىنىپ قالدى. ۋىلسونمۇ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئاددىي ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ نېمىشقا بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىكى بۇ جىمجىت تۇرالغۇسىغا توپلاشقانلىقى، نېمىشقا ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ ئايان ئىدى.

ۋىلسون ئۇلاردىن ناهايىتى تەسىرلەندى. شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاللىبۇرۇن تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن زۇڭتۇڭنى يادىغا ئالغانلىقى — ئۇنىڭ مۇشۇ كۈن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ۋىلسوننىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ تىنچلىقنى تېزراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1917 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇرۇشنامىگە ئىمزا قويغان؛ ئامېرىكا

ئەسكەر چىقىرىپ بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش بولغانىدى. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا ھەربىي كۈچكە تايىنىپلا ئۇرۇشنى ئەڭ تېز سۈرئەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلسون ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىگە ئۆزىنىڭ مەشھۇر «ئون تۆت نۇقتىلىق تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەرقايسى تەرەپلەرنى مۇشۇ ئاساستا تېزدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئۈندىگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا، ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەرقانداق تەرەپنىڭ قورالنى تاشلىغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئاشۇنداق مۇشكۈل ئەھۋال ئاستىدا، ۋىلسون ئوتتۇرىغا قويغان «ئون تۆت نۇقتىلىق تەكلىپ» ئالاھىدە رول ئوينىغاچقا، 1918 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدە، ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئاشۇ «ئون تۆت نۇقتىلىق تەكلىپ» ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش توختىتىپ، تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويغانىدى!

«ۋىلسون ئەپەندى، ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، ئۇ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش قاچانمۇ ئاياغلىشاتتىكىن؟! يەنە قانچىلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتەر بولغىيتتى؟!»

جىمجىت تۇرغان ئادەملەر توپىدىن تۇيۇقسىزلا بىرىنىڭ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ھەممىسى بالكوندا تۇرغان ۋىلسونغا قىزغىن تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ توۋلىشىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ، جىم يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىل بولغان ۋىلسون ئۆزىنى تۇتالماي قالدى - دە، ئۆزىگە چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان بۇ ھىمايىچىلىرىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، خانىملار، ئەپەندىلەر! مېنى ھېلىھەم ئۈن-

تۇپ قالمىغىنىڭلاردىن كۆپ مىننەتدارمەن! مەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئالىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەم ئىدىم، بىراق، ئۇرۇش توختىتىلغان بۇگۈنكىدەك خاتىرە كۈنىدە، سىلەر قولىدا ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان مەندەك بىر ئادەمنى ئېسىڭلەرگە ئېلىپسىلەر. بۇ كارامەت ئىش بوپتۇ، سىلەرگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت!

كىشىلەر توپى يەنە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇۋلىشىپ كەتتى. ۋىلسون ئاخىرىدا ئۇنلۇك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۇزۇن سۆزلىيەلمەيمەن. بىراق، بۇگۈنكىدەك ئۇنتۇلغۇسىز بايرام كۈنىدە، مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن ئۆز تەشەببۇسىنىڭ غەلىبىسىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. خۇددى تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە ئوخشاش، بىز ھامان غەلىبە قىلىمىز!

كىچىككىنە مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ئېدىت خانىم ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى! ۋىلسون قاق سەھەردە ھاراق ئىچكەن، ئاندىن قورۇسىغا توپلاشقان ئاممىغا ھاياجان ئىچىدە سۆز قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سەكتە كېسىلى يەنە قوزغالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۇ كولورادو شتاتىدا سۆزلىگەن چاغدىكىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. كېسەل قوزغالغاندىن تارتىپلا ئۇ ھوشىغا كېلەلمەي، خۇددى تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك بىر خىل بىھوش ھالەتتە يېتىپ قالدى. ئېدىت خانىم قانچىلىك چىقىم كېتىشىگە قارىماي، ۋاشىنگتوندىن داڭلىق دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۇنى جىددىي داۋالاتقان بولسىمۇ، ۋىلسوننىڭ ئەھۋالىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى.

1924 - يىلى يېڭى يىلدىن كېيىن، ۋىلسوننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئىككىنچى فېۋرالتىكى ھۆجرا

ئۆيدە چىراغ كىچە ـ كۈندۈز يورۇق تۇراتتى. ئېدىت خانىم نەچچە كۈن ئۇدا ئېرىنىڭ يېنىدا كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاينىتىلغان سۈت ئىچۈردى. بەزىدە ئۇ ۋىلسوننىڭ قۇلىقىغا مېھ-رىبانلىق بىلەن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ھالبۇكى، ۋىلسون كۆزىنى پەقەتلا ئاچمىدى.

خېلى يىللار ئىلگىرى، ئېدىت خانىم ۋىلسونغا تېخى ياتلىق بولمىغان چاغلار ئىدى. ئېدىت خانىم بىر يازغۇچىنىڭ كىتابىدىن ئۇنىڭ زۇڭتۇڭ توغرىسىدىكى مۇنۇ تەسۋىرىنى ئوقۇغانىدى: «ۋىلسوننى كېلىشكەن ئەر دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان، كۆزلىرى كۆكۈچ، لەۋلىرى قېلىن، ئېغى-زىدىن سەزگۈرلۈكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئەركەك، بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن، بۇنداق ئېغىز شەكلى ئەڭ مۇۋاپىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قېشىمۇ ئاياللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يۈز قۇرۇلمىسىدىن بىر خىل شەپقەتسىز كۈچ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاستىنقى ئېڭىكى كىشىگە ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادىگە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە جەسۇر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ!...»

ئېدىت ھېلىقى يازغۇچىنىڭ كىتابىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلى-مى ئاستىدىكى يۇقىرىقى تەسۋىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ۋىلسون-نى تونۇغان ھەم ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ ئېرىدىن يېقىندىلا تۇل قالغان باي ھەم چىرايلىق ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىزىقىدى-غان ئەرلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. بىراق، ئېدىت ئاقسارايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋىلسوننى تاللىدى. ئۇ ۋىلسوننىڭ قولىدىكى ھوقۇققا قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى دەل ۋىلسوننىڭ ئەركەكلەرگە خاس سېھرىي كۈچكە ئىگە ئاشۇ چىرايى ئىدى!

ۋىلسون كارىۋىتىدا ئەزرائىلنى كۈتۈپ ياتاتتى. سۇس چىراغ نۇرى بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

بۇ چىرايدا هازىر ھېلىقى يازغۇچى تەسۋىرلىگەن ئەركەكلەرگە خاس سېھرىي كۈچتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئېدىتنىڭ نەزىرىدە، ۋىلسون باشقىچىلا بىر ئادەمگە، بىر ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

بىھوش ياتقان ۋىلسون ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئېدىت خانىم بىلەن ئۇنسىز پاراڭلىشىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى! ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى: «نەچچە يىلدىن بېرى سىز يېنىمدا بولمىغان بولسىڭىز، مەن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم! مەن تەڭرىنىڭ سىزنى — بىر شەپقەت ھەمشىرىسىنى يېنىمغا ئەۋەتكەنلىكىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىز مېنىڭ قەلب يارامنى ساقايتتى! ...»

1924 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ۋىلسون تىنىقتىن قالدى!

ۋىلسون ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاشىنگتوندىكى چوڭ چېركاۋغا دەپنە قىلىندى. ئۇ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن تۇرغان جەنۇبىي كوچىدىكى 2340 ـ نومۇرلۇق قورۇ ھازىرقى دۆلەت خاتىرە سارىيى بولۇپ قالدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

36位美国总统的最后岁月/窦应泰著，阿里木江·阿扎提译.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.1
ISBN 7-5371-4320-X

Ⅰ.3… Ⅱ.①阿… Ⅲ.总统—生平事迹—美国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K837.127

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第079039号

责任编辑：麦苏提·哈力提
伊力哈尔江·沙迪克
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 36 位美国总统的最后岁月(3)

(维吾尔文)

**窦应泰** 著

**阿里木江·阿扎提** 译

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 8.75 印张
2003 年 1 月第 1 版 2003 年 1 月第 1 次印刷
印数：1—2000

ISBN7－5371－4320－X/I·2009 定价:9.50 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# 36 نەپەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى




ISBN 7-5371-4320-X
9 787537 143202 >

ISBN7-5371-4320-X
(民文)　定价:9.50 元
(1 —— 4 总价:38.00 元)